ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# بۇلبۇلگويا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09850-7
9 787228 098507 >
定价：17.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# بۇلبۇلگويا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事.1/维吾尔民间文学大典编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978-7-228-09850-7

Ⅰ.维…Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第010422号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间故事—1**(维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.375印张 2插页
2006年2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001—7,000

ISBN 978-7-228-09850-7　定价：17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## بۇلبۇلگويا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 ملليمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1.001 ـ 7.000
ISBN 978-7-228-09850-7
باھاسى: 17.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


چىن تۆمۈر باتۇر ........................1

مەستان كەمپىر ........................18

ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا ......................41

بۇلبۇلگويا ...........................................60

ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا ....................79

كومۇلەك پالۋان ....................................92

قىلىچ ئۆمەر ........................................103

مىڭكۇ باتۇر ........................................138

تۇرمەك چاقىقان ....................................201

كەنجى باتۇر ........................................219

قەھرىماننىڭ قىسسىسى ........................238

# چىن تۆمۈر باتۇر

قەدىمكى زاماندا ئەلى ئىقلىمىدا چوڭ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىككى خوتۇنى بولسىمۇ، ئەمما پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىكەن. ئۇ خاپىلىقىنى بېسىش مەقسىتىدە ھەر دائىم شىكارغا چىقىپ تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ئاي، كۈنلەر ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى ھامىلىدار بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ شىكارغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتكەندە، كىچىك خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىراق، پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى ئىچى تارلىق قىلىپ، بالىنى كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە، چوڭ خوتۇنى ئالدىغا چىقىپ:

— ئى پادىشاھىم، كىچىك خوتۇنلىرى كۈچۈك تۇغدى، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ كىچىك خوتۇنىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ خوتۇنى ھىيلىگەرلىك بىلەن:

— ئۆلتۈرمىسىلە، پادىشاھئالەم، بۇ نۆۋەت مەن بىر

قوشۇق قېنىنى تىلىۋالاي، — دەپ يالۋۇرغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كىچىك خوتۇننى بىر قېتىمغا ئامان قالدۇرۇپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى يەنە ھامىلىدار بوپتۇ. پادىشاھ يەنە بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن، بۇ قېتىم كىچىك خوتۇنى قىز تۇغۇپتۇ. چوڭ خوتۇنى بۇنىمۇ كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، چوڭ خوتۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئى پادىشاھىئالەم، بۇ قېتىم كىچىك خوتۇنلىرى ئاسلان تۇغدى، يۇرت ئىچىدە يۈزىمىزنى يەر قىلىۋەتتى. بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق، — دەپ يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. ئاچچىقلانغان پادىشاھ كىچىك خوتۇنىغا ئېغىر جازا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى:

چوڭ خوتۇنى كۆلگە تاشلىۋەتكەن ھېلىقى بالىلارنى بىر ئېيىق سۇدىن ئاچىقىپ، جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ بېقىپتۇ. بالىلار ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ، ئەقلىگە كەلگەندە ئۇلار بىر - بىرىگە ئات قويۇشۇۋاپتۇ، ئوغۇلنىڭ ئېتى چىن تۆمۈر، قىزنىڭ ئېتى مەختۇمسۇلا بوپتۇ. بۇ بالىلار سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىدا ساغلام، كۈچلۈك ھەم بەك چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئېيىقتىن ئايرىلىپ، جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە ئۆي ياساپ، شۇ ئۆيدە ياشاشقا باشلاپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر كىچىك چېغىدىلا ئوۋ قىلىشنى ئۆگەنگەچكە، تۈرلۈك جان - جانىۋارلارنى تۇتىدىغان ئاجايىپ باتۇر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا[1] يەتتە كۈن ئوۋ ئوۋلايدىكەن. مىسران قىلىچى بېلىدىن، ئالغۇر بۈركۈتى

قولىدىن، ئارغىماق ئېتى ئاستىدىن، كاپ ـ كاپ كۆچۈكى يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىڭلىم مەختۇمسۇلا، مەن ئوۋدىن قايتىپ كەلگۈچە ئۆگزىگە چىقما، ئوتنى ئۆچۈرمە، سۇنى كۆچۈرمە، توخۇنى «تاخ» دىمە، مۈشۈكنى «پەش» دىمە، ئوت ئۆچۈپ قالسا، تۇتۇن چىققان ياققا ئوت سوراپ كېتىپ قالما.

شۇ گەپلەردىن كېيىن چىن تۆمۈر باتۇر مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، كاپ ـ كاپ كۆچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ، ئالغۇر بۈركۈتنى قولىغا قوندۇرۇپ ئوۋغا مېڭىپتۇ.

ئارىدىن بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ، ئۆگزىگە چىقىپ بېشىنى تاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مۈشۈك بىلەن توخۇسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مۈشۈك مياۋلاپ، توخۇسى قاقاقلاپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپتۇ. مەختۇمسۇلا مۈشۈكنى «پەش»، توخۇسىنى «تاخ» دەپ قوغلاپتۇ. مۈشۈكى بىلەن توخۇسى ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مۈشۈك ئوچاق يېنىغا كېلىپ چۆگۈننى ئۆرۈۋېتىپتۇ، توخۇ كۈلنى تاتىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆيگە كىرىپ ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ناھايىتى قايغۇرۇپ يەنە ئۆگزىگە چىقىپ «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، ئۇلۇق تەرىپىدە ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سول تەرىپىدە تۇتۇن كۆرۈنۈپتۇ. مەختۇمسۇلاغا ئوت تېپىش قايغۇسى چۈشۈپتۇ. «نېمە بولسا بولسۇن، پېشانەمدىن كۆرەي» دەپ ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن

كېيىن، مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقان بىر ئەسكى تام ئۆيگە
يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر قېرى مو-
ماي ئولتۇرغۇدەك. مەختۇمسۇلا «ئەسسالام» دەپ ئۇنىڭ قېشى-
غا كىرىپتۇ. موماي ئۇنىڭدىن كىملىكىنى، نېمە ئۈچۈن كەل-
گەنلىكىنى سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا ھەممىنى بىر - بىرلەپ
ئېيتىپ بېرىپتۇ. موماي مەختۇمسۇلانىڭ ئىككى قولىغا كۆل
بىلەن تېرىق سېلىپ بېرىپتۇ ۋە بىر تال تېزەكنى تۇتاشتۇ-
رۇپ، ئۇنى ياغاچقا سانجىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇ. ئان-
دىن مەختۇمسۇلاغا:

— ئىككى قولۇڭدىكى كۆل بىلەن تېرىقنى ئۆيۈڭگە بار-
غۇچە چېچىپ بارغىن، ئارقاڭغا قارىمىغىن، — دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا مومايىنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. شۇنىڭدىن كې-
يىن، مومايىنىڭ ئۆيىدىن مەختۇمسۇلانىڭ ئۆيىگىچە ھېلىقى
تېرىقلار ئۈنۈپ بەلگە بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ موماي ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن، مەخ-



تۆمسۇلا ئۇنى بىلمەيتتۇ. مەختۇمسۇلا ئوتنى ئېلىپ كېلىپ دەررۇ ئوت يېقىپ، بىر قازان گۆش پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ، كەچ كىرىشى بىلەن ھېلىقى يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماي ئىشىككە كېلىپ:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟

دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا موماينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە يوقتۇر.
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا يوقتۇر.
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر.
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا يوقتۇر.
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە يوقتۇر.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، موماي يەتتە باشلىق يالماۋۇز سۆرىنىپ ئۆيگە كىرىپ، ئاۋۋال قازاندىكى گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەپتۇ. ئاندىن مەختۇمسۇلانىڭ ئۇزۇن چېچىدىن تۇرۇشقا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى شوراپتۇ. كېتەر چېغىدا مەختۇمسۇلاغا:

— مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتما، ئەگەر ئېيتىدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايسەن، — دەپ پوپوزا قىپتۇ. مەختۇمسۇلا قورققىنىدىن ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ، ئاكىسى چىن تۆمۈرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ.

ئەتىسى كۆن كەچ بولۇشى بىلەن، ھىلىقى يالماۋۇز موماي يەنە كەپتۇ. ئۆيدە بار نەرسىلەرنى يەپ بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك مەختۇمسۇلانىڭ قىنىنى شوراپتۇ. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن شۇ خىلدا داۋاملىشىپتۇ. مەڭزى ئاناردەك، ھۆسنى گۈلدەك مەختۇمسۇلا كۈندىن - كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ، زەپىراندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ سىڭلىسىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، كۆڭلىگە گۇمان تولۇپتۇ. چۈنكى سىڭلىسى مەختۇمسۇلا بىر يىل كېسەل بولغان ئادەم- دەك سارغىيىپ كەتكەنىكەن.

— ھەي مەختۇمسۇلا، يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە ئو- رۇقلاپ، سارغىيىپ، ھالىڭدىن كېتىپسەن، نېمە بولدۇڭ؟ كىمدىن ساڭا ئازار يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ چىن تۆمۈر با- تۇر. مەختۇمسۇلا يىغلاپ تۇرۇپ، يالماۋۇز مومايىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاكىسىغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈر باتۇر ناھايىتى غەزەپلىنىپ: «ئەگەر مەن شۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرمىسەم، چىن تۆمۈر باتۇر بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— ھەي سىڭلىم، مېنىڭ كەلگىنىمنى ھېچ كىشى بىلمىسۇن. مەن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئورا كولاپ مۆكۈپ ياتى- مەن. ئەگەر يالماۋۇز كېلىپ مېنى سورىسا، كۈندىكىدەك: «كەلمىدى» دەپ جاۋاب بەرگىن، — دەپتۇ. ئاندىن ئېتىغا، بۆركۈتىگە ۋە كۈچۈكىگە قاراپ، — ھەي ۋاپادار جانىۋارلى- رىم، ئەگەر يالماۋۇز موماي كەلسە، ئۇن چىقارماڭلار، بىر ئا- مال قىلىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرەيلى، — دەپتۇ. بۇ جانىۋارلار چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ گېپىنى ئۇقمىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر مەيدىسىگە يەتتە قات ساۋۇتنى تېڭىپ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچنى تۇتۇپ ئورنىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ.

بىركەمدىن كېيىن يالماۋۇز موماي كېلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ: «بۈگۈن چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەن ئوخشايدۇ، قايتىپ كەتمىسەم بولماس» دەپ يېنىپتۇ، لېكىن نەپسى قايتىپ كېتىشكە قويماپتۇ. موماي: «چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىر سوراپ كۆرەي. ئەگەر كەلگەن بولسا قايتىپ كېتەي، كەلمىگەن بولسا ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بەختىم» دەپ ئويلاپ، ئىشىككە يېقىن كېلىپ:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟

دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە يوقتۇر،
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر،
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا يوقتۇر،
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە يوقتۇر.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مومايىنىڭ يۈرىكى توختاپ، يەتتە بېشىنىڭ ھەربىرىدىن تۈرلۈك سادالارنى چىقىرىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كىرىپ كەپتۇ، لېكىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرمەي:

— ھەي مەختۇمسۇلا، ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۆيۈڭدە ئادەمنىڭ پۇرىقى بارغۇ؟ — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا تەمكىنلىك بىلەن:

— ئاكام تېخى كەلمىدى. ئەگەر كەلگەن بولسا ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا، مىسران قىلىچى قوزۇقتا، ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا، كاپ - كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بولماسمىدى، — دەپتۇ.

— سەن يالغان ئېيتىسەن، چىن تۆمۈر باتۇر ئېنىق كەلگەن ئوخشايدۇ، ئادەم پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ يوشۇرۇنۇۋالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ يالماۋۇز موماي.

— بۈگۈن ئاكامنىڭ كۆڭلەك، تامبىلىنى يۇيۇپ، سۈيىنى ئۆيگە تۆككەنىدىم، شۇنىڭ پۇرىقى بولسا كېرەك، — دەپتۇ مەختۇمسۇلا.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يالماۋۇز موماي ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئادىتى بويىچە مەختۇمسۇلانى ئۇزۇن چېچىدىن تۇرۇسقا ئېسىپ، ئەمدىلا قېنىنى شوراي دەپ تۇرۇشىغا، چىن تۆ-



مۇر باتۇر ئۇرىدىن چىقىپ، مىسران قىلىچى بىلەن بىر ئۇر-غانىكەن، يالماۋۇز مومايىنىڭ بىر بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. يالماۋۇز موماي «ئاھ» دەپتۇ - دە، چىن تۆمۈر باتۇرغا قاراپ:

— بىر بېشىمنىغۇ ئالدىڭ، قالغان ئالتە بېشىمغا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟! — دەپ قەھرى بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشىپتۇ.

ئېلىشىش بىر كېچە - كۈندۈز داۋام قىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر بېشىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز موماي ئۆيدىن قېچىپ چىقىشنىڭ ئىلاجىسىنى تاپالماي، چىن تۆمۈر باتۇرغا يەنە ئېسىلىپتۇ، يەنە بىر كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر بۇ قېتىم يالماۋۇز مومايىنىڭ يەنە بىر بېشىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئۈچ بېشىدىن ئايرىلغان يالماۋۇز موماي تېخىمۇ غەزەپ بىلەن تۇتۇشۇپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز موماي ئۇياقتىن - بۇياققا قېچىشقا باشلاپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ بەشىنچى بېشىنى كېسىپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز موماي ئەمدى ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك بوپتۇ، ئىشىكتىن قېچىپ چىقاي دېسە، مەختۇمسۇلا قىلىچ شىلتىپ چىقارماپتۇ. ئاخىر چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومايىنىڭ ئالتىنچى بېشىنىمۇ چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئەمدى يالماۋۇز مومايىنىڭ «يەل مۇڭگۈز» دەپ ئاتالغان بىرلا بېشى قاپتۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن قۇيۇنغا ئايلىنىپتۇ - دە، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ھەي مەختۇمسۇلا، خەپ توختا! — دەپ بەدەر قېچىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، بىر بېشى قالغان يالماۋۇز مومايىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. مەختۇمسۇلا باغلاقلىق كاپ - كاپ كۈچۈكىنى قويۇۋېتىپتۇ. چىن تۆمۈر

باتۇر يالماۋۇز مومايغا يېتىشىپتۇ. يالماۋۇز موماي نائىلاج چىن تۆمۈر باتۇرغا ئېسىلىپتۇ. ئۇلار كەچ كىرگۈچە ئېلىشىپتۇ. ئاخىرىچە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كاپ ـ كاپ كۈچۈكى يېتىپ كېلىپ، يالماۋۇز مومايىنىڭ پاقالچىقىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن يالماۋۇز موماي ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئۇنى تالاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومايىنىڭ يەتتىنچى بېشىنى ئېلىپ، ئۆيگە خۇشال قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەنە بىرنەچچە ۋاقىت خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈپتۇ. مەختۇمسۇلانىڭ رەڭگىرويى ئاستا ـ ئاستا ئوڭلىنىپ، ئاۋۋالقى ھالىتىگە كەپتۇ. ئۇ ئاي يۈزلۈك، خۇمار كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق، قارا قاشلىق، نازۇك بەدەن بىر گۈزەل بوپتۇكى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر زېرىكىپ، يەنە ئوۋغا چىقماقچى بوپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا:

— ھەي سىڭلىم، مەن يەنە ئوۋغا چىقىمەن. سەن ھەرگىز ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىن، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ چېچىڭنى تارىمىغىن، — دەپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ نەسىھەتنى يادىدا تۇتۇپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماپتۇ، لېكىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زېرىكىپتۇ. ئاقىۋەت تالاغا چىقىپ، ئېرىشنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا سۈزۈك سۇنىڭ ئېقىشىغا قىزىقىپ چېچىنى تاراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن، سۇمبۇل چاچلىرىدىن بىرنەچچە تېلى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ

چاچلار سانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ[1] ئوردىسىدىكى كۆلگە ئېقىپ بېرىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سانجۇ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئوزموخ نۆكەرلىرى بىلەن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە ئوزموخ كۆل بويىغا كېلىپ باش ـ كۆزىنى يۇيۇۋاتسا، ئۇنىڭ قولىغا ھېلىقى چاچلار ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ چاچلارنىڭ ئۇزۇن ۋە سومبۇللۇقى شاھزادىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئوزموخ نۆكەرلىرىدىن:

— بۇ نېمىدېگەن ئۇزۇن چاچ؟ كىمنىڭ چېچى؟ — دەپ سوراپتۇ. نۆكەرلەر:

— ھەي شاھزادە، بۇ ئىلى ئېقىلىمىنىڭ گۈزىلى مەختۇمسۇلانىڭ چېچى ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چىن تۆمۈر باتۇر دېگەن ئاكىسى بار، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئەر تېخى چىققىنى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوزموخ مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ، دەرھال قول ئاستىدىكى بەگلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت ئاپتۇ. نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، مەختۇمسۇلانى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ ئەتراپىنى قورشاپتۇ. مەختۇمسۇلا بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆگزىگە چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي لەشكەرلەر، بۇ نېمىدېگەن ئۇياتسىزلىق! يالغۇز بىر ئاجىز قىزغا شۇنچە لەشكەرلەرنىڭ كېلىشى نامەردلىك! ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلسە قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟!

ئوزموخ مەختۇمسۇلانى كۆرۈپ، ئوتتەك كۆيۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي مەختۇمسۇلا، ئۆزۈڭنى ماڭا قوبۇل قىلساڭ

[1] سانجۇ پادىشاھلىقى — موڭغۇل پادىشاھلىقى.

قىل، بولمىسا سېنى زورلۇق بىلەن ئالىمەن!

مەختۇمسۇلا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن ئۆگزىدىن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇر ئۇۋغا كېتىشىنىڭ ئالدىدا: «ناۋادا بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بۇ قوشنى قويۇۋەتكىن، مەن قەيەردە بولسام، شۇ يەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ بارىدۇ» دەپ تاپىلاپ، ئالغۇر بۈركۈتنى قويۇپ كەتكەنىكەن. مەختۇمسۇلا چۈمۈلىدەك قورشاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ قوشنى قويۇۋېتىپتۇ، ئۆزى قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، بۇلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن لەشكىرىنى يوقىتىپتۇ. ئاڭغىچە چىن تۆمۈر باتۇر خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ، بىر ئۆزى نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. تەڭ كېلەلمىگەن لەشكەرلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇزمۇخ قېچىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىگە:

— سىلەر ئىككى كىشىدىن شۇنچە قاچامسىلەر؟ قاچساڭلار مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر! — دەپ، پېتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى ئۆزى باشلاپ يەنە ئۇرۇش ئېچىپتۇ.

ئۇزمۇخ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىرقانچە ئون پالۋىنى بىلەن بىراقلا ھۇجۇم قىپتۇ. نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چاقماق چاققاندەك ئوتلار چاقناپتۇ. بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. مەختۇمسۇلا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ: «ئاكامغا زەخىم يەتمىگىدى. ئۇنىڭ مېيىپ بولغىنىدىن مېنىڭ يوق بولغىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپ، ئاكىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— جېنىم ئاكا، دۈشمەنلەر سان ـ ساناقسىز ھەم رەھىمسىز. شۇڭا سىز جەڭدىن يېنىڭ. ئۆلسەم مەن ئۆلەي، سىز ئامان قېلىڭ!

شۇ چاغدا چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— سىڭلىم، مېنىڭدىن ئەنسىرىمە. چىن تۆمۈر دەپ ئېتىم بار، ماڭا دۈشمەن ئالدىدا باش ئېگىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ. سەن جانجىگەر سىڭلىمدىن ئايرىلالمايمەن، شۇڭا جەڭدىن ياذمايمەن ! — دەپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئوزمۇخنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈپ توگەشكە ئاز قالغاندا، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن سانجۇ لەشكەرلىرى نەرە تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ، ئوقيالىرىنى چەنلەپتۇ، چىن تۆمۈر باتۇرغا قارا قاغىدەك يېپىشىپتۇ. ئوزمۇخ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەختۇمسۇلانى تۇتۇۋېلىپ، پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر قەھر ـ غەزەپكە تولۇپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ھەممە بۇلاڭچىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. كېيىن قارىغۇدەك بولسا، مەختۇمسۇلا ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپتۇ، ئىزدە ـ ئىزدە ئاخىر ئىلى دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، تېكەس تېغىنىڭ كۆكتۆپە دېگەن يېرىگە كەپتۇ. كىشىلەر داڭقى داستان بۇ باتۇرنى ناھايىتى خۇشال قارشى ئاپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇ يەرگە جايلىشىپ قاپتۇ، چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرۈپ تېزلا باي بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ مال ـ دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زادى كۆرۈنمەپتۇ، پۈتۈن ئوي ـ خىيالى سىڭلىسى مەختۇمسۇلادىلا قاپتۇ. كۆزى كېچە ـ كوندۈز ياشتىن قۇرۇماپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر تولا يىغلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەختۇمسۇلادىن ئاڭلايلى:

ئوزمۇخ ساھىبجامال مەختۇمسۇلانى قولغا چۈشۈرگەنـ

ـدىن كېيىن ئوردىسىغا ئاپىرىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ، مەختۇمسۇلا بۇلاڭچىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ- تۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كېچە ـ كۈندۈز ئاكىسىنى كۆرۈشنى خىيال قىلىپ، قانداقلا بولسۇن بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇ- لۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەختۇمسۇلا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كى- رىپ، دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە: «ھە، ئەمدى ئىككى باللىق بولغاچقا بىزگە رام بولدى» دەپ ئويلاپ رۇخسەت قىپتۇ. سانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ بىر تۇلپارى بولۇپ، ئۇ تۇلپارغا پادى- شاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ مىنىشى مەنئى قىلىنغان- كەن. مەختۇمسۇلا ئەنە شۇ تۇلپارغا مىنىپ، قىرىق كېنىزەك ھەم قىرىق نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە دەريا بويىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. قاتار ـ قاتار چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپ، ھەر خىل تائاملارنى پىش- شۇرۇپتۇ، سۈتتىن قىلىنغان شارابلارنى تۇلۇم ـ تۇلۇمى بى- لەن تىكلەپ قويۇپتۇ. چوڭ زىياپەت باشلىنىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆز قولى بىلەن ياغاچ ئاياقلارغا سۈت ھارىقىنى تولدۇرۇپ كېنىزەك، نۆكەرلەرگە بىر ـ بىرلەپ سۇنۇپ، بىردەمدە ھەم- مىسىنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇلارنىڭ مەستلى- كىدىن پايدىلىنىپ چاققانلىق بىلەن تۇلپارغا مىنىپتۇ ـ دە، ئىلى دەرياسىنى كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا بېشى كېتىشتىن قورققان نۆكەرلەر دەرھال ئارقىدىن قوغلاپ دەريا لېۋىگە كەپتۇ، بىراق ھېچقايسىسىنىڭ ئېتى دەرياغا كى- رەلمەپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ تۇلپارىدىن باشقا ھەرقانداق جانىۋار بۇ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەلمەيدىكەن. ئامالسىز قالغان

نۆكەرلەر مەختۇمسۇلاغا قاراپ:
— ھەي مەختۇمسۇلا ! ئىككى بالاڭنى يېتىم قىلماي كەينىڭگە يانغىن ! — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا:
— ئىككى ئوغلۇمنى ئېلىپ كەلسەڭلار، كەينىمگە يانىمەن ! — دەپتۇ.
نۆكەرلەر دەرھال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئېتى ئاقار، كىچىكىنىڭ ئېتى چۆكەر ئىكەن. مەختۇمسۇلا نۆكەرلەرگە قاراپ:
— چوڭ بالامنى دەرياغا تاشلاڭلار، ئۇنىڭ پىراقىغا چىدىماي ئۇ ياققا ئۆتۈپ قالارمەن ! — دەپتۇ.
نۆكەرلەر ئاقارنى دەرياغا ئاققۇزۇپتۇ، بىراق مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. نۆكەرلەر: «مەختۇمسۇلا كىچىك ئوغلىنى ئوبدان كۆرىدۇ، شۇنى دەرياغا تاشلىساق، ئوغلىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ دەرياغا چۈشەر» دېيىشىپ، چۆكەرنى دەرياغا تاشلاپتۇ. بالا شۇ زامات سۇغا غەرق بوپتۇ. مەختۇمسۇلاغا بۇ ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ سۆيۈملۈك ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنى تېپىش ئارزۇسىدىن يانماپتۇ. ئۇ نۆكەرلەرگە قاراپ:
— ھەي ئىنساپسىز بۇلاڭچىلار ! سىلەرگە نەسلىمنىمۇ قالدۇرمىدىم، ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولدى ! — دەپتۇ دە، ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇلاڭچىلار دەريادىن ئۆتەلمەي ئامالسىز قايتىپتۇ.
مەختۇمسۇلا شۇ يۇرگىنىچە دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، نۇرغۇن تۆگىلەر يايلاپ يۇرگۇدەك. مەختۇمسۇلا تۆگىچىلەردىن:
— بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر:

— چىن تۆمۈر قارىغۇنىڭ تۆگىلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇ نېمە بولۇپ قارىغۇ بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ مەختۇمسۇلا. تۆگىچىلەر:

— ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىنى بۇلاڭچىلار بۇلاپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا يەنە:

— ھازىر ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر:

— قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، — دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا يەنە مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن نۇرغۇن يىلقىلار ئۇچراپتۇ. يىلقىچىلاردىن سوراپتىكەن، ئۇلارمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ، يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن نۇرغۇن كالا، قوي پادىلىرىنى كۆرۈپتۇ. قويچىلاردىن سوراپتىكەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىردا مەختۇمسۇلا ئەڭ چەتتە موزاي بېقىۋاتقان بىر پادىچى بالىدىن:

— جىنىم ئۇكام، چىن تۆمۈر باتۇر ھازىر قەيەردە؟ ئېيتىپ بەرسەڭ، — دەپ يېلىنىپ سوراپتۇ. پادىچى بالا



تەسلىكتە:

— چىن تۆمۈر قارىغۇ ھازىر ئالتۇن ئارشاڭ دېگەن يەردە. — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— مەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، مېنى ئاكامنىڭ قېشىغا باشلاپ بارساڭ، — دەپتۇ. پادىچى بالا:

— پادىدىن ئايرىلالمايمەن. موزايلار يىتۇپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ. مەختۇمسۇلا:

— ئۇنداق بولسا پادىلىرىڭغا مەن قاراپ تۇراي. قولۇڭغا مۇنۇ ئالمىنى ئال، ئەگەر چىن تۆمۈر باتۇر سۆزۈڭگە ئىشەنمىسە، ئالمىنى كۆزىگە سۈرتسەڭ، كۆزى ئېچىلىدۇ، — دەپ قولىغا بىر ئالمىنى بېرىپتۇ.

پادىچى بالا ئالمىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بېرىپ چىن تۆمۈر باتۇرغا مەختۇمسۇلانىڭ خەۋىرىنى ئېيتقانىكەن. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. شۇ ھامان پادىچى بالا:

ئالمۇتىيارنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
مەختۇمسۇلا بولمىسا،
قايدىن كېلۇر خالتىسى؟!

دەپ، ئالمىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈركىگەنىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ زامات ئېچىلىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر پادىچى بالىغا چوڭ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەختۇمسۇلانىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئاكا - سىڭىل قېرىنداشلار بىر - بىرىنى كۆرۈپ يىغلىشىپتۇ. ھال - ئەھۋال سوراپ مۇڭدىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خۇشال - خۇرام، تىنچ ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

## مەستان كەمپىر

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ خوتۇنىنىڭ ھېچقايسىسى تۇغماس ئىكەن، شۇڭا ئۇ پادىشاھ بالىغا زار ئىكەن.

ئۇ ھەر جۈمە كۈنىدە ۋەزىرلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن، ئوۋغا چىقىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولسا، ئوۋدىن قايتىش شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز بولىدىكەن، چۈنكى ھەرقاچان ئوۋغا چىققاندا تاغ - تاشلار، يەلپۈنۈپ تۇرغان گىياھلار، شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان تاغ سۇلىرى ۋە سايراپ تۇرغان تۈرلۈك قۇشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچسا، ئوۋدىن قايتقان ۋاقىتتا ۋە-زىرلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاتىلىرىنى «دادا، دادا» دەپ ئالدى-لىرىغا چىقىپ چاقىرىشلىرى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا «دادا !» دەپ چىققۇدەك بالىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدىكەن. شۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆيگە كىرىدىكەن - دە، تاماقمۇ يېمەي، تالا - تۈزگىمۇ چىقماي يېتىۋالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ يەنە شۇنداق ئوۋدىن قايت-قاندا، ۋەزىرلىرىنىڭ ئالدىغا «دادا، دادا» دەپ يۈگۈرۈشۈپ چىققان بالىلارنى كۆرۈپ، يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولۇپ ئۆيد-

گە كىرىپتۇ ـ دە، بىر ھەپتىگىچە ھېچ يەرگە چىقماي يې-تىۋاپتۇ. بىر ھەپتىدىن بىرى پادىشاھنى كۆرمىگەن دوست ـ يارەنلىرى: «پادىشاھىئالەم بىرنەچچە كۈندىن بىرى كۆرۈنمەي قالدى، ئاغرىپ ـ تارتىپ قالدىمىكىن، ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى» دەپ پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قارىسا، پادىشاھ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئېغىكىنى تۇتقىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان.

دوست ـ يارەنلىرىنى كۆرگەن پادىشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كېلىڭلار، دوستلىرىم، كېلىڭلار! — دەپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ. دوستلار ئولتۇرۇپ تىنچ ـ ئامانلىق، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر ھەس-رەت ئۇتىنى كۆرگەن دوستلىرىدىن بىرى:

— پادىشاھىئالەم، كەم دىدار بولۇپ قالدىلا، بىر ھەپتى-دىن بىرى تالا ـ تۈزگە چىقماي قويدىلا. چىرايلىرىمۇ ھەس-رەتلىك كۆرۈنىدۇ، تاۋلىرى قېچىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ بىر ئۇھ تارتىپتۇ ـ دە، ئۆزىنى قايغۇ ـ ھەس-رەتكە سالغان دەردىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

— ئەي دوستلىرىم، ئۆزۈم پادىشاھمەن، تالاي ـ تالاي ئەل ـ يۇرت قول ئاستىمدا، دۆلىتىم ـ بايلىقىم ھەددى ـ ھېسابسىز، ھەرنېمە قىلسام ئەركىم ئۆزۈمدە، بۇ تەرەپتىن ئارمىنىم يوق. لېكىن، پەرزەنتسىزلىك مېنى ھەسرەتكە سال-دى، يۈرەك ـ باغرىمنى كاۋاپ قىلدى.

— توغرا ئېيتتىلا، پادىشاھىئالەم، پەرزەنت دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس بەخت ـ دۆلىتى، پەرزەنتسىز ھاياتنىڭ لەززىتىمۇ، ھۇزۇرىمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ئەل ـ يۇرتنى سوراپ تۇرغان، خۇشسۈسەن، سىلىدەك بىر پا-دىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى شەرت، — دەپتۇ دوستلىرىدىن

يەنە بىرى.

— مەنمۇ ئەنە شۇ توغرىدا ئويلايمەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ تو-ۋىگە يېتەلمەيۋاتىمەن. بۇ توغرىدا دوست - يارەنلىرىم قانداق مەسلىھەت بېرىدىكىن؟ — دەپتۇ پادىشاھ دوستلىرىغا مۇرا-جىئەت قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا، پادىشاھىئالەم، بىزنىڭ سىلىگە بېرىدىغان مەسلىھەتىمىز شۇكى، سىلى يەنە خوتۇن ئېلىش-لىرى كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

پادىشاھنىڭ دوستلىرى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەقسەتكە يېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قايتىشىپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ شەھەر قىزلىرىنى سۈرۈش-تۈرۈپ، ئۆزىگە لايىق تاللاشقا باشلاپتۇ. بۇ شەھەردە كۆپ با-لىلىق بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ ئايجامال دېگەن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ ئەنە شۇ قىزنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

پادىشاھ لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، شۇ قىزنى ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لېكىن، پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇر-غان دوستلىرى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، قول ئاستىلىرىدىكى پۇقرالار ئى-چىدىن كۆڭۈللىرىگە ياققان ھەرقانداق قىزنى خالىغان ۋاقىت-تا ئۆز ھوزۇرلىرىغا ئالالايدىلا. ئەمما، كۆڭۈللىرىدىكى ئارزۇ - ئارمانغا يېتىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى پەرمان بىلەن ئەمەس، بەل-كى خەلقنىڭ رەسىم - يوسۇنى بويىچە ئەلچى ئارقىلىق قىل-سىلا بولارمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ما-قۇل قىپتۇ. توي كۈنىنى بەلگىلەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق يۇرت

ئەھلىنى چاقىرىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز چوڭ توي - مەرىكە قىلىپ، ئايجامالنى ئاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئايجامال ئېغىرئاياغ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ: «مانا ئەمدى مەنمۇ پەرزەنتلىك بولىدىغان بولدۇم» دەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئايجامالنى باشقا خوتۇنلىرىدىن ياخشى كۆرۈشكە، كۆپرەك ھۆرمەت قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ بۇنىڭغا تارلىقى كېلىپ: «خەپ توختا، سەن توقالنىڭ بىر ئەدىپىنى بەرمىسەك» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئايجامالنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى مەرەزلىك قىلىپ: «ئەگەر بۇ توقال ئامان - ئېسەن تۇغۇپ قالسا، پادىشاھ پۈتۈنلەي ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، بىزدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تۇغقان بالىسىنى پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىۋېتىش كېرەك» دېگەن پىكىرگە كېلىشىپتۇ ۋە بۇ قارا نىيەتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شۇ شەھەردىكى جادۇگەر مەستان كەمپىرنى ياردەمگە چاقىرىپ:

— ۋاي موما، جان موما، كىشىنى ھاجىتىمىزدىن چىقارسا ساۋاب بولىدۇ، دەيدىغان، شۇ تاپتا بىزنىڭ سىلىگە ناھايىتى چوڭ بىر ئىشتا ھاجىتىمىز چۈشتى. ئۇنى پەقەت ئۆزلىرىلا ئورۇندىيالايلا. ھازىر توقالنىڭ تولغىقى تۇتۇپ ياتىدۇ، ئۇ تۇغقان چاغدا بىر ئامال قىلىپ بالىسىنى يوقىتىشنىڭ يولىنى قىلسىلا. سىز سىلىگە نېمە دېسىلە شۇنى بېرەيلى، — دەپ ئۆز نىيەتلىرىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جادۇگەر مەستان كەمپىر بۇ ئىشنى

ئورۇنداپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، كۆپ ئالتۇن ئاپتۇ ۋە ئايجا-مالنىڭ تۇغۇشىغا ياردەم قىلىدىغان كىندىكئانا سۈپىتىدە ئۇ-نىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئايجامالنىڭ ۋاقتى - سائىتى يېتىپ، قوشكېزەك — بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپتۇ. لېكىن، بى-رىنچى تۇغۇتىدىلا قوشكېزەك تۇغقان ياش ئايجامال ئەس - هوشىدىن كېتىپ، هېچ نەرسىنى بىلمەي يېتىپ قاپتۇ. بۇ مەستان كەمپىرگە راسا ئوڭ كەپتۇ. ئۇ دەررۇ يېڭى تۇغۇلغان ئىككى كىچىك تېپىپ كەپتۇ - دە، ئايجامالنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ تۇغقان باللىرىنى دەرياغا تاشلىۋېتىش ئۇ-چۈن لاتىغا ئوراپ ئېلىپ كېتىپتۇ. دەرياغا يەتمەستىنلا مەس-تان كەمپىر هېرىپ قاپتۇ ۋە: «ئوۋۋاي، دەرياغا قاچان يېتىپ باراي، ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە مۇشۇ يەرگىلا تاشلىۋەتمەيمەنمۇ» دەپ، بىر قىرنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى قارا نىيەتلىرى ئورۇندالغى-نىغا ناهايىتى خۇشال بولۇپ، دەررۇ بىر خىزمەتكارىنى چا-قىرىپ، ئۇنى:

— پادىشاھنىڭ زاتى پەس، گاداي توقلى كۈچۈك تۇغ-دى. دەررۇ پادىشاھنىڭ ئوۋ قىلىپ يۈرگەن يېرىگە ئات چاپ-تۇرۇپ بېرىپ خەۋەر قىل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

هېلىقى خىزمەتكار «كۈچۈك تۇغدى» دېگەن سۆزگە ئى-شەنگۈسى كەلمىسىمۇ، پادىشاھنىڭ خوتۇنى قىلغان ئەمر بول-غانلىقى ئۈچۈن، دەررۇ ئاتنى ئېگەرلەپ مىنىپتۇ - دە، چاپ-تۇرغىنىچە تاغقا قاراپ كېتىپتۇ. ئۇ تاغمۇتاغلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ پادىشاھنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، مەن سىلىگە چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن بىر خەۋەر ئەكەلدىم. لېكىن ئېيتىشقا قورقى-مەن، — دەپتۇ.

— قانداق خەۋەر، تېز سۆزلە ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەگەر بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتاي، پادىشاھىئالەم. — دەپتۇ خىزمەتكار.

پادىشاھ ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنىپ:

— خوپ، كەچتىم، ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— ۋاي پادىشاھىئالەم، كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ كۆزى يورۇپتۇ، تۇغقىنى ئادەم ئەمەس، ئىككى كۈچۈك ئىكەن، بۇنى تېخى ھېچكىمگە بىلدۈرمەپتۇ. چوڭ خوتۇنلىرى مېنى دەررۇ سىلىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، — دەپتۇ خىزمەتكار.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «ئاھ، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق !» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ ـ دە، خىزمەتكارغا:

— ئاتنى قانداق چاپتۇرۇپ كەلگەن بولساڭ، شۇنداق چاپتۇرۇپ بېرىپ ئۇلارغا ئېيت، توقالنىڭ چاچلىرىنى قىرىقىپ، ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كاتەك ياساپ، ئۇنى شۇنىڭغا سولاپ قويسۇن، كۈچۈكلىرى ئالدىدا تۇرسۇن، لېكىن بۇ ئىشلارنى باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، — دەپتۇ.

ھېلىقى خىزمەتكار يەنە ئېتى قارا تەرگە چۈشكۈچە چاپتۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى: «مانا ئەمدى بىز مەقسىتىمىزگە يەتتۇق، پادىشاھ يەنىلا بىزنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى» دەپ، ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر كاتەك ياسىتىپتۇ، ئايجامالنى چاچلىرىنى قىرقىپ، ئۇنىڭغا سولاپتۇ، ئالدىغا ھېلىقى كۈچۈكلەرنى تاشلاپتۇ، يېنىغا يۇندى تولدۇرۇلغان بىر يالاقنى قويۇپ قويۇپتۇ.

ئايجامال ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئۆزى ئېغىلدىكى كاتەك ئىچىدە ياتقۇدەك، چاچلىرى قىرقىلغان. ئالدىدا ئىككى كۈچۈك، بىر يالاقتا يۇندى تۇرغان. ئۇ ۋەقەنىڭ نېمە ئىكەنلى-

كىنى بىلمەي ھالى - تالى بولۇپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، لېكىن ئىلاج تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئايجامالنىڭ ماكانى كا-تەك. غىزاسى قالغان - قاتقان يۇندى بولۇپ قاپتۇ.

مەستان كەمپىر تاشلىۋېتىپ كەلگەن باللارنى دەريادىن سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان بىر ئانا كېيىك كۆرۈپ قېلىپ تاغقا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە بىر تاش غارنىڭ ئۆڭكۈرىگە جايلاشتۇ-رۇپ، ئۆز سۈتىنى ئەمدۈرۈپ بېقىشقا باشلاپتۇ.

ئاي، كۈن، ھەپتىلەر يىللارمۇ ئۆتۈپتۇ. ئاكا - سىڭىل با-للار ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ ۋە ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئەتراپتا كۆ-ڭۈل ئېچىپ ئويناشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ شۇ تاغقا ئوۋ ئوۋلاپ بېرىپ قاپتۇ. پادىشاھ ھېچقانداق ئوۋ ھايۋىنى ئۇچرىتالماي ھېرىپ - ئې-چىپ يۈرگەندە، ئالدى تەرەپتىكى بىر قىرنىڭ كەينىدىن بىر كېيىك چىقىپتۇ - دە، جىم قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ: «ھە ما-نا، ئەمدى خۇدايىم بەردى» دەپ ئوقياسىنى تەڭلىشىگە، ھېلى-قى كېيىك لىپ قىلىپ قېچىپتۇ، نېرىراق بېرىپ يەنە قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ پايپاسلاپ يېقىنراق بارسا، يەنە نېرىراق قې-چىپ بېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئەنە ئاتىمەن، مانا ئاتىمەن دەپ، كېيىكنى ئەگىشىپ خېلى يەرگە كېتىپ قاپتۇ. كېيىك پادىشاھنى مەلىكە قىلىپ ھېلىقى ئويناپ يۈر-گەن ئىككى باللىنىڭ يېنىغا ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ - دە، ئۆزى بىر قىردىن ئېشىپ غايىب بوپتۇ. بۇ ئەنە شۇ باللارنى بې-قىپ يۈرگەن كېيىك ئىكەن.

باللار پادىشاھنى كۆرۈشى بىلەنلا قېچىپتۇ. پادىشاھ بولسا: «ئاھ خۇدايىم، شۇ تاغۇ چۆللەرگە بەرگەن باللىنى ماڭا نېمىشقا بەرمەيسەن؟» دەپ يەنە دەردكە تولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۆيىگە كەلگەندە غىزامۇ يېمەستىن، خوتۇنلىرى بىلەنمۇ

گەپلەشمەستىن، خاپا هالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەتە-سىمۇ پادىشاھنىڭ شۇنداق خاپا هالدا خىيالغا چۆكۈپ ئول-تۇرغىنىنى كۆرگەن خوتۇنلىرى:

— ئىككى كۈندىن بۇيان باش كۆتۈرمەي خىيالغا چۆكۈپ كەتتىلىغۇ، بىرەرنەرسىدىن خاپا بولدىلىمۇ؟ — دەپ سورى-شىپتۇ. پادىشاھ:

— ھەي خوتۇنلار، خۇدايىم چۆل - باياۋانلارغا بەرگەن بالىنى ماڭا بەرسە بولماسمىدى، — دەپ ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇۋغا چىققاندا كۆرگەن باللار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان خوتۇنلىرى ئىچىدە، ئاھ، ھېلىقى باللارمىكىن؟ قانداق نەقەدىر بىلەن ئۆلمەي ها-يات قالدىكىن؟ ئەمدى سىرىمىز ئېچىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ خوتۇنى:



— قويسىلا، يوقلا نەرسىگە كۆڭۈللىرىنى بۇزۇپ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمىسىلا. خۇدايىمنىڭ ۋاقتى - كۈنى كۆپ، سىلىمۇ پەرزەنتلىك بولۇپ قالارلا، — دەپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ.

بۇ خوتۇنلار پادىشاھتىن خالىي بىر يەرگە توپلىنىپ ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ. بۇلارنىڭ بىرى:

— پادىشاھنىڭ كۆرۈپ كەلگىنى تەھقىق شۇ باللار بولسا كېرەك، ئۇلار بولمىسا، چۆل - باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرگەن باللار ئۇ؟ — دەپتۇ. ئىككىنچىسى:

— ئەگەر شۇلار بولسا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سىرىمىز ئېچىلىپ قالىدۇ، چۈنكى پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا ئۇلارنى يەنە كۆرۈشى مۇمكىن، — دەپتۇ. ئۈچىنچىسى بولسا:

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى، سىرىمىز ئېچىلىپ قالغۇچە ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، شۇڭا يەنە مەستان كەمپىرنى شۇ تاغقا ئەۋەتىپ، باللارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتەيلى، — دەپتۇ. بۇلار شۇ مەسلىھەت بىلەن مەستان كەمپىرنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سادىغىڭىز بولايلى، موما، بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز چالا قالغانىكەن. سىلى تاشلاپ كەلگەن باللار نېمە سەۋەبتىندۇر ئۆلمەستىن تاغدا ئويناپ يۈرۈپتۇدەك، پادىشاھ ئوۋغا بېرىپ كۆرۈپتۇدەك. ئىككى كۈندىن بېرى خاپا، شۇلارنى خىيال قىلىپ، باش كۆتۈرمەي ئولتۇرىدۇ. يەنە ئوۋغا چىققاندا ئۇ باللارنى يەنە كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەردە سىرىمىز ئېچىلىپ قالسا، بىزنىڭمۇ، سىلىنىڭمۇ جېنىمىز تېنىمىزدىن جۇدا بولىدۇ. شۇڭا، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىر ئىلاجىنى قىلايلى. سىلى تاغقا چىقىپ شۇ باللارنى تېپىپ ئۇجۇقتۇرۇپ كەلسىلە، ئېتەكلىرىنى توشتۇرۇپ ئالتۇن - كۈمۈش بېرى-

مىز، — دەپتۇ. مەستان كەمپىر «خوپ» دەپ ئېتىكىنى توش-
تۇرۇپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئاپتۇ - دە. ئۆيىگە بېرىپ
بىر بۇلۇڭغا كۆمۈپتۇ، كېيىن تاغقا راۋان بوپتۇ.

باللارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەن مەستان
كەمپىر تاغمۇتاغلارنى ئېشىپ، قىرمۇقىرلاردىن ئۆتۈپ، ساي-
مۇسايلارنى كېزىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى تىكەنلەرگە
ئىلىنىپ، تەنلىرى تىلىنىپ كېتىپتۇ. ئاياغ كىيىملىرى يىر-
تىلىپ، پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ، تاپانلىرى تېشىلىپ كې-
تىپتۇ، بىر كۈنى ئېگىز قىيا تاشلارنى ئارىلاپ كېتىپ بې-
رىپ، شۇ يەردە يۈرگەن بىر قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ: «ھە،
مانا تاپتىم» دەپ قىزغا قاراپ ئېتىلىپتۇ، لېكىن قىزمۇ بۇ
موماينى كۆرۈپ ئۆڭكۈرگە قېچىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى



مەھكەم ئېتىۋاپتۇ.

قىزنى قوغلاپ ئۆڭكۈرگە كىرەلمىگەن موماي ئۇنىڭ ئاغ-زىنى ئېچىشقا خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرۈپتۇ. زادىلا ئاچالمىغاندىن كېيىن:

— ھەي قىزىم، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئاچ، بۇياققا چىق-قىن، مەن ساڭا تاتلىق ئېلىپ كەلدىم. مە، ئال. — دەپ ئالداپ بېقىپتۇ.

لېكىن، قىز ئاكىسىنىڭ ئۇۋغا چىقىپ كېتىش ئالدىدا: «بىرەر كىشىنى كۆرسەڭ، ئۆڭكۈرگە قېچىپ كىرىپ ئاغزىنى ئېتىۋال، ئالدىسا ئىشەنمە، ئۆڭكۈرنى زادى ئاچما» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ، مەستان كەمپىرگە ئالدانماپتۇ ۋە ئۆڭ-كۈرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— نەدىن كەلگەن بولسىلا، شۇ ياققا كەتسىلە، موما. ھا-زىر ئاكام ئۇۋدىن كەلسە، سىلىنى تىرىك قويمايدۇ، — دەپتۇ.

مەستان كەمپىر ئۆزىچە: «راست، بۇنىڭ ئاكىسى چوڭ بولۇپ قالغاندۇ، مەن بولسام قېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ دەرمانىمدىن كەتتىم، يەنە ئۆلۈكۈم مۇشۇ چۆل - باياۋانلاردا قېپقالمىسۇن» دەپ ئويلاپ-تۇ - دە، بۇلارنى باشقا يول بىلەن — دېۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

— قىزىم، بولمىسا، سەن ماڭا قۇلاق سال! مۇشۇ تاغ-نىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە، ئۈچ كۈنلۈك يولدا، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا بىر تۈپ دەرەخ بار. ئاكاڭ ئەنە شۇ دەرەخنىڭ شېخى-دىن ئەكېلىپ تىكسە، كارامەت يەل - يېمىشلىك بىر باغ بو-لىدۇ. ئاكاڭ كەلگەندە ئەنە شۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئەكېلىش-نى ئېيتقىن، ئۇنىمىسا، يىغلاپ تۇرۇۋالغىن. ئەگەر ئاكاڭ: «كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟» دېسە، چۈشۈمدە كۆردۈم، دېگىن، —

دەپتۇ ـ دە، ئۆزى قايتىپ كېتىپتۇ.

خېلىدىن كېيىن قىزنىڭ ئاكىسى قايتىپتۇ. ئاخشىمى ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا، سىڭلىسى:

— ئاكا، مۇشۇ تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە، ئۈچ كۈنلۈك يولدا بىر بۇلاق بار ئىكەن، ئۇ بۇلاقنىڭ بويىدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئەگەر شۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئەكېلىپ تىكسە، دۇنيادىكى تۆرلۈك ـ تۈمەن يەل ـ يېمىشلەرنىڭ ھەممىسى بار بىر باغ بولغۇدەك. جېنىم ئاكا، ئەنە شۇنىڭ شېخىدىن ئەكېلىپ تىكىپ بەرسىڭىزچۇ، — دەپتۇ. سىڭلىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاكىسى:

— قوي، بۇنداق بولمىغۇر گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپتۇ. سىڭلىسى بولسا يىغلاپ يالۋۇرۇپ:

— چۈشۈمدە كۆردۈم، جېنىم ئاكا، مېنى سىڭلىم دېسىڭىز، ياق دېمەيسىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

سىڭلىسىنىڭ تەلىپىنى قىيالماستىن، ئاكىسى «خوپ» دەپتۇ ۋە ئەتىسى يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن بىر يېرىم كۈن ئۆتۈپ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، بالىنىڭ ئالدىدىن ئاپئاق ساقاللىق ۋە ئۇزۇن ھاسا تايانغان بىر بوۋاي چىقىپ قاپتۇ. بالا سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، بوۋاي بالىنى توختىتىپ:

— يول بولسۇن، بالام، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا كۈنپېتىش تەرەپتىكى بۇلاق بويىدىن دەرەخ شېخى ئەكېلىشكە كېتىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ھەي بالام، خەتەرلىك سەپەرگە چىقىپسەن. خەير، مەيلى، «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس» دېگەندەك، شۇنچە يول بېسىپ كەپسەن، ئەمدى بېرىۋەرگىن. لېكىن، بالام، قۇلىقىڭدا تۇتقىنكى، سەن دېگەن ئۇ دەرەخ دىۋىلەرنىڭ ماكانىدا، ئۇ يەر دىۋىلەردىن كېچە ـ كۈندۈز خالىي

بولمايدۇ. ئۇ دەرەخنىڭ شىخىدىن ئالماقچى بولۇپ بارغان قانچە ـ قانچە ئادەملەر دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن. سەن يەنە بىر يېرىم كۈندىن كېيىن يېنىپ بارىسەن. يېتىپ بارغاندىن كېيىن يىراق بىر يەردە مۆكۈنۈپ تۇرغىن. كۈن چۈش بولۇپ تازا قىزىغان چاغدا، دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى چۈش-لۈك غىزاغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا شاختىن سۇن-دۇرۇپ قاچ. ئەگەر دىۋىلەر تۇيۇپ قېلىپ قوغلاپ چىققۇدەك بولسا، كەينىڭگە قارىماستىن قېچىۋەرگىن. ئالتۇن بىرىمەن دىسىمۇ، يامبۇ بىرىمەن دىسىمۇ، يالۋۇرسىمۇ، دوق قىلسىمۇ كەينىڭگە قارىماي قاچ. كەينىڭگە قارىساڭ، تۇتۇلىسەن، قارد-ىساڭ، قۇتۇلىسەن. ئاقىۋول بولسۇن، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، مەقسىتىڭگە يەت، بالام. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ بوۋاي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ساقىلىنى سىلاپ-تۇ ـ دە، كېتىپتۇ. بالا:

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئاتا ! — دەپ ئۆز يولىغا قاراپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر يېرىم كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بالا كەڭ بىر سايغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، سايىنىڭ ئىچى ئاپئاق ئۇس-تىخانلارغا تولۇپ كەتكەن. بۇلار شۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئې-لىشقا كېلىپ دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىكەن. سايىنىڭ ئۇ قاپتىلىدا پارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بىر بۇلاق، ئۇنىڭ بويىدا يوغان، بوك، ياپيېشىل بىر توپ دەرەخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۇرگەن نۇرغۇن دىۋىلەر كۆرۈ-نۇپتۇ. بالا: «مەن ئىزدەپ كەلگەن دەرەخ شۇ بولسا كېرەك» دەپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

كۈن چۈش بولغاندا تاغ ـ تاشلارنى تىترىتىپ قاتتىق

جاراڭلىق بىر ئاۋاز چىقىپتۇ - دە، ئۇياق - بۇياقتىن دىۋىلەر كېلىپ بىر تۈشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. تاشقىرىدا ھېچكىم قالماي جىمجىتلىق باسقاندا، بالا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇۋېلىپ قېچىپتۇ، لېكىن سەزگۈر دىۋىلەر شاخنىڭ «چارس» قىلىپ سۇنغانلىقىنى ئاڭلاپ چىقىپ بالىنى قوغلاپتۇ.

— ھەي ئادەمزات، توختا! مە ساڭا ئالتۇن، مە ساڭا يامبۇ، توختا! ھېچبولمىسا، كەينىڭگە بىر قارا، — دەپ دىۋىلەر قوغلاپ مېڭىپتۇ، ئالداپ بېقىپتۇ، دوق قىلىپ بېقىپتۇ. لېكىن بالا ھېچ توختىماي ۋە كەينىگىمۇ قارىماي قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ.

بالا ئۇياقتا ئۈچ كۈن، بۇياقتا ئۈچ كۈن — ئالتە كۈن يول مېڭىپ، يەتتىنچى كۈنى ئۆز ئۆڭكۈرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئاخشىمى ئاكا - سىڭىل ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، شاخنى بىر تۇزلەڭگە تىكىپتۇ. ئەتىسى ئۆڭكۈردىن چىقىپ قارىسا، شۇنداق بىر باغۇ بوستان پەيدا بوپتۇكى، خىلمۇخىل يەل - يېمىشلەر پىشىپ تۇرغان، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدە بېلىقلار ئۈزۈشۈپ ئويناپ يۈرگەن. بۇنى كۆرگەن ئاكا - سىڭىل ئىككىسى باغدا خۇشال سەيلە قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ يەنە شۇ تاغقا ئوۋغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى كېيىك پەيدا بوپتۇ - دە، بۇرۇنقىدەك قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئاتماقچى بوپتىكەن، نېرىراق قېچىپ بېرىپ يەنە قاراپ تۇرۇپتۇ. يەنە ئاتاي دېسە، يەنە نېرىراق قېچىپ بېرىپ پادىشاھ-

نى ھېلىقى باغقا ئەگەشتۇرۇپ ئاپىرىپتۇ ـ دە، ئۆزى غايىب بوپتۇ. ئاكىسى ئۇۋىغا كېتىپ، سىڭلىسى باغدا ئوينىپ يۈرگە-نىكەن. قىز پادىشاھنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ يەنە خاپا بولۇپ قايتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ خاپا بولۇپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن خوتۇنلىرى يەنە ھال سوراپتۇ. پادىشاھ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ كۆرگەنلىرىنى يەنە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

باللارنىڭ تېخىچىلا بار ئىكەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى دەررۇ مەستان كەمپىرگە نۇرغۇن ئالتۇنلارنى بېرىپ، ئۇنى يەنە ئەۋەتىپتۇ.

مەستان كەمپىر بۇ قېتىم ئۆزى كۆرگەن يول بىلەن توپتوغرا ھېلىقى ئۆڭكۈرگە كەپتۇ. لېكىن ئۆڭكۈرگە كىرىش-تىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاكىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر يەردە ماراپ يېتىپتۇ.

قىزنىڭ ئاكىسى شۇ كۈنى ئۇۋىغا كېتىپ، سىڭلىسى يال-غۇز قالغانىكەن. قىز مەستان كەمپىرنى كۆرۈپ قېلىپ ئۆڭ-كۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئې-تىۋاپتۇ. كەمپىر بۇنىڭدىن ئاكىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۆڭكۈرگە كېلىپ، ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپتۇ. لېكىن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا توسالغان ئېغىر تاشلار-نى كۆتۈرۈشكە كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن:

— قىزىم، ئۆڭكۈرنى ئاچ، مانا ساڭا ياخشى كىيىم ۋە ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى ئەكەلدىم، — دەپ قىزنى ئالداپ بېقىپتۇ. قىز ئۇ-نىڭ ئالدىغىنىغا كۆنمەپتۇ ۋە ئۆڭكۈرنى ئاچماپتۇ.

— ماڭا سىلىنىڭ ھېچنېمىلىرى كېرەك ئەمەس. قاياق-تىن كەلگەن بولسىلا شۇ ياققا كەتسىلە. بولمىسا، ھازىر ئا-كامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ كېلىپ

قالسا، سىلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ قىز.
ھەرقانداق ئالداشلار بىلەن قىزنى ئۆڭكۆردىن چىقىرال-
مىغان ۋە چىقىرىشقا كۆزى يەتمىگەن مەستان كەمپىر ئىلاج-
سىز، ئۇلارنى باشقا يول بىلەن ئۆلتۈرۈش پىكرىگە كەپتۇ - دە:
— قىزىم، مىنىڭ ئېيتقان سۆزۈم راستمىكەن؟ مەن دې-
گەن دەرەخنىڭ شېخىنى ئەكېلىپ تىكىپتىكەنسىلەر، ياخشى
باغۇ بوستانلىققا ئىگە بولۇپ قاپسىلەر. ئەمدى بىر مەسلىھەت
بېرەي، ئاڭلىغىن، مۇشۇ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە، ئۈچ
كۈنلۈك يولدا بىر ئۆڭكۈر بار. ئەنە شۇ ئۆڭكۆردە ھۆرلىقاخان
دېگەن بىر قىز ياشايدۇ. ئاكاڭ كەلگەندە ئەنە شۇ قىزنى ئە-
كېلىپ بېرىڭ، دەپ تۇرۇۋالغىن. ئۇنىمىسا، يىغلاپ تۇرۇۋال.
ئەگەر ئۇ قىزنى ئەكەلسەڭلار، ساڭا ئاچا بولىدۇ، ئاكاڭ بىر
ياقلارغا كەتكەندە سەن زېرىكىپ قالمايسەن. ئۆڭكۆرنىڭ ئال-
دىغا ئىككى تال كەمپۈت قويۇپ كېتىمەن، ئاكاڭ كەلگەندە
ئىككىڭلار يەڭلار، — دەپ، ئۇغا سېپىلگەن ئىككى تال كەم-
پۈتنى ئۆڭكۆرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆزى قايتىپ كېتىپتۇ.
شۇ ئارىدا بۇ بالىلارنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھېلىقى كې-
يىك يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە، كەمپۈتلەرنى ئېلىپ دەرياغا ئاپى-
رىپ تاشلىۋېتىپتۇ.
بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن قىزنىڭ ئاكىسى كەپتۇ. ئاخشى-
مى ئاكا - سىڭىل گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا، سىڭلىسى:
— ئاكا، مۇشۇ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر ئۆڭكۈر
بار ئىكەن. شۇ ئۆڭكۆردە ھۆرلىقاخان دېگەن بىر قىز ياشاي-
دىكەن. ئەنە شۇ قىزنى ئەكەلسىڭىز. ماڭا ئاچا بولاتتى، سىز
ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ -
كۈلۈپ، زېرىكمەي يۈرەتتىم. بولمىسا ناھايىتى زېرىكىپ كې-
تىمدىكەنمەن. — دەپتۇ.

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ بولمىغان گەپلەرنى قويساڭ-چۇ، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

— چۈشۈمدە كۆردۈم، ئاكا، — دەپتۇ سىڭلىسى.

— ئۇنداق نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلما، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

— ئەنغۇ، دەرەخنىڭ شېخىنى ئەكېلىپ تىكمىۋىدۇق، قانداق ياخشى باغۇ بوستانلىققا ئىگە بولۇپ قالدۇق. ئەمدى ئاچلىق بولۇپ قالسام نېمە بولاتتى؟ — دەپتۇ سىڭلىسى.

— ھەي سىڭلىم، ئۇ دەرەخنىڭ شېخىنى ئېلىپ كەلگۈ-چە نۇرغۇن خەتەرلەرگە يولۇقتۇم، ئۇنى سەن بىلمەيسەن. ئۆ-لۈكۈم دېۋىلەرنىڭ قولىدا قېلىشقا ئاز قالدى. قوي، سىڭلىم، بۇ ئارزۇنى قىلما ! — دەپتۇ ئاكىسى.

— ئەگەر مېنى سىڭلىم دېسىڭىز، شۇ قىزنى ئەكېلىپ بېرىڭ، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ سىڭلىسى.

ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭ-لىنى قىيالماستىن يەنە «خوپ» دەپتۇ ۋە ئەتىسى يولغا چى-قىپتۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا بىر يېرىم كۈن ئۆتكەندە، يەنە ئۇنىڭ-غا ئۇزۇن ھاسا تايانغان، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا، — دەپ سالام بېرىپتۇ بالا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، يول بولسۇن، نەگە ماڭ-دىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مۇشۇ تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ھۆرلىقاخان دېگەن بىر قىز بارمىش، مەن شۇ قىزنى ئالغىلى كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— يامان يولغا مېڭىپسەن، بالام. ئۇ قىزنى ئالىمەن دەپ تالاي - تالاي ئادەملەر تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن. مەيلى، بالام، يولغا چىققاندىن كېيىن يولۇڭدىن قايتما، لېكىن مېنىڭ

سۆزلىرىمنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت: يەنە بىر يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئۆڭكۈرگە يېتىپ بارىسەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ: «ھۆرلىقاخان !» دەپ بىر قېتىم ۋارقىراپلا جىم تۇرۇۋال. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە شۇنداق ۋارقى-رىغىن — دە، جىم تۇرۇۋال. ئۈچىنچى قېتىم يەنە ۋارقىراپ، يەنە جىم تۇرۇۋال. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن: «ۋارقىرا، ۋارقىرا، ۋارقىرا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. لېكىن سەن زادىلا ۋارقىرىمىغىن. ئاقىۋول بولسۇن، ئىشىڭ ئوڭۇش-لۇق بولسۇن، بالام. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ بوۋاي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىپتۇ — دە. كېتىپتۇ.

بالا يولىنى داۋام قىپتۇ. ئارىدىن بىر يېرىم كۈن ئۆتۈپ-تۇ. بىر يەرلەرگە كېلىپ قارىسا، ئادەمگە ئوخشىشىدىغان نۇرغۇن تاشلار تۇرغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرلىقاخاننى ئا-لىمىز دەپ كېلىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەر ئىكەن.

بالا ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھۆرلىقاخان !» دەپ ۋارقىراپتۇ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن: «ھۆرلىقاخان !» دەپ يەنە ۋارقىراپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر ۋارقىراپ، جىم تۇرۇۋاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن: «ۋارقىرا، ۋارقىرا، ۋارقىرا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، لېكىن بالا بوۋاي-نىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ زادىلا ۋارقىرىماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆرلىقاخان: «مېنىڭ سىرىمنى بىلىدىغان بۇ قانداق ئەقىللىق ئادەمزات؟» دەپ ئۆڭكۈردىن چىقىشى بىلەنلا، بالا ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز:

— مەقسىتىڭنى ئېيتقىن، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

بالا ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھۆرلى-

قاخان رازىلىق بىلدۈرۈپ بالا بىلەن مېڭىپتۇ.

شۇ ئارىدا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ - دە، بالىغا نۇرغۇن رەھمەت-
لەرنى ئېيتىپ ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بوپتۇ.

بالا ھۆرلىقاخاننى ئۆزى تۇرغان ئۆڭكۈرگە ئەكەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچى ئويناپ - كۈلۈپ ياشاشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ يەنە ئوۋغا چىقىپ، شۇ
تاغدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، ئالدىدىن يەنە ھېلىقى كېيىك
چىقىپتۇ. يەنە ئۆتكەنكى قېتىملاردىكىدەك پادىشاھنى مەلىكە
قىلىپ، ھېلىقى باغقا ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ - دە. سەيلە قىلىپ
يۈرگەن بالىلارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ باغقا كىرىپ قارىسا، ئىككى قىز ۋە بىر ئوغۇل
ئويناپ يۈرگەن، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر كېيىك تۇرغان. بۇلارنى
كۆرگەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ - دە، چۇلۇۋۇر-
نى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى بالىلار تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.



باللار يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان پادىشاھنىڭ ئالدىغا بې-
رىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، باغ-
نىڭ ئەڭ ياخشى جايىغا — گۈللەرنىڭ ئارىسىغا جاي تەي-
يارلاپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھۆرلىقاخان تۈرلۈك - تۈرلۈك تا-
ئاملارنى تەييارلاپ، خىلمۇخىل يەل - يېمىشلەرنى پادىشاھنىڭ
ئالدىغا تۆكۈپ، ئۇنى ياخشى مېھمان قىپتۇ. ئاتا - باللار
بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىر داستىخاندا تاماق يەپ تۇرسىمۇ، ئا-
تىسى باللىرىنى يا باللىرى ئاتىسىنى تونۇماپتۇ.

پادىشاھ بۇ يەردە پۈتۈن كۈن مېھمان بولۇپ، باغنى ئاي-
لىنىپ راسا تاماشا قىپتۇ. ئاندىن ئۇلارنى كېلەر جۈمە كۈ-
نىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ قايتىپتۇ. ھۆرلىقاخان پادىشاھ-
نىڭ خۇرجۇنىغا ھەر تۈرلۈك يەل - يېمىش ۋە سۈرلەنگەن
گۆشلەردىن توشقۇزۇپ سېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئەكەلگەن ھەر تۈرلۈك يەل - يېمىش ۋە سۈر-
لەنگەن گۆشلەرنى كۆرگەن خوتۇنلىرى ھەيران بوپتۇ. ئۇلاردىن
بىرى:

— يەل - يېمىش ۋە سۈر گۆشلەرنى نەدىن ئەكەلدىلە؟ —
دەپ سوراپتۇ.

— ھەي خوتۇن، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر تاغ پادىشاھىنىڭ
بېغىغا توغرا كېلىپ قالدىم. ئۇلار مېنى راسا مېھمان قىل-
دى، بۇ نەرسىلەرنى شۇلار بەردى. مەن ئۇلارنى جۈمە كۈنىگە
تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ياخ-
شىراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

خوتۇنلار شۇ كۈندىن باشلاپ تەييارلىققا كىرىشىپتۇ.

جۈمە كۈنى پادىشاھ پۈتۈن لەشكەر باشلىقلىرىنى
چاقىرىپ:

— تەختىمدىن تارتىپ تاغنىڭ ئېتىكىگىچە يولنىڭ

ئىككى تەرىپىگە لەشكەرلەرنى قاتار قىلىپ تىزىڭلار. بۇگۈن تاغ پادىشاھى مېھماندارچىلىققا كېلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، لەشكەرلەرنى تەختنىڭ يېنىدىن تارتىپ تاغنىڭ ئېتىكىگە يەتكۈچە يولنىڭ ئىككى چېتىگە قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ، مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا يولغا چىقىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاكا ـ سىڭىل، ھۆرلىقاخان ۋە كېيىك تاغدىن چۈشۈشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ بۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ ـ دە، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ، شەھەرلىرىنى ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپتۇ. كېيىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، پادىشاھ ھۆرلىقاخاندىن:

— بۇ بالىلار كىمنىڭ بالىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ بالىلار ئەنە شۇ كېيىكنىڭ بالىلىرى، — دەپتۇ ھۆرلىقاخان. ھۆرلىقاخاننىڭ بەرگەن جاۋابىغا ھەيران قالغان پادىشاھ:

— بۇ قىزىق گەپقۇ، كېيىكمۇ ئادەم تۇغامدىكەن؟ — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ.

— ئادەم كۈچۈك تۇغقان يەردە، كېيىك ئادەم تۇغالمامدىكەن؟ — دەپتۇ ھۆرلىقاخان. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ ـ دە، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، خوتۇنلىرىغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنلىرى سىرنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ زوۋان سۇرمەپتۇ. چوڭ خوتۇنى گەپنى بۇراپ:

— مېھمانلار ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالدىمىكىن. تاماشا قىلدۇرسىلىچۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ مېھمانلارغا قاراپ:

— كۆڭلۈڭلار نېمىنى خالايدۇ. مېھمانلار؟ خىزمىتىڭلار

ئۇچۇن تەييارمەن، — دەپتۇ.

— ئەگەر پادىشاھىئالەمگە مالال كەلمىسە، شۇ شەھەر خەلقىڭىزنىڭ چوڭ - كىچىكىگىچە ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۆرسەك دېگەن تىلىكىمىز بار ئىدى، — دەپتۇ ھۆرلىقاخان.

— جېنىم بىلەن. مېھمانلار، قانداق كۆرۈشنى خالايسىزلەر؟ ھەربىر ئۆيگە ئەكىرىپ كۆرسىتەيمۇ ياكى ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ كۆرسىتەيمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۆيمۇئۆي كىرىشكە ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى شۇ ساراي دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزسىلە، بىز شۇ دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ كۆرسەك دەيمىز، — دەپتۇ ھۆرلىقاخان. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە:

— بۈگۈن شەھەرنىڭ بارلىق خەلقى ساراي دەرۋازىسىدىن ئۆتسۇن! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بۇيرۇق شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسىگە يېتىپتۇ.

كۈن چۈشتىن ئۆتۈپ، پېشىن بولغاندا، پادىشاھ مېھمانلار بىلەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپتۇ. ھۆرلىقاخان ئوغۇلنى دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە، قىزنى ئىككىنچى تەرىپىگە قويۇپ، ئۆزى كېيىك بىلەن بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشكەن شەھەر خەلقى توپ - توپ بولۇپ دەرۋازىدىن ئۆتۈپتۇ. ھېچكىم قالمىغاندىن كېيىن، ھۆرلىقاخان پادىشاھقا قاراپ:

— پادىشاھىئالەم، مېنىڭچە، ھەممە ئادەملىرى ئۆتمىگەندەك قىلىدۇ. بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقتا قېپقالغان كىشىلەردىن يوقمىدۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ لەشكەر باشلىقلىرىغا قاراپ:

— ھەربىر ئۆيگە بىردىن لەشكەر ئەۋەتىپ سۈرۈش-

تۇرۇپ كۆرۈڭلار، قالغان كىشىلەر بولسا دەررۇ دەرۋازىدىن ئۆتسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى لەشكەرلىرىنى ئۆيمۇئۆي ئىزدىتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر لەشكەر ئېغىلدىكى كاتەكتە سولاقلىق تۇرغان بىر خوتۇننىڭ دەرۋازىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ.

— مەيلى، ئۇمۇ ئۆتسۇن، ئادەم بالىسى ئەمەسمۇ، مېھمانلار ئۇنىمۇ كۆرسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

بىر ۋاقىتتىن كېيىن چاچلىرى پاخپىيىپ، چىرايى سامانسەك سارغىيىپ كەتكەن بىر خوتۇننى ئىككى كۆزەتچى ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇ خوتۇن دەرۋازىغا يېقىن كېلىشى بىلەنلا بىر ئەمچىكىنىڭ سۈتى ئوغلىنىڭ، بىر ئەمچىكىنىڭ سۈتى قىزىنىڭ ئاغزىغا تىرىلداپ ئېتىلىپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا ھۆرلىقاخان كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئانىنى بالا، بالىنى ئانا بىلەن ۋە ئانىنى بالا، بالىنى ئانا بىلەن تېپىشتۇردۇم. ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، ئەيىبسىز ئانىنىڭ ئالدىغا كۈچۈكلەرنى تاشلىغانلار پادىشاھنىڭ مۇنۇ چوڭ خوتۇنلىرى بىلەن مۇنۇ مەستان كەمپىر، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانا - ئانا ۋە بالىلار بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

پادىشاھ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ خوتۇنلىرى بىلەن مەستان كەمپىرنى ئاساۋ ئاتلارغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى دەررۇ ئاساۋ ئاتلارنى كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى ۋە مەستان كەمپىرنى ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاتلار چاپە - چاپە ھېلىقى تۆت خوتۇننى سۆرەپ، پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ.

ئانا - ئانا بالىلىرى بىلەن ئەنە شۇنداق تېپىشقانىكەن.

# ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشىنىڭ ئىسكەندەر دېگەن ئوغلى
بولغانىكەن. ئىسكەندەر چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، ئاتا ـ
ئانىسى ئوغلىنى ئۆيلەش توغرىسىدا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ـ
تۇ. ئۇلار بىر كۈنى كەچكى تاماقتىن كېيىن ئىسكەندەرنى
يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئوغلۇم، بىز بولساق قېرىدۇق، پۇتىمىز گۆرگە ساڭ ـ
گىلاپ قالدى. كۆزىمىزنىڭ ئۇچۇقىدا سېنى ئۆيلەپ قويايلى
دەۋاتىمىز، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئىسكەندەر بولسا، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ جاھان كېزىشنى
ئارزۇ ـ ھەۋەس قىلىپ يۈرگەنىكەن، چۈنكى ئۇ يولۇچى ۋە
جاھانكەزدىلەردىن بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ يۈ ـ
رۈپ، كۆڭلىدە شۇنداق ئارزۇ ـ ھەۋەس قوزغالغانىكەن. شۇ ـ
نىڭ ئۈچۈن ئۇ:

— ئۆيلىنىش قېچىپ كەتمەس. كۆڭلۈمدە بار چوڭ ئار ـ
زۇ ـ ھەۋەس. ئەگەر سىلەر رازىلىق بەرسەڭلار، مەن ئالدى
بىلەن جاھاننى بىر كېزىپ كەلسەم. — دەپتۇ.

يالغۇز ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە بۇنداق ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ
بارلىقىنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ ـ دە:

— مەيلى، ئوغلۇم. ئەگەر كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئارمىنىڭ

بولسا، بىز رازى، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا - ئانا ئىسكەندەرنىڭ يول تەييار- لىقىنى باشلاپتۇ ۋە بىر كۈنى جۈمەدىن كېيىن ئوغلىنى كارۋانلارغا قوشۇپ سەپەرگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلارمۇ ئۆتۈپتۇ. كارۋانلار شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ، ساتىدىغان ماللىرىنى سې- تىپ، ئالىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ قايتماقچى بولغاندا، ئىس- كەندەر ئاتا - ئانىسىغا: «مەن ئامان - ئېسەن يۈرت كېزىپ يۈرىمەن. مېنىڭدىن قايغۇرماڭلار. مەن ئەمدى باشقا شەھەرگە كەتتىم» دەپ ئىككىلىك خەت يېزىپ كارۋانلاردىن ئەۋەتىۋې- تىپ، ئۆزى باشقا شەھەرگە كېتىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئىسكەندەر شەھەرمۇشەھەر كېزىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى چوڭ بىر شەھەردە تا- ماشا قىلىپ يۈرسە، ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن نۇرغۇن كىشىلەر بىر ياققا كېتىپ بارغۇدەك. بۇ شۇنداق نۇرغۇن كىشىلەر ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى كۆرۈنمىگۈدەك.

ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ نەگە كېتىپ بارغانلىقىنى سورىسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەستىن، پەقەت ئۆز - ئۆ- زىگە: «ھە خۇدا، ماڭا تاشلىسىدى» دېگەن گەپنىلا دەپ يولغا كېتىۋېرىپتۇ. ئىسكەندەر ئۇياق - بۇياققا قارىسا، بىر ئىشىك تۈۋىدە بىر موماي قاراپ تۇرغۇدەك. ئىسكەندەر يۈگۈرۈپ مو- ماينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— موما، بۇ كىشىلەر نەگە ۋە نېمە ئىشقا كېتىپ بارى- دۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھوي بالام، بۇ شەھەردىكى خاننىڭ ھۆرلىقا دېگەن بىر قىزى بار. ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىق بىر قىزكى. ئەگەر جاھاندا چىرايلىق ئىككى بولسا، بىرى شۇ قىز، ئەگەر بىرلا

بولسا، ئۆزى شۇ. ئەنە شۇ قىزغا پۈتۈن جاھاندىكى شاھزادى-
لەر، بەگزادىلەر ۋە بايلارنىڭ باللىرى ئاشىق بولۇپ ئەلچى-
لەر ئەۋەتىشتى. لېكىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كىمگە بېرىش-
نى بىلمەي، ئاخىر ئىختى-
يارنى قىزنىڭ ئۆزىگە قويى-
غان، شۇنىڭدىن كېيىن قىز
پۈتۈن يىگىتلەرنىڭ شەھەر
دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشىنى
ئۇقتۇردى. قىز دەرۋازىنىڭ
ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆتكەن
كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى
بىر - بىرلەپ كۆزدىن كە-
چۈرۈپ، ئۆزىگە ياققان بى-
رەر يىگىتكە ئالما تاشلىغۇ-
دەك. بۇ كىشىلەر ئەنە شۇ
دەرۋازىدىن ئۆتۈشكە كېتىپ
بارىدۇ، — دەپ سۆزلەپ





بىرىپتۇ موماي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرمۇ توپقا قوشۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە قولىدا بىر تال ئالما تۇتقان شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ، ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. شەھەر خەلقى دەرۋازىدىن ئۆتۈۋاتقۇدەك، لېكىن قىز ئالمىنى ھېچكىمگە تاشلىمىغۇدەك. كىشىلەر دەرۋازىغا يەتكۈچە چوڭ ئۈمىد بىلەن بارىدىكەن. ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىنىپ، روھى چۈشۈپ كېتىدىكەن.

ھەممىنىڭ كەينىدىن ئىسكەندەر دەرۋازىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا. قىز قولىدىكى ئالمىنى ئىسكەندەرگە قارىتىپ تاشلاپتۇ. قىزنىڭ ئالمىنى نى - نى كېلىشكەن شاھزادىلەر ۋە بەگزادىلەرگە تاشلىماي، ئاددىي بىر يىگىتكە تاشلىغىنىنى ئۇچۇن ھەممە ھەيران بوپتۇ. ئەمما، ئىسكەندەرمۇ ناھايىتى چىرايلىق، پېشانىسى ئوچۇق ۋە ئەقىللىق يىگىت ئىكەن.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، چوڭ توي - تۆكۈن ئۆتكۈزۈپ، قىزنى ئىسكەندەرگە نىكاھلاپ قويۇپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىرنەچچە ئايلار ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۆز شەھىرىگە قايتىش ئويىغا كەپتۇ - دە، خوتۇنىغا:

— ھۆرلىقا، مەن پالانى شەھەرنىڭ پۇقراسى، مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم بار. مەن جاھان كېزىپ چىققانىدىم، مانا خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، شەھەرلەرنى كەزدىم، تەقدىر - ئىرادە بىلەن ئىككىمىز قوشۇلۇپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى سەن ئاتا - ئاناڭدىن رۇخسەت ئالساڭ، مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا بارساق، — دەپ

مەسلىھەت ساپتۇ.

ھۆرلىقا بۇ مەسلىھەتنى توغرا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ رازىلىق بېرىپتۇ ۋە كۆپ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئىسكەندەر ئۆز شەھىرىگە توپتوغرا كەتمەستىن، يەنە كۆرمىگەن شەھەرلەرنى كۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كۆپ چۆللەرنى بېسىپ، قانچە دەر ـ يالاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ ۋە تالاي تاغلارنى ئېشىپ چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەردە ئۇلارنىڭ تونۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، شە ـ ھەرنىڭ چېتىدە ئىگىسىز بوش تۇرغان بىر ئۆيگە چۈشۈپ جايلىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ يول ئوزۇقلىرى تۈگەپ، ئاقچىلىرى ئاز قالغا ـ نىكەن، ئەمما ئىسكەندەر بۇ توغرىدا ھۆرلىقاغا ھېچنېمە دې ـ مەپتۇ ۋە ئۆزىچە خىجالەت بولۇپ، خىيال بىلەن ئېغىزىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھۆرلىقا ئاستا ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئىسكەندەر، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە سەۋەبتىن شۇنچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىسكەندەر:

— يولغا ئالغان ئوزۇقىمىز تۈگىدى، ئاقچىمۇ بىر ـ ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا قالدى. يولىمىز تېخى ئۇزاق، تونۇش ـ بىلىشلەرمۇ يوق، نېمە قىلىشنى بىلمەي خىيال سۈرۈپ قالدىم، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ھۆرلىقا ئېرىنىڭ كۆڭلىنى يۇپۇتۇپ:

— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە خىيال سۈرەمسىز؟ قويۇڭ، بىر

ئىلاجى بولۇپ قالار. ھازىر بازارغا بېرىپ ئىككى نان، بىر گەز ياخشى شايى، قىرىق بىر تۈرلۈك يىپەك يىپ ئەكېلىڭ، — دەپ ئىسكەندەرنى بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

ئىسكەندەر بازارغا بېرىپ، ئىككى نان، بىر گەز ياخشى شايى، قىرىق بىر تۈرلۈك يىپنى ئەكەپتۇ.

ئاخشىمى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئولتۇرۇپ ھېلىقى ئىككى نان بىلەن چاي ئىچىپ قورساقنى توقلاپتۇ، كېيىن ھۆرلىقا:

— سىز ئەمدى ئارام ئېلىڭ، ھېرىپ كەتتىڭىز، — دەپ ئىسكەندەرگە ئورۇن سېلىپ بېرىپتۇ. ئىسكەندەر يېتىپ ئۇخلاپتۇ ۋە ھۆرلىقانىڭ كېچىچە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەپتۇ. ھۆرلىقا بولسا كېچىسى قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى يىپلار بىلەن شايىدىن ناھايىتى چىرايلىق كەشتە ياغلىق توقۇپتۇ، ئۇنى سەھەرگە يېقىن پۈتكۈزۈپ قوزۇققا ئىلىپ قويۇپتۇ - دە، يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئەتىگەنلىكى ئىسكەندەر ئويغىنىپ تۇرسا، ھۆرلىقا ئۇخلاۋاتقان، قوزۇقتا ناھايىتى چىرايلىق بىر كەشتە ياغلىق ئېسىقلىق تۇرغان. ئىسكەندەر شۇنچە شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچ يەردە ۋە ھېچقاچان بۇنداق چىرايلىق ياغلىقنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ ھەيران بولۇپ: «ئەجەبا، بىزدە بۇنداق چىرايلىق كەشتە ياغلىق يوق ئىدىغۇ، بۇ نەدىن كېلىپ قالدى؟» دەپ ئەجەبلىنىپ تۇرغىنىدا، ھۆرلىقا ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئىسكەندەرگە:

— ئەجەبلەنمەڭ، بۇنى مەن كېچىچە ئولتۇرۇپ، تۈنۈگۈن سىز بازاردىن ئەكەلگەن يىپ ۋە شايىدا توقۇدۇم. ئەمدى سىز بۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىڭ. يۈز يامبۇ بەرمىسە، ساتماڭ. ساتقاندىن كېيىن بىر كۈنلۈك ئوزۇق ۋە يەنە تۈنۈ-

گۈنكىگە ئوخشاش بىر گەز شايى ۋە قىرىق بىر تۈرلۈك يىپ ئەكېلىڭ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ - تۆت قېتىملا كەشتە توقۇپ ساتساق، يولغا يېتەرلىك ئوزۇق جايلىۋالىمىز. — دەپ ئىسكەنـ دەرنى يەنە بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

ئىسكەندەر كەشتە ياغلىقنى قاتلاپ قوينىغا سېپتۇ - دە، بازارغا كېتىپتۇ. ئۇ بازارغا بېرىپ قوينىدىكى ياغلىقنى شۇنداق چىقىرىشى بىلەنلا، كىشىلەر ياغلىقنىڭ چىرايلىقلىـ قىغا ھەيران قېلىشىپ ئىسكەندەرنى ئورىۋېلىشىپتۇ. ھەركىم بۇ كەشتە ياغلىقنى سېتىۋېلىشقا قىزىقىپ ئۆزئارا تالىشىپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا شۇ شەھەردىكى خاننىڭ بالىسى بازارنى ئا- رىلاپ تاماشا قىلىپ يۈرگەنىكەن، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇ كىشىلەر نېمىنى شۇنچە تالىشىۋاتىدىكىنە، دەپ قارىسا، ناھا- يىتى چىرايلىق بىر كەشتە ياغلىقنىڭ سودىسى بولۇۋاتقان. ئۇنىڭمۇ ھەۋىسى كېلىپ بۇ ياغلىقنى ئالغۇسى كەپتۇ ۋە توپ- نىڭ ئارىسىغا يېرىپ كىرىپ:

— توختاڭلار، خالايىق، توختاڭلار. ياغلىقنى تالاشماي بۇ- ياققا بېرىڭلار ! بۇنىڭ ئىگىسى كىم ؟ باھاسى قانچە ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاڭغىچە بۇ ياغلىقنى تالىشىپ، بىر - بىرلىرى بىلەن بوغۇشۇۋاتقان كىشىلەر شاھزادىگە گەپ قىلالماي، ياغلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

— ياغلىقنىڭ ئىگىسى مەن، باھاسى يۈز يامبۇ. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسكەندەر.

شاھزادە دەررۇ يۈز يامبۇنى چىقىرىپ بېرىپتۇ - دە، ياغلىقنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولۇپ، پاھ، پاھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق توقۇلغان ياغلىق ئىكەنا ! بۇنى توقۇغان قانداق گۈزەلنىڭ چېۋەر قولىدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە كۆرۈش ۋە قولغا

چۈشۈرۈش كېرەك، دېگەن ئويغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستا ئىككى دوستىنى چاقىرىپ:

— سىلەر ھېچكىمگە بىلىندۇرمەستىن ئاۋۇ يىگىتنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ بارغان يېرىنى، ئۇ بارغان يەردە كىملەر بارلىقىنى تولۇق بىلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئىسكەندەرنى كۆرسىتىپتۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلا بازاردىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۇنى پايلاپ يۈرگەن ھېلىقى ئىككى يىگىت كەينىدىن يوشۇرۇنچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئىسكەندەر ئۆزى چۈشكەن ئۆيگە كېلىپ دەرۋازىدىن كىرسە، ھۆرلىقا ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ دەررۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى نەرسىلەرنى ئاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى پايلاپ كەلگەن ئىككى پايلاقچى دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ كۆرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بىز ھېلىقى يىگىتنىڭ كەينىدىن پايلاپ بارساق، ئۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارىساق، شۇنداق چىرايلىق بىر جۇۋان ھويلىنى سۈپۈرۈپ يۈرۈپتۇ، ئېھتىمال شۇ يىگىتنىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك. ئۇ جۇۋاننىڭ چىرايلىقلىقىنى بىر دېمەڭ. ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، — دەپتۇ.

— دېمەك، بۇلار باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇنداق بولسا بۈگۈن كەچتىلا ئىشنى باشلايلى، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئىككى دوستى بىلەن كەچتە ھېلىقى جۇۋاننى ئېرىدىن تارتىپ ئەكېلىشكە مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈن كەچ بوپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن ھۆر-

لىقا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر يېتىپ ئۇخلاپتۇ، ھۆرلىقا بولسا قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ كەشتە توقۇشقا باشلاپتۇ.



تۈن يېرىمدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا كەت-كەندىن كېيىن، شاھزادە ئىككى دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسكەندەر تۇرغان ئۆيگە كەپتۇ. ئۇلار ئاستا دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ. لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي ئىشىكنى بۇزۇشقا باشلاپتۇ.

شۇ ئارىدا ھۆرلىقا بۇ تاراق - تۇرۇقتىن قورقۇپ ئىسكەندەرنى ئويغىتىپتۇ. ئاڭغىچە شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۆيگە كىرىپ،

زورلۇق بىلەن ھۆرلىقانى سۆرەپتۇ. ئىسكەندەر قانچىلىك قارشىلىق قىلسىمۇ، يالغۇزلۇق قىلىپ كۆچى يەتمەپتۇ. ھېلىقى ئۆچى ئىسكەندەرنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ، پۇت ـ قولىنى باغلاپ، كوچىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا ـــ پاتقاقىغا تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە، ھۆرلىقانى ئەكېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مۆمىن دېگەن بىر كىشى ھارۋا ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېتى ئۈركۈپ ئۆتمەپتۇ. ھارۋىكەش ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قارىسا، پۇت ـ قولى باغلانغان بىر ئادەم لايغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. ئۇ دەررۇ ئىسكەندەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يېشىپ ھارۋىغا سېپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ.

مۆمىن ئىسكەندەرنى يۇيۇپ، قۇرۇق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، كۆرپىلەرگە ئوراپ ياتقۇزۇپتۇ. ئىسكەندەر خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر يات كىشىنىڭ ئۆيىدە ياتقان. ئىسكەندەرنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەن مۆمىن:

ـــ سەن كىم بولىسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ ئەھۋالغا دۇچار بولدۇڭ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ، بۇ ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن بۇ ئىشنى قىلغانلار كىم، ھۆرلىقانى كىملەر، نەگە ئەكەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. مۆمىن ئاكا بۇنى ئاڭلاپ:

ـــ قايغۇرما، ئۇكا، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر ئىشلار كېلىدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭ مۇشۇ شەھەردە بولسا، ئۇنى تېپىش ئاسان، ئۇنى تېپىشقا مەن ياردەم قىلىمەن. ـــ دەپ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى يۇپۇتۇپتۇ.

شوْنداق قىلىپ، ئاربدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئىسكەن-دەر ئاۋۋالقى ھالىغا كەپتۇ. بىر كۈنى مۆمىن ئاكا بازارغا بېرىپ خورجۇننىڭ ئىككى بېشىنى تولدۇرۇپ ھەر خىل ئۇششاق - چۈششەك ماللارنى، يەنى يىپ - يىڭنە، ئەينەك، دورا - دەرمانلارنى ئەكەپتۇ ۋە ئۇنى بىر سېۋەتكە سېلىپ:

— مانا، ئوكام، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن - قىزلارغا كېرەكلىك نەرسىلەر، سەن مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن كوچىمۇكوچا يۈرۈپ سېتىقچىلىق قىل. مۇشۇ نەرسىلەر ئار-قىلىق خوتۇنۇڭ بىلەن تېپىشىسەن. بۈگۈن ماڭغان كوچىلار بىلەن ئەتىسى ماڭما، ھەر كۈنى باشقا كوچىلار بىلەن ماڭ. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە پۈتۈن شە-ھەرنى ئايلىنىپ چىقىسەن. ئاۋازىڭنى ئايىماستىن: «ئەلەڭگە - مەلەڭگە، سەرەڭگە، مېنىڭدىكى ھەرنەرسە كېرەك بولۇر ھە-دەمگە» دەپ ۋارقىراپ ماڭ، — دەپ ئىسكەندەرگە بېرىپتۇ.

ئىسكەندەر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ: «ئەلەڭگە - مەلەڭگە، سە-رەڭگە، مېنىڭدىكى ھەرنەرسە كېرەك بولۇر ھەدەمگە» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كوچىمۇكوچا يۈرۈپتۇ. ھەربىر ھويلىدىن خو-تۇن - قىزلار يوگۇرۇشۇپ چىقىپ، بەزىلىرى يىپ - يىڭنە، بەزىلىرى سۈزگە - تارغاق، بەزىلىرى دورا - دەرمان، قىس-قىسى ھەركىم ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشىپتۇ، لېكىن ھۆرلىقا ھېچ يەردىن چىقماپتۇ. ئىسكەندەر شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى خان سارىيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

ھۆرلىقا ئەنە شۇ سارايىنىڭ ئۈستۈنكى ئۆيىدە ئىككى قىزنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا تۇرىدىكەن. ئۇ قايغۇ - ھەسرەت بىلەن خىيال سۈرۈپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرسا، ئۇنىڭ قۇلى-قىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ

دىرىزىدىن قارىسا، «ئەلەڭگە ـ مەلەڭگە، سەرەڭگە...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىر سىۋەتتە جىق ئۈششاق ـ چۈششەككىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئېرى ئىسكەندەر كېتىپ بارغۇدەك. ھۆرلىقا يېنىدىكى قىزلارغا بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن:

— قىزلار، مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئاۋۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان كىشىدىن باش ئاغرىقىنىڭ دورىسى بولسا ئەكىرىڭلار. ئۆزۈڭلارغىمۇ بىرەرنەرسە كېرەك بولسا ئېلىڭلار، — دەپ پۇل بېرىپتۇ.

قىزلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەتكەندە، ھۆرلىقا بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قىزلار ئۆزلىرىگىمۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، بىر قۇتا دورا كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ھۆرلىقا دورىنى ئېلىپ قارىغان بوپتۇ ـ دە، ئاستاغىنا ھېلىقى خېتىنى قۇتىنىڭ ئىچىگە ساپتۇ ۋە:

— بۇ دورا ئۆزىمىزدىمۇ بارغۇ. مەن باشقا ياخشىراق دورا بارمىكىن دېۋىدىم. بۇنىڭ كېرىكى يوق. مەڭلار. ئاچىقىپ قايتۇرۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

قىزلار قۇتىنى ئېلىپ يەنە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپتۇ ـ دە، ئىسكەندەرنى توختىتىپ:

— بۇ دورا مەلىكەمىنىڭ ئۆزىدە بار ئىكەن، — دەپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. لېكىن، بۇ ئىشلارنى نە قىزلار، نە ئىسكەندەر چۈشەنمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىسكەندەر كەچكىچە كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ كەچقۇرۇن قايتىپ كەپتۇ.

ئۆيدە كەچلىك تاماقنى يەپ ئولتۇرۇپ، مۆمىن ئاكا:

— ئىشلىرىڭ قانداق، بالام؟ ھۆرلىقانى كۆرەلىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىسكەندەر:

— ياق، بوگۈنمۇ كۆرەلمىدىم. ئىشىم نەتىجىسىز. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن، مۆمىن ئاكىنىڭ كۆڭلى بىر

نەرسىنى تۈيغاندەك قىلىپ:

— سېنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن ياكى بىرەر نەرسەڭنى ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن كىشىلەر بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئىسكەندەر ماڭغان كوچىلىرىنى. قەيەردە، كىملەرگە نېمىلەرنى ساتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ يادىغا ئاپتۇ - دە:

— ھە راستلا. بۈگۈن بىر چوڭ ئىمارەتنىڭ ھويلىسىدىن ئىككى قىز چىقىپ بىر قۇتا دورا ئېلىپ كىرىپ كەتكەندى. لېكىن قايتىپ چىقىپ، بۇ دورا مەلىكەمنىڭ ئۆزىدە بار ئىكەن، دەپ قايتۇرۇپ بەردى. — دەپتۇ. مۆمىن ئاكا:

— قېنى. سېۋەتنى بېرى ئەكەلگىنە. — دەپ. سېۋەتتىدىكى قۇتىلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ قاراپتۇ ۋە بىر قۇتىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى تېپىپ، — مانا، بالام، مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرگىنە، — دەپ ئىسكەندەرگە بېرىپتۇ.

ئىسكەندەر خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ كۆرسە: «مەن خانىنىڭ سارىيىدا، ئۇستۇنكى ئۆيدە. سىزنى كۆردۈم، لېكىن ئالدىڭىزغا چىقىشقا ئامالىم بولمىدى، چۈنكى مەن كۆزەت ئاستىدا تۇرىمەن. سۆزنىڭ قىسقىسى، جۇمە كېچىسى تەييارلىنىپ كېلىڭ. قېچىپ قۇتۇلىمىز. ھۆرلىقا» دەپ يېزىلغانىكەن. ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ، ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۆمىن ئاكىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— مانا، ھۆرلىقا تېپىلدى، ۋەدە جۇمە كېچىسى ئىكەن. ئاڭغىچە تەييارلىق كۆرۈش كېرەك، — دەپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ئىسكەندەر تەييارلىق كۆرۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۇمە كۈنىمۇ كەپتۇ. مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرگە يولغا كېتەرلىك ئوزۇق ۋە ياخشى ئىككى ئاتنى توقۇپ تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئاخشىمى ئىسكەندەر بىر ئات-

نى مىنىپ، بىر ئاتنى سالتاڭ پېتى يېتىلەپ ھېلىقى سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۆيدە تېخى چىراغ ئۆچمىگەنىكەن. ئۇ: «بالدۇر كېلىپ قاپتىمەن، ئەمدى چىراغ ئۆچكۈچە بىر دالدىغا كىرىپ بىرئاز كۈتۈپ تۇراي» دەپ، چەترەك بىر يەرگە بېرىپ تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپتۇ ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قاياقا قېچىش، نېمە قىلىش خىيالى بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۇ يەردىن بىر ئوغرى ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، ئاتلارنىڭ پۇرقۇشلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، كېلىپ قارىسا، توقۇقلۇق ياخشى ئىككى ئاتنى چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ بىر كىشى ئۇخلاۋاتقان. بۇنى كۆرگەن ئوغرى: «مانا، خۇدايىم بەردى، ئامەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ، ئاستا يېقىن كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ قولىدىكى چۇلۋۇرنى كېسىپتۇ ـ دە، ئاتنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ كېتىپتۇ.

ئىسكەندەر ئۇيقۇچىلىقتا ھېچنېمىنى سەزمەي يېتىۋېرىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھۆرلىقا تەييارلىنىپ، ئىسكەندەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ دېرىزىدىن كوچىغا قاراپ تۇرغانىكەن.

بىر چاغدا ھېلىقى ئوغرى ئاتلارنى دۆپۈرلىتىپ، شۇ كوچا بىلەن سارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان ھۆرلىقا قاراڭغۇدا بۇنى ئىسكەندەر دەپ قاپتۇ ـ دە، تەييارلاپ قويغان بىر خۇرجۇن ئالتۇننى دېرىزىدىن تاشلاپتۇ ۋە ئۆزى ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ.

ئوغرى ئالدىغا چۈشكەن بۇ نەرسىگە ھەيران بولۇپ، ئاتتىن ئېڭىشىپ قارىسا، ئىچىگە لىق بىرنېمە تولدۇرۇلغان خۇرجۇن. ئۇ دەررۇ ئاتتىن چۈشۈپ خۇرجۇننى ئېچىپ قارىسا ئالتۇن. بۇنى كۆرگەن ئوغرى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئۇنى ئاتقا ئارتىپتۇ. شۇ ئارىدا ھۆرلىقا يېتىپ كېلىپ:

— قېنى، چاپسانراق بولـۇڭ، بىرەر كىشى كۆرۈپ قالـ.
غۇچە كېتەيلى، — دەپتۇ. ئوغرى بولسا ئۆز ـ ئۆزىگە: «مانا،
ئامەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ. بىر ئاتقا ھۆرلىقانى مىنگۈ.
زۈپ، بىر ئاتقا ئۆزى مىنىپ «چۇھ» دەپ تاغقا قاراپ كېتىپتۇ.

ئۇلار كېچىچە يول مېڭىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن تاغقا يېـ.
تىپتۇ، ئوغرى ئۆزى ياشايدىغان بىر ئۆڭكۈرگە ھۆرلىقانى
ئېلىپ كىرىپتۇ. يورۇق چۈشكەندە ھۆرلىقا ھېلىقى كىشىگە
قارىسا، ئىسكەندەر ئەمەس، باشقا بىر كىشى. «ئاھ، ئەمدى
راسا قولغا چۈشۈپتىمەنغۇ» دەپتۇ ھۆرلىقا ئىچىدە. ئوغرى
ھۆرلىقانىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ھەسرەتنى سېزىپ:

— نېمىدىن شۇنچە خاپىسىز، خېنىم؟ چىرايىڭىزنى
ئاچسىڭىزچۇ، مانا بۇ دۇنيالارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ، —
دەپ، ئۆڭكۈردىكى ساندۇقلىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان ۋە مەرۋايىتلارنى ھۆرلى.
قانىڭ ئالدىغا تۆكۈپتۇ. لېكىن، ھۆرلىقا سىر بەرمەستىن:

— ياق، نېمىدىن خاپا بولاتتىم، پەقەت ئات مىنىپ ئۆ.
گەنمىگەنلىكىمدىن ھېرىپ قالسام كېرەك، — دەپ قويۇپتۇ.

ئوغرى خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قاپتۇ.
ھۆرلىقا بولسا، بۇنىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ
ئىلاجىنى ئىزدەپ:

— ئۇھ، خېيمۇ ئۇسساپ كەتتىما، ئازراق سۇ تېپىلامدى.
كىن؟ — دەپ سۇ سوراپتۇ. ئوغرى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— سىز ئۈچۈن سۇ تۈگۈل، ئۆنىڭدىن باشقىلىرىمۇ تەيـ.
يار، — دەپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇلاقتىن بىر ئاپقۇر سۇ
ئەكېلىپ، ئازراق قېتىق قوشۇپ دوغاپ قىپتۇ ـ دە، ھۆرلى.
قاغا ئۇزىتىپتۇ. ھۆرلىقا دوغاپتىن ئازراق ئىچىپتۇ ـ دە،
ھەر ئېھتىمالغا قارشى يانچۇقىغا سېلىۋالغان زەھەرنى ئېلىپ

ئاستا دوغاپقا ئارىلاشتۇرۇپتۇ ۋە:

— سىزمۇ ئۇسساپ قالغانسىز، ئازراق ئىچىۋېلىڭ، — دەپ دوغاپنى ئوغرىغا ئۇزىتىپتۇ. ئوغرى دوغاپنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپتۇ - دە، بىرئازدىن كېيىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ يىقىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھۆرلىقا ئۆز كىيىملىرىنى خورجۇنغا سېلىپ، ئوغرىنىڭ ساندۇقىدىكى ئەرەنچە كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىپ، ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۆرلىقا كۈن بويى مېڭىپ تاغلاردىن ئېشىپتۇ. چۆللەردىن ئۆتۈپتۇ. كەچ كىرىپ تۈن باشلىنىپتۇ. تۈن بويى مېڭىپ كۆپ دەريالارنى بېسىپ ئۆ- تۈپ، يەنە بىر تاغقا



كەپتۇ. تالڭ سەھەردە تاغدىن ئېشىپ كېتىپ بارسا، ئاسماندا بىر قۇش ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، يەرگە قارىسا ناھايىتى نۇرغۇن كىشى قۇش قاياقتا ئۇچسا شۇ ياققا قاراپ، قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگۈدەك.

بىر ۋاقىتتا قۇش ئەگىپ - ئەگىپ تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ھۆرلىقانىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: «ۋاي خان ئالىيلىرى، مۇبارەك بولسۇن !» دېيىشىپ ھۆرلىقانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قولمۇقول كۆتۈرۈپ دېگۈدەك خان ئوردىسىغا ئەكېتىشىپتۇ.

ھۆرلىقا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ۋەقەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ خانى ئۆلۈپ قالغانىكەن، خاننىڭ تەخت ۋارىسى يوق ئىكەن، شۇڭا شەھەر خەلقى خانلىق تالىشىپ ئۆزئارا چىقىشالماستىن، ئاخىر خاننىڭ دۆلەت قۇشى دەپ ئاتالغان قۇشىنى ئۇچۇرۇپ: «ئەگەر شۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ خان بولىدۇ» دېگەن قارارغا كەلگەنىكەن. شۇ قۇش ھۆرلىقانىڭ بېشىغا كېلىپ قونغىنى ئۈچۈن قارارغا مۇۋاپىق ئۇنى شۇ شەھەرگە خان قىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ھۆرلىقا ئايالچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپتۇ - دە، يەنە ئەرەنچە كىيىنىۋاپتۇ، كېيىن ساراي باشقۇرغۇچىنى چاقىرىپ:

— مۇشۇ سۈرەتنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ، ئۇنىڭ يېنىغا قاراۋۇل قويۇڭ. ئەگەر كىمدەكىم شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ «ئاھ - ۋاھ» ئۇرسا، دەررۇ مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ھەيدەپ كېلىڭ. — دەپ ئەمر قىپتۇ.

ساراي باشقۇرغۇچى خاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنداپ. سۈرەتنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ ۋە قاراۋۇللارنى قويۇپتۇ. ئەمدى

گەپنى ئىسكەندەردىن ئاڭلايلى:

ئىسكەندەر ئۇخلاپ قېلىپ ئاتلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى: «خانىنىڭ كېلىنى قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ. غەزىپى قايىنىغان شاھزادە: «ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىمەن، يەرگە كىرىپ كەتسە چېچىدىن تارتىپ چىقىمەن» دەپ، يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرمۇ: «دېمەك، ھۆرلىقا قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى بىز نەدە بولمىسۇن تېپىشىپ قالارمىز» دەپ، ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە ھۆرلىقانى ئىزدەپ يۈرۈپ، دەل شۇ ھۆرلىقا خانلىق قىلىۋاتقان شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەرگە كىرىشتە دەرۋازىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى سۈرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە: «ئاھ، جېنىم خوتۇنۇم، نەلەردە ۋە كىملەرنىڭ قولىدا يۈرىدىغانسەن؟» دەپ ئاھ ـ ۋاھ ئۇرۇپتۇ. نۆكەرلەر شۇ زامات ئۇنى تۇتۇپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي خانىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ھۆرلىقا ئۇنى شۇ زامات زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇمۇ دەرۋازىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ: «ئاھ، جېنىم خوتۇنۇم، نەلەردە ۋە كىملەرنىڭ قولىدا يۈرىدىغانسەن؟» دەپ ئاھ ـ ۋاھ ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. نۆكەرلەر بۇنىمۇ خانىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھۆرلىقا ئۇنى تونۇسىمۇ تونۇماسقا سېلىپ، ئۇنىمۇ زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ.

ھۆرلىقا شۇ كۈنى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك جىمىكى ئاھالىسىگە ئوردىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا

توپلىنىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەم كۆرسىتىلگەن ۋاقىتتا ساراي ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىپتۇ ۋە نېمە ئىش بولىدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھۆرلىقاخان ۋەزىرلىرى بىلەن بىرگە چىقىپتۇ ۋە ئىسكەندەر بىلەن ھېلىقى شاھزادىنى زىنداندىن ئالدۇرۇپ چىقىپ:

— ئەي پۇقرالىرىم ! مەن سىلەرنىڭ قارارىڭلار بويىچە خانىڭلار بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتىمەن. ئەمدى مېنىڭ سىلەرگە ئاشكارىلايدىغان بىر سىرىم بار. قۇلاق سېلىڭلار. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن ئەركەك ئەمەس، بەلكى ئايال كىشى-مەن. مېنىڭ ئېرىم بار ئىدى. لېكىن بىزنىڭ بېشىمىزغا بەختسىزلىك كېلىپ، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندۇق، مانا ئەمدى تېپىشتۇق. مېنىڭ ئېرىم مانا بۇ يىگىت، — دەپ ئىسكەندەرنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — بىزنىڭ بېشىمىزغا بۇ دىشۋارچىلىقلارنى سالغان مانا بۇ قارا نىيەت، — دەپ شاھزادىنى كۆرسىتىپ ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، ئاخىرىدا، — قارا نىيەت شاھزادىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈڭلار. ئەمدى مەن خانلىقنى ئېرىم ئىسكەندەرگە تاپشۇرىمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

ياساۋۇللار ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، شاھزادىنى بىر ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇۋېتىپتۇ. ئات ئۇنى سۆرەپ، تېپىپ يورۇپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

ئىسكەندەر شۇ كۈندىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرۇپ خانلىق قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئاتا - ئانىسىنىمۇ يېنىغا ئەكېلىۋاپتۇ.

# بۇلبۇلگويا

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ بېغىنى سەيلە قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپتۇ ۋە ھارغاندىن كېيىن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان باراڭدا دەم ئېلىپ يېتىپ، ھەرخىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن مەست بولۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بىر باغ. باغدا خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك. قۇشلارنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر قۇش ئالايىتەن بىر يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ھەممە قۇشلاردىن چىرايلىق سايرىغۇدەك. ئۇنىڭ ھەربىر سايرىشىدا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چۈشكۈدەك. بۇ قۇشنىڭ ئېتى بۇلبۇلگويا ئىكەن.

پادىشاھ: «ئاھ، بۇلبۇلگويا» دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئۆز بېغى. ھەرقاچاندىكى مەنزىرە — گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان. «بۇ مەنزىرىگە بىر بۇلبۇلگويا بولارمىدى؟!» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ ئەس - خىيالى ھې-

لىقى چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگويادا قاپتۇ.

پادىشاھ: «ئاھ، شۇ بۇلبۇلگويانى بىر كۆرسەم، ئۇ-نىڭ سايراشلىرىنى بىر ئاڭلىسام!» دېگەن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن كۈندىن - كۈنگە خىيالغا چۆكۈپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، چىرايى سارغىيىپ، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتىدىغان بوپتۇ. ئاتىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن بالىلىرى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن:

— ئاتا، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە بۇنچە خىيالغا چۆ-كۈپ، چىرايىڭىز سارغايدى؟ نېمە ئارزۇ - ئارمىنىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. لېكىن پادىشاھ:

— قويۇڭلار، بالىلىرىم، مېنىڭ دەردىمنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر؟ سىلەر سورىماڭلار، مەن ئېيتماي، — دەپ زادى ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. لېكىن، بالىلىرى ئاتىسىغا تىنچلىق بەرمەي ھەر كۈنى سوراۋېرىپتۇ. ئاخىر ئاتىسى ئۆزىنىڭ باغدا يېتىپ كۆرگەن چۈشىنى ۋە شۇ چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگويا-غا ئىشق - پىراقى چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەنە شۇ بۇل-بۇلگويانى كۆرۈش، ئۇنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاش ئارزۇ - ئارما-نىدا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى:

— بۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا خىيال سۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلامسىز، ئاتا؟ مەقسىتىڭىز شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا شۇ چاغقىچە بىزگە ئېيتمايسىز؟ مانا بىز — بالىلىرىڭىز ئەلۋەتتە ئۇ بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىپ، سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەلەيمىز، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ شۇنداق دەپتۇ. كېيىن بالىلىرى بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلى-نىشقا ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ.

پادىشاھ. بۇلبۇلگويانىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ئۇنى تاپالامدۇ، تاپالامدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئاخىردا:

— مەيلى، ئىزدىسەڭلەر ئىزدەپ كۆرۈڭلار، تېپىپ كەلسەڭلار ئەجەب ئەمەس. بالىلىرىم، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ، سايرىشىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلىمۇ:

— ئاتا، مەنمۇ باراي؟ — دەپ ئىجازەت سوراپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ: «قوي، ئۇكام، يول ئۇزۇن ۋە قىيىن، سەن بولساڭ تېخى كىچىك، قىينىلىپ قالىسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىدا ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋەرگىن» دېگىنىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ: «ياق، بالام، سەن تېخى سەپەرگە چىقىپ باقمىغان، ئاكىلىرىڭ بارسۇن، سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئويۇنۇڭنى ئويناپ يۈرۈۋەرگىن» دېگىنىگە كۆنمەي:

— ياق، بارىمەن دېدىم بارىمەن، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— نەسىھەتكە كۆنمىسەڭ، مەيلى بېرىۋەر، بالام، كۆرگۈلۈكۈڭ بولسا كۆرەرسەن، — دەپ، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا سەپەرگە تەييارلىنىشقا باشلاپتۇ، يول ئۇزۇقى ئۈچۈن ياغلىق توقاچلارنى ياقتۇرۇپ، سۇر گۆشلەرنى پىشۇرۇپ ئۈچ خۇرجۇننى تولدۇرۇپتۇ، تاغدىكى يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ ياخشى ئۈچ ئاتنى تاللىۋاپتۇ، ئۇلارغا يولغا ئالغان ئۇزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئارتىپ ۋە ئاتا - ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر، ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلار كۆپ دەريالارنى كېچىپ، ئۇزۇن

يولـلارنى بىسىپتۇ، تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلارغا ئۈچ ئاچا يول ئۇچراپ-تۇ. بۇ ئۈچ ئاچا يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىلغانىكەن. خەتتە ئوڭ تەرەپتىكى يول «بارسا كېلەر»، ئوتتۇرىسىدىكى يول «بارسا يا كېلەر، يا كەل-مەس»، سول تەرەپتىكى يول «بارسا كەلمەس» دەپ يېزىلغانىكەن.

ئەنە شۇ يەردە بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا: «ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا باشقا - باشقا ماڭايلى، ئىزدىگەن بۇلبۇلگويانى بىرىمىز تاپالمىساق، يەنە بىرىمىز تاپارمىز» دېيىشىپ، ئۈچى ئۈچ يولغا چۈشۈپ ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن ھېچقايسى-سىنىڭ «بارسا كەلمەس» يولغا ماڭغۇسى كەلمەپتۇ. ئاكىلىرى-نىڭ مۇشۇ ئوي بىلەن قىينىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەيلى، ئاكىلار، «بارسا كەلمەس» يولغا مەن ماڭاي، سىلەر باشقىلىرىدا مېڭىڭلار، — دەپتۇ كەنجىسى.

— مەن «بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس» يولغا ماڭاي، —



دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

— ئۇنداق بولسا مەن «بارسا كېلەر» يولغا ماڭاي، — دەپتۇ تۇنجىسى.

ئۇلار قايىسىبىرىنىڭ قايتقان، قايىسىبىرىنىڭ تېخى قايتمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەگەر كىم ئىلگىرى قايتقۇدەك بولسا. ئەنە شۇ تاشقا ئۆز ئىسمىنى ۋە قايتقان كۈنىنى يېزىپ كېتىشى ھەققىدە شەرتلىشىپتۇ ـ دە، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ يولغا چۈشۈپ، ئۈچ تەرەپكە راۋان بوپتۇ.

بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى شۇ كېتىشى بىلەن كۆپ يول يۈرۈپ، چۆل ـ باياۋانلارنى، تاغ ـ ئېدىرلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. يول ئۇزۇنقى توگەپتۇ، ئېتىنىڭ تاقىلىرى ئۈپراپ چۈشۈپ، ئېتى تېيىلىپ كېتىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر بۈك بوستانلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ بالا ئاشۇ يەردە ئادەم بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، توپتوغرا شۇ بوستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ، يەنە خېلى ماڭغاندىن كېيىن بوستانلىققا يېتىپ كېلىپ ئېتىنى لاڭقاغا باغلاپتۇ ـ دە، ئۆزى باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، سالقىن باغ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، تورلۇك ـ تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، كۆلگە تۆت تەرەپتىن كۈمۈشتەك سۈزۈك سۇلار قۇيۇلۇپ تۇرغۇدەك، لېكىن يا سۇنىڭ ئايىغى چىقمىغۇدەك. يا كۆل تاشمىغۇدەك. باغنى ئارىلاپ بىر يەرگە كەلسە، لىق بىر قازان تاماق پىشىپ تۇرغۇدەك. لېكىن، باغدا ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم بىرنېمە سالماي قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كەنجى بالا قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچمەكچى بولۇپ قولىنى چۆمۈچكە ئۇزاتقانىكەن، چۆمۈچ «تاق» قىلىپ با-

لىنىڭ ماشلىيىغا تېگىپتۇ؛ پېشىپ تۇرغان ئالمىلاردىن يېمەكچى بولۇپ قولىنى شاخقا ئۇزاتقانىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى «شاق» قىلىپ كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان بالا ئېتىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى كۆل بويىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا دەم ئېلىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپئاق كىيىنگەن، ئاق سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ھاسا تايىنىپ كېلىپ:

— بالام، سەن خەتەرلىك جايغا — دېۋىلەرنىڭ ماكانىغا كېلىپ قالدىڭ. نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھەي بالام، — دەپتۇ بوۋاي، — قىيىن نەرسىنى ئىزدەپ كەپسەن، چۈنكى ئۇ دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ يان بېغىدا، سەن ھازىر ئۇنىڭ چەت بېغىدا تۇرۇۋاتىسەن. ئۇنى ئالماقچى بولۇپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ئادەم دېۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن سەن بىر ئىلاجىنى قىلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق قىل: ھەر كۈنى كۈن قىزىغان ۋاقىتتا يېنىڭدىكى شۇ كۆلگە ئىككى كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپ چۆمۈلۈپ ئوينايدۇ. بۇلار ئەنە شۇ دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزلىرى. سەن سەزدۇرمەي ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋال-دە، قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى سوراپ تۇرۇۋال. ئۈزۈكنى ئالماي تۇرۇپ كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەرمىگىن، بولمىسا، ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن. خوپ، بالام، مەقسىتىڭگە يەتكىن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

بوۋاي دۇئا قىپتۇ-دە، غايىب بوپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بالىنىڭ قۇلىقىغا بىرى: «كۆزۈڭنى ئاچ!» دېگەندەك قىپتۇ، بالا چۆچۈپ ئويغانسا ھېچكىم

يوق، پەقەت ئاسماندا ئىككى كەپتەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئوينىشىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بالا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى كەپتەرلەر كۆلنىڭ بويىغا چۈشۈپ بىر قانات قاققانىكەن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس چىرايلىق قىزلارغا ئايلىنىپتۇ، كېيىن باغنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىشىپتۇ، ئالمىلاردىن ئۈزۈپ يېيىشىپتۇ، قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچىشىپتۇ، ئاندىن كۆلگە كەپتۇ ـ دە، كىيىملىرىنى سېلىپ قويۇپ چۈمۈلۈشكە، بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا بالا سەزدۈرمەي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. قىزلار سۇغا چۈمۈلۈپ بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيەي دېسە يوق تۇرغۇدەك. قىزلار يالىڭاچ بولغانلىقتىن ئىزا تارتىپ كۆلدىن چىقالماپتۇ ۋە كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپ يالۋۇ ـ رۇشۇپتۇ، لېكىن بالا قىزلارغا:

— ئۆزۈكۈڭلارنى بەرسەڭلار، قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ. قىزلار يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ كىيىملىرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن ھەر ئىككىسى قولىدىكى ئۆزۈكنى چىقىرىپ بېرىپ ـ تۇ. بالا ئۆزۈكنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى قايتۇ ـ رۇپ بېرىپ، ئۆزى گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇپتۇ. با ـ لىمۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

قىزلار كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ تۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئىچىدە، بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق ئا ـ دەمزات تىرىك كەتمەيتتى، لېكىن بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ قورق ـ ماسلىقى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈش ـ مەستىن، بىزنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. دېمەك، بۇ يىگىتتىن ئايرىلماسلىق كېرەك، دەپ ئويلاپ، ھەر ئىككىسى بالىنىڭ

جامالىغا زوقلىنىپ ئاشىق بوپتۇ، ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ قور-سىقىنى تويغۇزۇپتۇ، ئالما ئۈزۈپ بېرىپتۇ. باغنى سەيلە قىلـدۇرۇپتۇ. ئېگىچە - سىڭىلنىڭ ھەرقايسىسى يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى بولۇپ، تالىشىپ قاپتۇ. ئاچىسى:

— مەن سىنىڭدىن چوڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىگىت مې-نىڭ بولۇشى كېرەك. ئۇلجا دېگەن ئاۋۋال چوڭغا، كېيىن كىچىككە تېگىدۇ، — دەيدىكەن. سىڭلىسى بولسا:

— ياق، ئۇنى سىنىڭدىن ئاۋۋال مەن كۆرگەن، ئولجىمۇ ئاۋۋال تاپقاننىڭ بولىدۇ، — دەپ تالىشىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئېگىچە - سىڭىل ئىككىسى تالىشا - تالىشا ئۆزئارا كېلىشەلمىگەندىن كېيىن: «بولمىسا قازىغا با-رىمىز، قازى قايسىبىرىمىزگە بۇيرۇپ بەرسە، يىگىت شۇنىڭ بولسۇن» دەپ، دېۋىلەرنىڭ قازىسىغا بېرىپتۇ.

قازىنىڭ ئالدىغا ئاۋۋال ئاچىسى كىرىپ:

— قازى بېگىم، بىز ئېگىچە - سىڭىل ئىككىمىز بىر ئولجا تېپىۋالغانىدۇق، لېكىن ئۇنى ئىككىگە بۆلگىلى بولمايـدۇ. سىڭلىم بولسا: «مەن ئاۋۋال كۆرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالىمەن» دەيدۇ. مەن بولسام: «چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن ئالىمەن» دەيمەن. شۇ سەۋەبتىن ئالدىلىرىغا كەلدۇق، شۇ ئولجىنى قايسىمىز ئېلىشىمىز كېرەك؟ — دەپتۇ.

قازى بولسا قىزنىڭ ھۆسن - جامالىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ - دە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئولجا ئاۋۋال كۆرگەننىڭ بو-لىدۇ. ئەگەر سىز ئولجىنى ئېلىشقا شۇنچە قىزىقىپ كەتكەن بولسىڭىز، ئاۋۋال مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭ. ئولجىنى سىزگە بۇيرۇپ بېرىمەن، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.

قىز يىگىتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قازىنىڭ

شەرتىگە ئىلاجسىز رازى بوپتۇ. قازى قىزنى مەھكەم قۇچاق-لىۋېلىپ سۆيۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان سىڭلىسى بۇ ئىشنى كۆرۈپ قېلىپ دەررۇ يۇ گورۇپ كىرىپتۇ ـ دە:

— ھەي شەرمەندىلەر، بۇ قانداق ئىش ؟ ! سىلەرنى دادامغا ئېيتىمىسام، توختاڭلار ! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئەگەر بۇ گەپ پادىشاھقا يەتسە، كاللىسى كېسىلىدىغانلى-قىدىن قورققان قازى:

— ھاي قىزىم، ۋارقىرىماڭ، ئولجا سىزنىڭ، گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن ! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە يىگىتنى كى-چىككە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتىپ قويسا، جېنى تېنىدىن جۇدا بولۇشتىن قورققان ئاچىسىمۇ:

— جېنىم سىڭلىم، ئاغزىڭنى يۇم، مەيلى، يىگىت سې-نىڭ بولسۇن ! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

يىگىتنى ئۆزىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇۋالغان سىڭلىسى خۇشال بولۇپ:

— مەيلى، سىلەرنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سىلەر كۆر-مىدىڭلار، — دەپ يۈگۈرگىنىچە يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپتۇ ۋە يىگىتتىن بۇ يەرلەرگە نەدىن ۋە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ نە-دىن ۋە نېمە مەقسەتلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئاھ، يولۇڭ يىراق، مەقسىتىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس ئىكەن. سەن ئىزدەپ كەلگەن بۇلبۇلگويا مېنىڭ دادامدا. ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ باغرىدا ناھايىتى چىرايلىق يان بېغى-مىز بار، — دەپ. قولىنى سوزۇپ تاغنى كۆرسىتىپتۇ قىز، — بۇلبۇلگويا شۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئىچىدىكى

ئالتۇن قەپەسنە تۇرىدۇ. ئۇ باغقا ئادەم زاتى ئاياغ باسالمايدۇ، ئەگەر بىر ئىلاجىنى تېپىپ كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ تىرىك چىقالمايدۇ. بۇ يولدا تالاي ـ تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، بۇلبۇلگويانى ئېلىش ئۈچۈن مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. بۇ ئىشنى پەقەت جومە كېچىسىلا ئورۇنداش مۇمكىن، چۈنكى جومە كۈنى دادام ئوۋغا چىقىپ، كەچ قايتىدۇ ۋە ئاخشىمى هاراق ـ شاراب ئىچىپ، ئۇزاق ئويۇن ـ تاماشىلاردىن كېيىن ئۇخلاپ قالىدۇ، باغنىڭ قاراۋۇللىرىمۇ مەستلىكتە قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا باغقا كىرىش مۇمكىن. لېكىن، باغنىڭ ئىچىدە يولۋاس ۋە شىرلار بار، ئۇلار ناهايىتى خەۋپلىك. قولۇڭدىكى مانا بۇ ئۈزۈكنى باغدىكى يولۋاس ۋە شىرلار تونۇيدۇ. ئۇلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈشى بىلەنلا ساڭا هېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. بۇلبۇلگويانى پەقەت قەپىسى بىلەنلا ئالغىن، بىراق قەپەسنى ئېچىپ سالمىغىن، ئەگەر قەپەسنى ئاچساڭ، بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ ـ دە، لەشكەر ۋە قاراۋۇللار ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار تېنىڭنى پارچە ـ پارچە قىلىپ يولۋاس، شىرلارغا تاشلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىز يىگىتنى پىنھان بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە هەر كۈنى بىللە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جومە كۈنىمۇ كەپتۇ. سەھەردە دېۋىلەر پادىشاھى تاغقا ئوۋغا كېتىپتۇ. ئۇ كۈن بويى تاغمۇتاغلارنى كېزىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ هېرىپ ـ چارچاپ كەلگەندە، هاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تاماشا ئويۇشتۇرۇپتۇ. تاماشىغا دېۋىلەرنىڭ هەممىسى توپلىنىپتۇ.

يىگىت بۇلبۇلگويا تۇرغان باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. باغقا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ، دېۋىلەرنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ

يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. دىۋىلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىپتۇ، ھەممىسى مەستلىكتىن ئۆزلىرىنى بىلمەي ئۇخلىشىپ قاپتۇ.

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلغاندىن كېيىن يىگىت، دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلدىغۇ، دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە باغقا يېقىن كېلىپ ئوياق ـ بۇياققا قاراپتۇ. ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئاستا شورىدىن باغقا كىرىپتۇ. باغنى ئايلىنىپ يۈرگەن يولۋاس ۋە شىرلار يىگىتكە قاراپ ئېتىلىپتۇ. لېكىن يىگىت قولىدىكى ئۇزۇكنى شۇنداق كۆرسىتىشى بىلەنلا، ئۇلار جىم بولۇشۇپتۇ ۋە تەزىم قىلغاندەك باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ.

يىگىت گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن بۇلبۇلگويانى تېپىپتۇ ـ دە، ھېلىقى قىزنىڭ جېكىگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بۇلبۇلگويانىغۇ تاپتىم، ئەمدى قەپەسنى ئېچىپ ئۇنى بىر كۆلدۈرەيچۇ، دەپ قەپەسنى ئېچىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئويقۇدىكى ھەممە دىۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، باغقا قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزمۇ ئەنسىرەپ باغقا ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە دەررۇ كېلىپ يىگىتنى يوشۇرۇپ، قەپەسنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ، كېيىن يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن دىۋىلەرگە:

— بۇ مەن، بۇلبۇلگويانى كۈلدۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىۋاتىمەن، بۇ يەرگە مېنىڭدىن باشقا كىممۇ كىرەلەيتتى؟! خاتىرجەم بولۇپ، ئويقۇڭلارنى ئۇخلاۋېرىڭلار. — دەپ قايتۇرۇپتۇ.

دىۋىلەر قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز جايلىرىغا كېتىشىپتۇ. قىز بولسا بۇلبۇلگويانى جايىغا قويۇپ، بۇ ئىشنى كېيىنكى جۈمەگە قالدۇرۇپتۇ. سەۋەبى، بۇ ھەپتىدە

يىگىت بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كەتسە، دىۋىلەر ئۇنى قىزدىن كۆرۈشى تۇرغان گەپ.

شۇنداق قىلىپ، يەنە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. قىز بىلەن يىگىت كۆلگە چۆمۈلۈپ، باغدا ئوينىشىپ يۈرۈپ، جۇمە كۈنىمۇ كەپتۇ.

بۇ قېتىم قىز يىگىتكە راسا قاتتىق جېكىپ:

— ئەگەر قەپەسنى يەنە ئاچمىدىغان بولساڭ، ئەمدى ھەر ئىككىمىز ھالاك بولىمىز. قولىقىڭدا تۇتقىنىڭ، قەپەسنى زادى ئاچما ! — دەپتۇ.

دىۋىلەر پادىشاھى يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ ئولتۇرۇش قىپتۇ. ئويۇن - تاماشا، ئىچكۈلۈك باشلىنىپتۇ، يەنە ھەممىسى مەست بولۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا يىگىت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، تونۇش يول بىلەن باغقا قاراپ كەپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شورىدىن باغقا چۈشۈپتۇ. ئۆزىگە قاراپ ئېتىلغان يولۋاسلارغا يەنە ھېلىقى ئۇزۇكنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپتۇ - دە، گۈللەرنى ئارىلاپ بېرىپ، بۇلبۇلگويانى ئاپتۇ. ئۆتكەن جۇمە كېچىسى قىلغان خاتاسىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسكە ئېلىپ، قەپەسنى ئاچماستىن تۈپتۈز ئۆزى تۇرغان باغقا كەپتۇ ۋە بۇلبۇلگويانى ئېلىپ يۈرتىغا ماڭماقچى بوپتۇ. قىز يىگىتنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بېشىڭغا بىرەر ئېغىر كۈن چۈشكۈدەك بولسا، مانا بۇ چاچنى كۆيدۈرسەڭ، شۇ زامات مەن ھازىر بولىمەن، — دەپ بىر تال چېچىنى يۇلۇپ يىگىتكە بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىگىت تالاي دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ. ئايلار

ئۆتۈپتۇ، يىگىت نۇرغۇن چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ، ئاكىلىـ
رى بىلەن ئايرىلىشقان ھېلىقى ئۈچ ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ.
ئۇ يېتىپ كېلىپ تاشقا قارىسا، ھېچبىر خەت يېزىلمىـ
غان. يىگىت، ئاكىلىرىم تېخىچىلا قايتماپتۇ، ئۇلارنى تاشلاپ
كەتسەم بولماس، ئۇلارنى ئىزدەي، بولسا بىللە كېتەرمىز،
بولمىسا، بىر خەۋىرىنى ئېلىپ كېتەرمەن، دېگەن ئويغا كەپـ
تۇ ۋە ھېلىقى تاشقا: «مەن ئۇكاڭلار بۇلبۇلگويانى تېپىپ
قايتقاندىم، لېكىن سىلەر قايتمىغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى
ئىزدەپ كەتتىم. ئەگەر بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇچرىشالماي
قايتقۇدەك بولساق، مۇشۇ تاشقا يېزىپ كېتىڭلار، مەن
كەينىڭلاردىن يېتىپ بارىمەن» دەپ يېزىپ قويۇپ، ئوتـ
تۇرانچى ئاكىسى كەتكەن «بارسا كېلەر، يا كەلمەس» دېگەن
يولغا راۋان بوپتۇ.
كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ يىگىت چوڭ بىر شەھەرگە يېـ
تىپ بېرىپتۇ. بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ئوتتۇراـ
چى ئاكىسى بىر ئاشخانىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ، كۆلگە
مىلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. سەپسېلىپ قارىسا، كىيىملىرى
يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل بولۇپ، ئۆزى جۇدەپ، كۆزلىرى ئىـ
چىگە كىرىپ كەتكەنىكەن. ئۇكىسى ئاكىسىنى كۆرۈش بىلەنلا
دەررۇ تونۇسىمۇ، ئاكىسى ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ.
يىگىت ئۆزىنى تونۇتمايلا بېرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ ـ
دە، يۇز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاستا ئاشخانىغا كەپتۇ ۋە ئاشـ
پەزگە: «مەن پالانى دەڭدە تۇرىمەن، ئاۋۇ ئوت ياقارىڭىزدىن
مەن تۇرغان سارايغا مانتا ئەۋەتىپ بېرىڭ» دەپ پۇلىنى تۆلەپ
كېتىپتۇ.
ئاشپەز بىردەمدىن كېيىن بىر لېگەنگە مانتىنى سېلىپ،
ئوراپ، ھېلىقى ئوت ياقاردىن ئەۋەتىپتۇ. ئوت ياقار مانتىنى

ئۆكسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قايتماقچى بولۇپ بۇرۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۆكسى:

— توختاڭ، بۇ ياقتا كېلىڭ، مانتىنى بىللە يەيمىز، — دەپتۇ. ئوت ياقار بولسا خىجالەت بولۇپ:

— ياق، ياق، رەھمەت، بۇ جۇل - جۇل كىيىملىرىم بىلەن سىزدەك بىر بايۋەچچە بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىر لېگەندە تاماق يېسەم قاملاشمايدۇ، — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ، لېكىن ئۆكسى ئۇنىماي:

— ياق، بۇياققا كېلىڭ، مەن تاماقنى يالغۇز يېيەلمەيمەن. ماڭا ھەمراھ بولمىسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

كېيىن ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىپتۇ. ئاكىسى بۇ يىگىتنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىپتۇ، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

ئۆكسى ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ، ئاخىر ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. ئاكىسى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى، قانداق قىلىپ بۇ كۈنلەرگە دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۆكسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى ئەكېلىپ ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئاشخانىدىن چىقىرىۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى: «ئەمدى چوڭ ئاكىمىزنى تاپايلى» دېيىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار چوڭ ئاكىسىنى ئىزدەپ كۆپ يېزا ۋە شەھەرلەرنى كېزىپتۇ، ئۇچرىغان كىشىلەردىن سوراپتۇ، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالماي، يەنە بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بازارلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر يەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى شۇ يەرگە بېرىپتۇ.

قارىسا، ئوتتۇرىدا جۇل - جۇل كىيىملىك، قولىدا ئۇزۇن هاسا تۇتقان بىر قەلەندەر ساپايى سوقۇپ، ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. ئۇلار سىنچىلاپ قارىسا، ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەن چوڭ ئاكىسى ئىكەن. لېكىن، ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تونۇشلۇق بەرمەي، ئۆزلىرى چۈشكەن سارايغا بېرىپتۇ - دە، سارايۋەنگە ئىلتىماس قىلىپ:

— بىز بۈگۈن بازاردا ساپايى سوقۇپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر قەلەندەرنى كۆردۇق. ئۆزىمىز مۇساپىر بولغىنىمىز ئۈچۈن، شۇ قەلەندەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ قالدۇق، سىز شۇ قەلەندەرنى چاقىرىپ ئەكېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. سارايۋەن بازارغا بېرىپ قەلەندەرنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— هەي قەلەندەر، بۇياققا كەل، ئىككى كىشى سېنىڭ ناخشاڭغا خۇشتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار سودىگەرلەرمۇ ياكى سەيلە قىلىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەرمۇ بىلمەيمەن. ئۇلار بىزنىڭ سارايغا كېلىپ چۈشكەن، سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يۈر مەن بىلەن، — دەپ قەلەندەرنى بىللە ئەكەپتۇ.

قەلەندەر سارايغا كېلىپ:

— هەرقايسىلىرىنىڭ هۇزۇرلىرىغا قانداقلىكى خىزمەتلىرى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە كەلدىم، — دەپ تىز پۈكۈپ تەزىم قىپتۇ.

— كېلىڭ، كېلىڭ! — دېيىشىپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قەلەندەرگە جاي كۆرسىتىپتۇ، — بازاردا سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشتار بولۇپ قالدۇق، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلىپ كىشى ئەۋەتكەنىدۇق. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ناخشىڭىزنى بىر ئاڭلىساق، — دەپ ئۇنى ئۆز يانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قەلەندەر:

— ئەگەر مېنىڭ ناخشامغا خۇشتار بولساڭلار، سىلەردەك

ياخشىلارنىڭ سادىغىسى بولۇپ كېتەي، — دەپ قەددىنى رۇسلاپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بىردىن خىيالى بۆلۈنۈپ: «بۇ كىشىلەر كۆزۈمگە خويمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغۇ، قەيەردى-دۇر كۆرگەندەك قىلىمەن» دەپ ئويلاپتۇيۇ، لېكىن زادىلا يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

كېيىن كەنجى ئۇكىسى ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭ قى-لىپ، ئاستا - ئاستا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپتۇ ۋە ئۆزئارا قۇچاق-لىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن كېيىن كەنجىسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىملەرنى ئەكېلىپ، ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئۇزاق مۇڭدىشىپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىشىپتۇ.

بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كې-يىن، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مېڭىپ ئۆز شەھىرىگە يېتىشكە يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا، چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرانچىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر قۇ-دۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، هاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن توختاپتۇ. تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ دەم ئېلىپ ياتقاندا، ئىككى ئاكىسى يوشۇرۇنچە: «بىز ئۆيگە بارغاندا، ئۇكىمىز بۇلبۇلگويا-نى مەن تاپتىم دېسە، دادىمىز ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ كېتى-دۇ، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە، بىرىمىزنىڭ ئاشخانىدا ئوت قالاپ، بىرىمىزنىڭ تىلەمچىلىك قى-لىپ يۈرگىنىمىز-نى ئېيتىپ قوي-سا، بىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئۇيات



ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈۋالغىنىمىز تۈزۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇلبۇلگويانى ئۆزىمىز ئېلىپ بارايلى. ئەگەر ئۇكىمىزنى سورىغۇدەك بولسا، ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن، ئۇنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق، دەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار كەنجى ئۇكىسىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ، ئۆزلىرى بۇلبۇلگويانى ئېلىپ، يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بالىلىرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كېيىن كەنجى ئوغلىنى سوراپتۇ. ئۇلار كېلىشىۋالغان گېپى بويىچە:

— بىز بۇ يەردىن چىقىش بىلەنلا ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى كۆرمىدۇق. بىز بۇلبۇلگويانى تاپقاندىن كېيىن ئۇنى كۆپ ئىزدىدۇق، بىراق ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق... — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاتا ـ ئانا كۆپ قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپتۇ. بۇلبۇلگويامۇ سايرىماستىن مۈڭگىيىپ يېتىپتۇ.

ئاتىسى: «ئاھ. بۇلبۇلگويا تېپىلدى دەپ خۇشال بولسام، ئەمدى كۆز قارىچۇقۇم كەنجەم يوق. ھەممىدىن كەنجى بالامنىڭ دەردى مېنى يوقاتتى» دەپ يەنە ھەسرەتكە چۆكۈپتۇ. كەنجى بالىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ يۈرۈپ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلىپتۇ...

پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغاندىن كېيىن بىرنەچچە ۋاقىت ھوشسىز يېتىپتۇ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ تېگىدە ياتقۇدەك، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، قۇدۇقتىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپتۇ، لېكىن چىقال-

ماپتۇ. ھېلىقى قىز بەرگەن بىر تال چاچنى كۆيدۈرەي دەپ چاقمىقىنى چىقىپ كۆرسە، پىلىكى ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكـ. تىن يانماپتۇ. نەلەيگە يارىشا شۇ ئارىدا قۇدۇق يېنىغا بىر. نەچچە كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئاتلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن بىرى قۇدۇقتىن سۇ تارتمىشقا چېلەك تاشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا يىگىت چېلەككە ئېسىلىۋاپتۇ. كارۋان چېلەكنى تارتسا كۆچى يەتمەپتۇ. كېيىن ئىككى ـ ئۈچى بىر بولۇپ تەسلىكتە تارتىپ چىقارسا، بىر يىگىت چىقىۋاتقۇدەك.

يىگىت قۇدۇقتىن چىقىپ ۋەقەنى كارۋانلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ھېلىقى چاچنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئاسماندىن بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ قۇدۇق بېشىغا قونۇپ، بىر قانات قېقىپلا قىزغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، يىگىتتىن:

— بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قىز قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم چاۋاك چالغانىكەن، توقۇقلۇق ئىككى تۇلپار كىشنىگىنىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئاندىن ئىككىسى ئىككى تۇلپارغا مىنىپتۇ ـ دە، «چۇھ» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار يەتتە كۈنلۈك يولنى يېرىم كۈندە بېسىپ، ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت ئىشىكـ. تىن شۇنداق كىرىشى بىلەنلا، نەچچە كۈنلەردىن بۇيان كۆلـ. مەستىن غەمكىن ياتقان بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەـ. نىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسى پۈتۈن ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ. ئۇـ. كىسىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئاكىلىرى قورقۇپ كېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ.

كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلغان ئاتا بىلەن ئانا بۇلبۇلگويانىڭ كۈلۈشىنى ئاڭلاپ خۇشال بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلـ.

گەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سالام، مېھرىبانلىرىم، سالامەتمۇ سىلەر؟ مەن كىچىك ئوغلۇڭلار ! — دەپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆ ـ رۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا:

— ۋاي جېنىم بالام، بارمۇسەن؟ نەلەردە يۈرسەن؟ ئاكى ـ لىرىڭ سېنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ كەلگەنىدى. دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆز نۇرلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. بالام، — دەپ يىغلاپ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپتۇ ۋە، — ۋاي بالام، سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەنغۇ، — دەپ، ئوغلىنى يېڭىۋاشتىن باغرىغا بېسىپ يىغلىشىپتۇ.

كەنجى ئوغلى ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخىر ئۆلارنىڭ قىلغان قەستلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتا ـ ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇلبۇلگويا بۇلارنى ئالقىشلىغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، ھەر كۈلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئاتا نۆكەرلەرگە چوڭ ئوغلى بى ـ لەن ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلبۇلگويانى بىر كۆرۈشكە ئارمان قىل ـ غان پادىشاھ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالايتەن جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئۇنىڭ سايرىشىدىن زوقلىنىپ. مۇراد ـ مەقسىتى ـ گە يېتىپتۇ.

# ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەلنىڭ شانىياز دېگەن يالغۇز ئوغلى بولغانىكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن ھەركىملەرنىڭ مېلىنى بېقىپ، سۈيىنى توشۇپ، ھويلىلىرىنى سۈپۈرۈپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز تونۇر بېشىدا يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە چوڭ بىر دەريادا نۇرغۇن قىزلار چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇربۇۋى دېگەن چىرايلىق بىر قىز بۇ بالىغا قاراپ كۈلگۈدەك - دە، سۇ چېچىپ قاچقۇدەك. شانىياز ئۇنى قوغلايمەن دەپ تەمشەلسىمۇ، ئورنىدىن قوزغىلالمىغۇدەك. ئاخىر چېچىلغان سۇدىن ئەندىكىپ ئويغانسا، قاپقاراڭغۇ كېچە، يېنىدا ھېچكىم يوق. شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن. شانىياز: «ئاھ، چۈشۈم ئىكەن!» دەپتۇ - دە، شۇنىڭدىن باشلاپ چۈشىدە كۆرگەن نۇربۇۋىگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ قىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداق تېپىشنى بىلمەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غايىبانە ئىشق - مۇھەببەت ئوتى يېنىپتۇ. كېچە - كۈندۈز ئەس - ھوشى ئەنە شۇ قىزدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىشقى ئوتىدا شانىياز ئۆز شەھىرىنى تاشلاپ، تەركىدۇنىيا بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۆنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ،
ئايلار ئۆتۈپتۇ. شانىياز نۇرغۇن تاغ - دەريالار ۋە چەكسىز
چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. ئاخىر بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ
كەپتۇ. ئۇ بۇ شەھەردە نېمە قىلىشنى بىلمەي شەھەرنىڭ چې-
تىدىرەك بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ خىيال سۈرۈپ ئول-
تۇرسا، بىر موماي ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىقىپ
قاپتۇ. موماي شانىيازنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىسەن، بالام؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ئارتۇقچە غەم - قايغۇ مېنى خىيالغا غەرق قىلماقتا،
موما، — دەپتۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ شانىياز.

— بېشىڭغا قانداق غەم - قايغۇ چۈشتى، بالام، ياكى ئاتا -
ئاناڭ قوغلىۋەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— ياق، موما، ئاتا - ئانام يوق، يېتىم بالىمەن. بۇ يەر-
گە تېنەپ كېلىپ قالدىم. تونۇش - بىلىشىم يوق، بېشىم
گاڭگىراپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرىمەن، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ شانىياز.

— خىيال قىلىپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، بالام. مەن سا-
ڭا ئانا بولاي، سەن ماڭا بالا بول. ئېغىرىڭنى يەر كۆتۈرەر،
رىزقىڭنى خۇدا بېرەر، بالام، يۈر مەن بىلەن، — دەپ، موماي
شانىيازنى ئەگەشتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئانا - بالا بولۇپ ناھايىتى ئىناق
كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شانىياز مومايىنىڭ كالىلىرىنى بې-
قىپ، سۈيىنى توشۇپ يۈرۈپ خېلى كۆپ ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شانىياز مومايىنىڭ كالىلىرىنى بې-
قىپ، دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا نۇرغۇن قىزلار دەر-

يادا چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويىنىشىپ يۈر-
گۈدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىز شائىيازنىڭ كۆزىگە ناھا-
يىتى ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ قىزنى قەيەردىدۇر بىر يەردە،
قاچاندىدۇر بىر ۋاقىتتا كۆرگەندەكلا قىلغۇدەك. لېكىن زادىلا
يادىغا ئالالماپتۇ. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ ئارىدا قىزلارنىڭ بىرى ھېلىقى قىزغا قاراپ: «نۇر-
بۇۋى !» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا شائىيازنىڭ يۈرىكى
«شۇۋ» قىلىپ كېتىپتۇ. قارىسا چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى
قىزنىڭ ئۆزى. «تاپتىم» دەپتۇ ئىچىدە شائىياز. شۇ زامات ئۇ
بىر تال شاخنى شارتتىدە كېسىۋېلىپ نەي ياساپتۇ - دە، بىر
توپ تالنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چېلىشقا باشلاپتۇ. شائىياز نەي-
نى شۇنداق مۇڭلۇق بىر مۇقامغا چېلىپتۇكى، ئۇنى ئاڭلىغان
قىزلار تۇرغان جايلىرىدا قىمىرلىماي ھەيران بولۇپ قارىشىپ
قاپتۇ. كېيىن ئۇلار دەررۇ سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كى-
يىشىپتۇ - دە، نەي ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېلىشىپ-
تۇ ۋە تونۇش بولمىغان بۇ نەيچىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ
نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا غەرق بولۇشۇپتۇ. شائىياز بىردەم نەي
چالغاندىن كېيىن كالىلىرىغا قارىماقچى بولۇپ ئورنىدىن
تۇرغانىكەن، بېشى تالنىڭ شېخىغا تېگىپ دوپپىسى چۈشۈپ
كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى ۋە نۇر يې-
غىپ تۇرغان جامالىنى كۆرگەن نۇربۇۋى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ
قاپتۇ.

ئەتىسى شائىياز مومايىنىڭ بېغىدىن بىر دەستە گۈل ئې-
لىپ، ئۇنىڭ ئارىسىغا بىر پارچە خەت سېلىپ، يەنە كالىلى-
رىنى ھەيدەپ چىقىپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەندە، ھېلىقى
قىزلارمۇ چىقىپ ئويناپ - كۈلۈپ دەريادا سۇغا چۆمۈلۈشكە
باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شائىياز قىزلار چۆمۈلۈۋاتقان جاينىڭ باش

تەرىپىگە ئۆتۈپ، قولىدىكى گۈلدەستىنى سۇغا تاشلاپتۇ. نۇر-بۇۋى ئېقىپ كېلىۋاتقان گۈلنى تۇتۇۋاپتۇ. قارىسا ئارىسىدا بىر پارچە قەغەز تۇرغۇدەك، ئۇنى ئېچىپ قارىسا خەت، ئوقۇپ كۆرسە ئىشق - مۇھەببەت سۆزلىرى ئىكەن، مېنىڭ كۆڭلۈم-دە يانغان مۇھەببەت ئوتى ئۇ يىگىتنىڭمۇ كۆڭلىدە يېنىۋې-تىپتۇ، ئىككىمىزنىڭ تىلىكى بىر ئىكەن. دېمەك، مۇرادقا يېتىش ئەمدى ئاسان، دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن بۇنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەپتۇ. ئۇ كۈن شۇنداق ئۆتۈپتۇ.

يەنە بىر كۈنى دەريادا شۇنداق چۆمۈلۈپ ئويناپ يۈرگەن-دە، نۇربۇۋى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى شېرىنخانغا سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— مەن ھازىر شۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بارىمەن، سىز قىزلارنى مەلىكە قىلىپ. مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىندۈرمەي تۇرۇڭ، — دەپ، ئۆزى دەريانى ياقىلاپ شانىيازنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ.

نۇربۇۋى بىلەن شانىياز ئۇزاق گەپلىشىپ، بىر - بىرىگە ئىشق - مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ، ئويناپ - كۈ-لۈشۈپتۇ. نۇربۇۋى كېيىن قايتىپ كېلىپ قىزلارغا ئاستا قېتىلىۋاپتۇ، بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شانىياز بىلەن نۇربۇۋى ئويناپ - كۈلۈپ بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز بىلەن نۇربۇۋى دەريا بويى-نى سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، شانىياز:

— ئىككىمىز بۇنداق يۈرۈپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى، دەر-ھال ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرەيلى، — دەپ مەسلىھەت سېلىپتۇ.

نۇربۇۋى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ:

— خوپ ، بىراق سىز ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

شانىياز شۇ كۈنى ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن مومىسىغا ئاستاغىنا دەپتۇ:

— موما، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئېيتىپ باقسام.

— خوپ، بالام، ئىلتىماسىڭنى ماڭا ئېيتماي كىمگە ئېيتاتتىڭ؟ ئېيتقىن، — دەپتۇ موماي.

— ئەيىب كۆرمىسىڭىز، موما، مەن نۇربۇۋىنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنىڭغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسىڭىز دېۋىدىم، — دەپتۇ شانىياز.

— ۋاي بالامەي، مەن بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇن تۇرسام، سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە يۈرگەن بىر يېتىم بالا تۇرساڭ. نۇربۇۋىنىڭ دادىسى باي، يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى. بۇ ئىشىڭ بولمايدۇ، بالام، قوي، نۇربۇۋى توغرۇلۇق ئويلىما. «خىل ـ خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بىلەن» دېگەن گەپ بار، مەن سېنى ئۆز خىلىڭنى تېپىپ ئۆيلەپ قوياي. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە بارسام، ئۇلار نومۇس كۆچىدىن بىزنى ئامان قويمايدۇ، — دەپ باش تارتىپتۇ موماي. شانىياز بولسا:

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، موما، ھەرھالدا بىر بېرىپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كۆرۈڭ، جېنىم موما، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. موماي ئاخىر شانىيازنىڭ كۆڭلىنى قىيالماي ئەلچىلىككە بېرىشقا رازى بوپتۇ.

موماي ئەتىسى تاڭ سەھەردە، تېخى ھېچكىم ئۆيقۇدىن ئويغانمىغان چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، بىر قولىغا چېلەك، بىر قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئۇ باينىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىنى ئالا قويماي سۈپۈرۈپتۇ.

سۇ چېچىپتۇ، كېيىن دېرىزىگە يېقىن كېلىپ:

ئەلچىمەنەي، ئەلچىمەن،
ئەلچىلىككە كەلدىمەن.
سىزدىن جاۋاب ئېلىشقا،
شانىيازدىن كەلدىمەن.

دەپتۇ ـ دە، كېتىپتۇ.

بۇ سۆزلەر ئۆيىقۇدىن ئەمدى ئويغىنىۋاتقان باي بىلەن ئۇ-نىڭ خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ھەيران بولغان ئەر ـ خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقسا، ھېچكىم يوق، ئە-شىك ئالدى پاكىز سۈپۈرۈلگەن، سۇ چېچىلغان. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ ـ دە: «بۇ ئەلچى كېلىشىنىڭ دېرىكى» دەپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەلچىنى كۈتۈپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى ھېلىقى موماي يەنە ئىككى ـ ئۈچ موماي-نى بىللە ئەكەپتۇ. ئاۋۋال ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، كېيىن شانىياز دېگەن بىر يىگىتتىن ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باي شانىيازنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە مەنسەپ دەرد-جىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. موماي بولسا باينىڭ ھەربىر سوئا-لىغا تولۇق قىلىپ، شانىيازنىڭ يېتىم بالا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان باينىڭ قويقا چاچلىرى تىك بولۇپ، قاتتىق غەزىپى ئۆرلەپتۇ ۋە ئاچچىقىغا چىدىيالماي:

— مەن بۇ شەھەرنىڭ كاتتىلىرىنىڭ بىرى تۇرسام، بىر تېجىمەلنىڭ مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى قويۇشى قانداق گەپ؟! بۇ ماڭا ئاھانەت ئەمەسمۇ! مېنىڭ ئىشىكىمگە ئىككىنچى ئا-

ياغ باسقۇچى بولماڭلار، ئەگەر يەنە كېلىدىغان بولساڭلار، پۇ-تۇڭلارنى چاقىمەن ! — دەپ ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقا-رىپتۇ. موماي ئۆيگە كېلىپ:

— دېمىدىممۇ، بالام، «بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزات-ما» دېگەندەك، بايلار سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش كەمبەغەللەرگە قىز بېرەمدۇ ! ئىككىنچى نۇربۇۋى توغرۇلۇق ئويلىما. بول-مىسا ، ئۇلار مېنىمۇ، سېنىمۇ خاراب قىلىدۇ. مەن ساڭا ئۆ-زۈڭنىڭ لايىقىدا ئوبدان بىر قىز تېپىپ ئۆيلەپ قويىمەن، بالام، — دەپتۇ. شانىياز:

— مەيلى، موما، جاھاننىڭ خاپا بولغۇچىلىكى يوق. — دەپتۇ - دە، نۇربۇۋى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باشقىچە يول تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. لېكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ نۇربۇۋى كۆرۈنمەس بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى، ئەلچى كەل-گەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ يۈرۈ-شىگە يول قويماس بولۇپ قالغانىكەن.

ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن غەزەپلەنگەن نۇربۇۋۇمۇ: «ئەگەر ئاتا - ئانام ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىغا رازى بولمىغان بولسا، مەنمۇ باشقىچە يول تۇتۇشۇم كېرەك» دېگەن ئوينى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى شېرىنخان ئارقىلىق شانىيازغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. شانىياز بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە: «ئەمدى مەن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىندىم، لېكىن سىز بىلەن قىلىدىغان مەسلىھەتىم بار. شۇڭا، بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ باغقا كېلىڭ. سۇ ئېقىنىنى بويلاپ ماڭسىڭىز. سۇ سىزنى تۈپ-تۈز بىزنىڭ باغنىڭ سۇڭگۈچىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سۇڭگۈچ ئارقىلىق باغقا كىرىپ. گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كۈتۈپ تۇرۇڭ. يې-رىم كېچىدە مەن چىقىمەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.

شانىياز شۇ ئاخشىمى يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇنى ياقىلاپ نۇربۇۋىلەرنىڭ بېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ، سۇڭگۈچتىن باغقا كىرىپتۇ ۋە گۈللەرنىڭ ئارىسىغا جايلىشىپ، نۇربۇۋىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆز يۇمماستىن يېرىم كېچىنى كۈتۈپ ياتقان نۇربۇۋىمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپتۇ. ئىككىسى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇزاق گەپلىشىپتۇ ۋە جۈمە كېچىسى قېچىپ كېتىشكە ۋەدىلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ. نۇربۇۋى ئاتىسىنىڭ ئات باقارى رېھىم بوۋاي بىلەن سۆزلىشىپ، ئىككى ئاتنى ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن تەييارلاپ، ئۇنى كېچىسى باغنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرۇشقا تەيىنلەپتۇ ۋە ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.



بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن چىراغلار ئۆچۈپ، ئەل ئايىغى بېسىلغاندا، نۇربۇۋى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، تەكىيەلەرنى يوتقانغا ئوراپ، خۇددى بېشىنى يۆركەپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە ئوخشىتىپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئاتىسى نۇربوۋىنى يوقلاپ كىرىپ، يوتقانغا ئورالغان تەكىيىلەرنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ھە، قىزىم ئۇخلاۋېتىپتۇ، دەپ چىقىپ، ئۆز ھوجرىسىدا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا رېھىم بوۋاي ۋەدە بويىچە ياخشى ئىككى ئاتنى توقۇپ، باغنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. خۇددى شۇ ۋاقىتتا بۇياقتىن نۇربوۋى، ئۇياقتىن شانىياز يېتىپ كېلىپ، ئىككىسى ئىككى ئاتنى مىنىپتۇ ـ دە، رېھىم بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ موماينىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

شانىياز موماينىڭ بەرگەن ياردىمى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەمدى كەتمەكنى بايان ئەيلەپتۇ. شۇ چاغدا موماي غەزەل بىلەن:

ئۆيدىن چىقساڭ تىك داۋان،
ئۇندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !
چۆل ـ ياۋاندا بەش بۆرە،
ئۇندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !
دەريا بويى بۈك جاڭگال،
ئۇندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !
يېرىم يولدا قاراقچى،
ئۇندىن قانداق ئۆتەرسەن؟ !

دەپتۇ ۋە شانىيازنىڭ كەتمەسلىكىنى ئىلتىماس قىلىپ يىغلاپتۇ. شانىياز موماينىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋابەن:

ئېگىز ـ ئېگىز داۋاننى
ئاتلىرىمغا تاپشۇردۇم.
ياۋاندىكى بۆرىنى
مىلتىقىمغا تاپشۇردۇم.

ئادەم ئۆتمەس جاڭگالنى
چاقمىقىمغا تاپشۇردۇم.
يولدىكى قاراقچىنى
تەقدىرىمگە تاپشۇردۇم.

دەپ، بۇ يەردىن كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە: «خەير، موما» دەپتۇ ـ دە. «چۇھ» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. موماي بولسا: «خەير، بالام، سىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم !» دەپ دۇئا قىلىپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلار بىر يەرلەرگە كەلسە، ناھايىتى ئېگىز ۋە تىك داۋان تۇرغۇدەك. شانىياز بىلەن نۇربوۋى ئېتىنى «چۇھ» دەپ بىر قامچا ئۇرغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە داۋاندىن ئېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلسە، بەش چىلبۆرە ھۇۋلاپ يۈرگۈدەك. شانىياز ئوقياسىنى ئېلىپ ئۈچ قېتىم ئاتقانىكەن، بۆرىلەردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر يەرلەرگە كەلسە، بىر دەريانىڭ بويىدا ئادەم ئۆتەلمەس بوك جاڭگاللىق تۇرغۇدەك. شانىياز چاقمىقىنى بىر چاققانىكەن، پۈتۈن جاڭگال كۆيۈپ، يول ئېچىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە ئالدىدىن يەتتە قاراقچى چىقىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، بىر تاغنىڭ ئارىسىغا ئەكېتىپتۇ. قاراقچىلار ئۇلارنى ئۆزلىرى تۇرغان بىر غارغا ئەكىرىپ، شانىيازدىن:

— ساڭا جان كېرەكمۇ ياكى مال كېرەكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار، چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ شانىياز.

— ئەگەر جان كېرەك بولسا، قورۇق بېشىڭنى ئەكېتىد-

ۋەرگىن، ساقا يول ئوچۇق. ئاتلىرىڭ بىلەن بۇ قىز قالىدۇ. ئەگەر مال كېرەك دېسەڭ، بۇ يەردىن تىرىك چىقمايسەن، — دەپتۇ قاراقچىلار.

— ئاتلىرىمنى ئالساڭلارمۇ ئېلىڭلار، لېكىن بۇ قىز مېنىڭ خوتۇنۇم بولغاچقا، مەن ئۇنى سىلەرگە تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ شانىياز.

شۇ ئارىدا قاراقچىلار شانىيازنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپتۇ - دە، نۇربۇۋىنى تاماق تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ.

نۇربۇۋى كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئىلاجسىز قاراقچىلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاماق تەييارلاشقا باشلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى ئىزدەپتۇ. شۇ ئارىدا يانچۇقىدىكى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېلىۋالغان بىر بولاق ئوغا يادىغا چۈشۈپتۇ.

تاماق تەييار بولغاندا، نۇربۇۋى ھېلىقى ئوغىنى ئاستا تاماققا ئارىلاشتۇرۇپتۇ - دە، قاراقچىلارغا بېرىپتۇ. قاراقچىلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، بىرپەستە ھەممىسى قېتىپ قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا نۇربۇۋى شانىيازنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئاتلىرىغا مىنىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەنە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ ۋە ئېگەر - توقۇملىرىنى ئېلىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزلىرى دەم ئېلىپ تاماق قىلىپ يەپتۇ ھەم ئۇزاق يول مېڭىپ ھارغانلىقىدىن يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە تاماق تەييارلاپ يېگەندىن كېيىن، شانىياز ئەمدى ئاتلارنى تۇتۇپ كېلەي دەپ قارىسا ئاتلىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ زادىلا تاپالماي، بىر قىرغا چىقىپ

ئولتۇرسا، نۇرغۇن قۇلانلار ئويىنىشىپ يۈرگۈدەك. شانىياز قۇلانلارغا قاراپ:

هەي قۇلانلار، قۇلانلار،
ئۆزى ياخشى قۇلانلار،
كۆزى ياخشى قۇلانلار.
كەركە بويلۇق كەر ئاتنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئاتنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟

دەپ غەزەل بىلەن سوراپتۇ. قۇلانلار بولسا بويۇنلىرىنى تولغاپ قاراپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇنچىقماي يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قارىسا ھەممىسىنىڭ كەينىدىن بىر ئاقساق قۇلان ئارانلا مىڭ-ىپ كېتىۋاتقۇدەك. شانىياز ئۇنىڭغىمۇ:

هەي قۇلانجان، قۇلانجان،
ئۆزى ياخشى قۇلانجان،
كۆزى ياخشى قۇلانجان.
كەركە بويلۇق كەر ئاتنى
كۆردىمىكىن قۇلانجان؟
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئاتنى
كۆردىمىكىن قۇلانجان؟

دەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئاقساق قۇلان توختاپتۇ ـ دە:

هەي يولۇچى، يولۇچى،
كەركە بويلۇق كەر ئېتىڭ
كەر بۇلاقتا يۈرىدۇ.

ئۆلڭ يېقىدا ئون قۇلان
سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ.
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئېتىنىڭ
سۇر بۇلاقتا يۈرىدۇ.
سول يېقىدا بەش قۇلان
سەكرەپ ئويناپ يۈرىدۇ.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ــ دە، پۇتىنى كۆتۈرۈپ شانىيازغا كۆرسىتىپتۇ. شانىياز يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلاننىڭ پۇتىغا قارىسا، بىر تاش كىرىپ قالغانىكەن. شانىياز قۇلاننىڭ پۇتىدىن تاشنى ئېلىپ، بېشىنى سىلاپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ پۇتى ساقىيىپ كېتىپتۇ ۋە بىر يۈگۈرۈپتىكەن. ھەممە قۇلانلاردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

كېيىن شانىياز نېرىقى بىر قىرغا چىقىپ قارىسا، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا كەر ئېتى قۇلانلار بىلەن سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگۈدەك، يەنە بىر بۇلاقنىڭ بويىدا سۇر ئېتىمۇ بىرنەچچە قۇلان بىلەن سەكرەپ ئويناپ يۈرگۈدەك. شانىياز بۇ ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرىنى شاراقلاتقانىكەن، ھەر ئىككى ئېتى يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ. شانىياز بۇلارنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ نۇربۇۋۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ــ دە، ئېگىرىنى توقۇپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

يەنە كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن شانىياز ئۆزى يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتا مىراسىغا ئىگە بولۇپ، نۇربۇۋى بىلەن بەختلىك ياشاپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى ئۇلارنى ئىزدىدىمىكىن ياكى ئىزدىمىدىمىكىن، بۇنىسى مەلۇم ئەمەس. لېكىن شانىياز بىلەن نۇربۇۋى شۇنداق قىلىپ ئۆز مۇراد ــ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

# كومۇلەك پالۋان

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ قىزىم زېرىكىپ قالمىدۇ. دەپ بىر باغ ياسىتىپتۇ. بۇ باغقا ھەممە مېۋىلىك دەرەختىن تىكتۈرۈپتۇ، قىزىغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن قىرىق كېنىزەك بەلگىلەپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ھەر كۈنى باغدا ئوينايدىكەن. باغنىڭ سىرتىغا چىقمايدىكەن. قىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەن چاغدا باغدىن چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ بېغى ئالدىدا بىر تۇل خوتۇن بار ئىكەن. ئۇ مەلىكىگە:

— پادىشاھنىڭ قىزى ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە بىر قېتىم شىكارغا چىقىش پەرھىز، قىزىم. سىزنىڭ يېشىڭىزمۇ بۇ يىل ئون سەككىزگە توشتى، — دەپتۇ.

مەلىكە ھېلىقى خوتۇننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئانىسىغا ئېيتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئانىسى:

— قىزىم، مەنغۇ قوشۇلىمەن، سىز بىزنىڭ يالغۇز قىزىمىز، دادىڭىز قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. دادىڭىزدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن شىكارغا چىقىڭ، — دەپتۇ. مەلىكە ئانىسىغا:

— ئانا، ئۇنداق بولسا دادامغا دېسىڭىز، مېنىڭ شىكارغا چىقىشىمغا قوشۇلسا. — دەپتۇ. ئانىسى پادىشاھقا دېگەنىكەن،

پادشاھ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلماپتۇ. مەلىكە ئانىسىغا يەنە يالۋۇرۇپ، دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى سوراپتۇ. پادىشاھ ئاخىر قوشۇلۇپتۇ ھەمدە قىزىنىڭ شىكار تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە شىكارغا چىققاندا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن قىرىق مىڭ لاۋۇلەشكەر ۋە قىرىق قىچىر ئالتۇن - كۈمۈش تەييارلاپتۇ ھەمدە باش ۋەزىرگە:

— مۇشۇ ئالتۇن - كۈمۈش تۈگىگۈچە قىزىمنى سالامەت ئوينىتىپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار، — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

مەلىكە قىرىق مىڭ لاۋۇلەشكەر، قىرىق كېنىزەك بىلەن يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپ ئۈچ كۈن بولغاندا، مەلىكە:

— توختاڭلار، مەن تەرەت سۇندۇرۇۋالاي، ئاندىن ماڭايلى، — دەپتۇ - دە، بىر دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تەرەتكە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئالەمنى قارا بوران قاپلاپ كېتىپتۇ. ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان لاۋۇلەشكەر ۋە كېنىزەكلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، مەلىكىنىمۇ تۈۋى يوق قامغاقنى بوران ھەيدەپ كەتكەندەك، بىر تاغنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. بوران توختىغاندىن كېيىن مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرسا، تاغ باغرىدىن بىر توكۇر ئېيىق ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن مەلىكە قورقۇپ كېتىپتۇ. قورقىنىدىن، مەن نېمە ئۈچۈن شىكارغا چىققاندىمەن، چىقمىسام بوپتىكەن، دادام بارماڭ دېسە ئۇنىماپتىمەن، دەپ كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. توكۇر ئېيىق ئادەمدەك زۇۋانغا كېلىپ:

— خۇدا بەندىسىگە مېھرىبان ئىكەن. مېنىڭ ئايالىم ئۆلۈپ كەتكىلى ئون ئىككى يىل بولغان. بالامۇ يوق، ئانامۇ، دادامۇ يوق. سىزنى بۈگۈن خۇدا نېسىپ قىپتۇ. ئىككىمىز بىللە ياشايدىغان بولدۇق. — دەپ مەلىكىنى ئۆڭكۈرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ئۆڭكۈرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆڭ-

كۆرنىڭ يېرىمى سۆڭەك، يېرىمى كونا تېرە بىلەن تولۇپ
كەتكەنىكەن، سېسىقچىلىقتا ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدى-
كەن. مەلىكە:

— مەن مۇشۇ ئۆڭكۆردە ئولتۇرامدىمەن؟ — دەپتۇ. ئې-
يىق بولسا:

— ھە، بىزنىڭ تۇرار يېرىمىز مۇشۇ، — دەپتۇ.

— مەن بۇ ئۆڭكۆردە تۇرار بولسام، ئۆڭكۆردىكى تېرە -
سۆڭەكلەرنى تېزدىن تازىلىۋېتەيلى، — دەپتۇ مەلىكە. ئېيىق
بىر كىچىك ئېيىققا:

— سەن بۇ نەرسىلەرنى تېزدىن يوقات ! — دەپ بۇيرۇق
چۈشۈرۈپتۇ. كىچىك ئېيىق ئۆڭكۆر ئىچىگە كىرىپ بىر پۈۋ-
لىگەنىكەن، كونا تېرە ۋە سۆڭەكلەر ئۆڭكۆر سىرتىغا ئۇچۇپ
چىقىپ كېتىپ، ئۆڭكۆر ئىچى پاكىز تازىلىنىپ قاپتۇ. مەلىكە:

— ئەمدى كىگىز، يوتقان - كۆرپە، قازان - چۆمۈچ، ئا-
ياق - قوشۇق، ئۆي سەرەمجانلىرىنى تېزدىن كەلتۈرسىڭىز،
قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ. توكۇر ئېيىق ئۆڭكۆر
ئاغزىغا چىقىپ بىر توۋلىغانىكەن، پۈتۈن ئېيىقلار ئۆڭكۆر
ئاغزىغا يىغىلىپتۇ. توكۇر ئېيىق بىر بۆلۈك ئېيىقلارنى ئو-
تۇنغا، بىر بۆلۈك ئېيىقلارنى قازان - قومۇچ، ئۆي سەرەمجان-
لىرىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە ئۆڭكۆرنىڭ ئىچى-
گە ئوچاق ساپتۇ. بىر ئاش پىشىم ئىچىدە ئېيىقلار ھەممە
نەرسىنى تەييار قىلىپ كەپتۇ. مەلىكە تاماق ئېتىش ئۈچۈن
ئوچاققا ئوت ياققانىكەن، توكۇر ئېيىق قورقۇپ ئۆڭكۆر ئاغ-
زىغا چىقىپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە:

— قورقماڭ، بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز مۇشۇ. بىز
ھازىر تاماق ئېتىپ يەيمىز، — دەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا توكۇر
ئېيىق ئۆڭكۆر ئاغزىدا مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ. مەلىكە ئوزۇپ

تاشلاپ سوْيوْقئاش ئېتىپ، ئاشنى قاچىغا ئۇسۇپ:
— كېلىڭ، تاماق يەيمىز، — دەپتۇ.
— مەن يېمەيمەن، — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.
— بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق، كېلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە.
— تاماقنى ئوت قالاپ قىزىتىپ ئەتسەڭ، بۇنى قانداقمۇ ئېغىزغا ئالغىلى بولسۇن؟ ! — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.
مەلىكە بىر قاچا ئاشنى ئۆزى ئىچىپ، بىر قاچا ئاشنى ئېيىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئېيىق ئاشنى كۆرۈپ كەيىنگە يېنىپتۇ. مەلىكە بىر قوشۇق ئاشنى ئىچۈرۈپ قويغانىكەن، ئاش ئېيىققا بەك تېتىپ كېتىپتۇ. توكۇر ئېيىق. ئادەمزات دېگەن شۇنداق مەززىلىك تاماق بىلەن غىزالىنىدىكەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ ئاشنى ئىچىپتۇ. ئېيىق ئارقا - ئارقىدىن ئون سەككىز قاچا ئاش ئىچىپ: «ئەمدى تويدۇم، بۇمۇ بولىدىغان نەرسىكەن» دەپتۇ.
ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. مەلىكىنىڭ قورسىقىدا قاپتۇ. ئاي - كۈنى توشۇپ بىر بالا تۇغۇپتۇ. بالىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە گەز، تۇغرىسى ئۈچ گەز ئىكەن. بالا ئۆسۈپ يەتتە ياشقا كىرگەندە بالىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز گەز، تۇغرىسى يەتتە گەز بوپتۇ. بالا بىر كۈنى ئانىسىدىن:
— ئانا، سېنىڭمۇ ئاناڭ، داداڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئانام بىلەن دادام بار، ئوغلۇم، — دەپتۇ مەلىكە.
— ئۇنداق بولسا مەن چوڭ ئانام بىلەن چوڭ دادامنى بىر كۆرسەم، — دەپتۇ بالا.
— مېنىڭچە بولسا ئاپارغۇم بار، بىراق داداڭ ئۇنىمايدۇ. مېنىڭمۇ ئانام بىلەن دادامنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا مەن دادامنى كۆندۈرەي. سەن ئوخشىتىپ پولۇ ئەت، — دەپتۇ بالا. مەلىكە پولۇنى ئېتىپتۇ. توكۇر ئېيىق شىكاردىن كەلگىلى ئاز قالغاندا، ئوغۇل ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. توكۇر ئېيىق تاغنىڭ باغرىغا كەلگەن ۋاقتىدا، مۇشۇ چاغقىچە «دادا» دەپ تۇۋلاپ باقمىغان بالا:

— دادا، كەلدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان توكۇر ئېيىق خۇشاللىقىدىن:

— بالام، سەن نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئېيىق بالىسى:

— سېنى بۈگۈن بەكمۇ سېغىندىم، دادام قايسى تەرەپتىن كېلىدىكىن دەپ كۆزۈم تۆت بولدى، — دەپتۇ. توكۇر ئېيىق خۇشاللىقتا بالىسىنى كۆتۈرۈپ سۆيمەكچى بولغاندا، بالا دادىسىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپتۇ. توكۇر ئېيىق:

— بالام، نېمانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىر گېپىم بار، گېپىمگە ماقۇل بولساڭ، مەنمۇ سېنىڭ گېپىڭگە ماقۇل بولىمەن. ئالدى بىلەن غىزالىنايلى، ئاندىن دېيمەن، — دەپتۇ بالا.

— بالام، ئىككىمىز بىر لېگەندە ئاش يەمدۇق؟ — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— ئىككىمىز بىر لېگەندە ئاش يېسەك، يا سەن تويمايدىسەن، يا مەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئايرىم قاچىدا تاماق يەيلى، — دەپتۇ بالا. ئۇلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بالا دادىسىدىن سوراپتۇ:

— سېنىڭ ئاناڭ بىلەن دادىڭ بارمۇ؟

— مېنىڭ ئانام بىلەن دادام بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— ئانامنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— ئاناڭنىڭ ئانىسى ۋە دادىسى بار ئىكەن، لېكىن قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ توكۇر ئېيىق.

— دادا، مېنى چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانامغا كۆرسەتسەڭ، مەن سەندىن ئىنتايىن خۇرسەن بولاتتىم، — دەپتۇ بالا.

توكۇر ئېيىق ماقۇل بوپتۇ. ئۇچ كۈن يول تەييارلىقى قىلىپ، بىر خۇرجۇننىڭ بىر يېيىغا ئالتۇن، بىر يېيىغا كۈمۈش قاچىلاپتۇ. مەلىكە خۇرجۇننى كۆتۈرۈپتۇ، توكۇر ئېيىق بالىنى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. توغۇلۇپ ئانىسىدىن باشقا ئادەمزاتنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ بالا چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىسىنى كۆرۈش خۇشاللىقىدا يولدا ئۇچرىغانلىكى تاشلارنى ئېتىپ ئويناپ مېڭىپتۇ. ئۇ ھەر يوغان قورام تاشلارنىمۇ ئالما ئاتقاندەك ئاسمانغا ئېتىپ يەنە تۇتۇۋېلىپ، يەنە ئېتىپ ئويناپ مېڭىپتۇ. شۇ ئارىدا چوڭ بىر قورام تاش توكۇر ئېيىققا تېگىپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بالا شوخلۇق قىلىپ ئويناپ، دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەلىكە يولدا ناھايىتى ھېرىپ كېتىپتۇ. بالا ئانىسىنى ھاپاش ئېتىپ مېڭىپتۇ. شۇنداق كېتىۋاتسا، ئالدى تەرەپتىن بىر دەرەخزارلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار، ئاشۇ جايدا ئادەم بار ئوخشايدۇ، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئېلىپ ماڭايلى، دېيىشىپ دەرەخزارلىققا كەپتۇ ۋە بىر تۇل خوتۇننىڭ سارىيىغا چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم سەپ بولۇپ بىر يەرگە بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بالا بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. كىشىلەر: «بىز ھەر كۈنى سەپ

بولۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بىرىپ پادىشاھقا سالام بىرىپ كېلىمىز، كىم بارمىسا جاللاتلار كاللىسىنى ئالىدۇ» دەپتۇ. بالا ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانا ـ بالا ئىككىسى سەپكە قوشۇلۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىرىپ سالام بىرىپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ سالامدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، خانىشقا:

— بۈگۈن سالامغا، باشقا يۇرتلۇق بولسا كېرەك، بىر ئايال ۋە بىر بالا كەلدى. بىزنىڭ قىزىمىز بولغان بولسا شۇنچىلىك بولاتتى، نەۋرىمىز بولسىمۇ شۇ ئايالنىڭ بالىسىچىلىك بولاتتى، — دەپ خورسىنىپتۇ.

— ئەتە سالام بىرىش ۋاقتىدا مەنمۇ چىقىپ كۆرەي، — دەپتۇ خانىش.

ئەتىسى ئەتىگەندە خانىش پادىشاھ بىلەن بىرگە چىقىپ پادىشاھنىڭ تەختىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر نۆۋەت بىلەن كىرىپ سالام بىرىپ قايتىپتۇ. نۆۋەت مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا كېلىپ پادىشاھقا سالام بەرگەندە، خانىش تەخت كەينىدە تۇرۇپ قارىسا، ئۇ ئايال خانىشنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ. خانىش ئۇ ئايالنى چاقىرىپ:

— سىزگە ۋە ئوغلىڭىزغا چاي تەييارلىغانىدىم، بىردەم بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچسەك قانداق دەيسىز؟ — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ ۋە ئانا ـ بالا ئىككىسىنى داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. داستىخان ئۈستىدە خانىش:

— سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ يۇرتىڭىز نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يۇرتۇمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن بىر پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم، يېشىم ئون سەككىزگە توشقۇ-

چە باغدىن چىقماي ئويىندىم. بىر تۇل خوتۇننىڭ گېپى بىلەن شىكارغا چىقىپ، يولدا قارا بورانغا ئۇچراپ ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم... — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى خانىشقا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. خانىش ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ، ئاندىن:

— ۋاي، سىز مېنىڭ بالام ئىكەنسىز. بىز سىزنىڭ دەردىڭىزدە كۆپ يىغلاپ، ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي، ھەر كۈنى يۇرت خەلقىنى مۇشۇ جايدىن ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق، لېكىن سىزنى تاپالمىغاندۇق، — دەپتۇ. ئانا ـ بالا، نەۋرە قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئاندىن پادىشاھ كىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قىزى ۋە نەۋرىسى بىلەن يىغلاپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ: «بۈگۈندىن باشلاپ يۇرت خەلقى سالامغا كەلمىسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. نەۋرىسىگە كومۇلەك پالۋان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كومۇلەك پالۋاننى زېرىكىپ قالدۇ دەپ، قىرىق بالىنى ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغۇزۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، كومۇلەك پالۋان ئاغىنىلىرىنى ئېلىپ ئويىنىغىلى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ چوڭ خاقانغا ئولپان تاپشۇرىدىغان كۈنى بولۇپ، خەزىنىدىن قىرىق قېچىرلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش تەييارلاپ: «ئەگەر ئولپاننى بۈگۈن تۆلىمىسەم، خاقان لەشكەر باشلاپ كېلىپ شەھىرىمنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ» دەپ ئەنسىرەپ ئىچىدە تۇرغانىكەن.

نەۋرىسى كومۇلەك پالۋان ئويىنغان يېرىدىن قايتىپ، قىرىق ئاغىنىسى بىلەن ئوردا ئالدىغا كەلسە، بىرمۇنچە كىشىلەر توپلىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يېتىپ كېلىشىگە، پادىشاھ:

— بالام، مېنى خۇداغا ئامانەت دەپ ئۆزىتىپ قويغىن.

مەن ئەمدى يولغا راۋان بولمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— دادا، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ كومۇلەك پالۋان.

— بالام، بۈگۈن مېنىڭ يىللىق ئولپان تۆلەيدىغان كۈنۈم. بۈگۈندىن قالدۇرساق، خاقانىنىڭ ئىككى پالۋانى بار، بىرىنىڭ ئىسمى بوستان پالۋان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى سۆگەت پالۋان. ئۇلار يېتىپ كېلىپ يۇرتىمىزنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ. مەن خاقانغا ئولپان تاپشۇرغىلى باراي، — دەپتۇ پادىشاھ. كومۇلەك پالۋان:

— قېنى سىلەر، ۋەزىرلەر؟ — دەپ ۋەزىرلەرنى چاقىرىپتۇ، ۋەزىرلەر بىردەمدىلا ھازىر بوپتۇ.

— مۇشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قايسى خەزىنىدىن ئالغان بولساڭلار شۇ خەزىنىگە ئەكىرىپ قويۇڭلار. ھەر يىللى قىرىق قېچىر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى خاقانغا تۆلىسەڭلار، يۇرت خەلقىنى قانداق باققىلى بولىدۇ؟! ئولپانىنىڭ جاۋابىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن. خاقانىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم باراي، — دەپتۇ كومۇلەك پالۋان.

— بالام، يالغۇز بارساڭ بولمايدۇ. قانچىلىك لەشكەر ئېلىپ بارىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ماڭا لەشكەرنىڭ كېرىكى يوق، مېنىڭ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا، — دەپتۇ كومۇلەك.

— بالام. سەن يالغۇز بالا. ئەسلىدە سېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا بولمايتتى. بوستان پالۋان ۋە سۆگەت پالۋانلار تەڭدىشى يوق پالۋانلار، بەك پەخەس بول، ھەرگىز بىخۇدلۇق قىلما. — دەپ بېرىشقا رۇخسەت قىپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن كومۇلەك پالۋان يولغا راۋان بوپتۇ. بوستان پالۋان، ئولپان بۈگۈن كەلمىدى، ئالدىغا باراي، دەپ ئۇمۇ

يولغا چىقىپتۇ. ئۇ: «ئەگەردە ئۇلپاننى تەييارلىمىغان بولسا، يۇرتنى ۋەيران قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويمايدىغان بولسام» دەپ قەسەم قىپتۇ. يول تەڭ بولغاندا، كومۇلەك پالۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بوستان پالۋان ناھايىتى ئېگىز، ئۇستىخانلىق بىر پالۋان ئىكەن. كومۇلەك پالۋان، بوستان پالۋان دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پالۋان، — دەپ سالام بېرىپتۇ. بوستان پالۋان كۆز چاناقلىرى قانغا تولۇپ:

— مېنىڭ يولۇمغا كاشىلا بولماي يىراق تۇر، ئادەمنىڭ سايىسى، — دەپ كومۇلەك پالۋاننى ئىتتىرىپتۇ، لېكىن كۈچى يەتمەپتۇ، ئىككى قوللاپ ئىتتىرىپتۇ، مىدىرلىتالماپتۇ. كومۇلەك پالۋان، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، دەپ بوستان پالۋاننى دەس كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ چۆرگىلىتىپتۇ. بوستان پالۋان قورقىنىدىن:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مېنى ھايات قويساڭ، خىزمىتىڭگە تەييارمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ. كومۇلەك پالۋان: «خەير، بوپتۇ» دەپ ئۇنى ئاستا يەرگە قويۇپتۇ. شۇ چاغدا سۆگەت پالۋان كېلىپ قاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دەپتۇ كومۇلەك پالۋان.

— يولۇمغا كاشىلا بولماي يىراق تۇر ! — دەپتۇ سۆگەت پالۋان ۋە كومۇلەك پالۋاننى يولنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپتۇ. كومۇلەك پالۋان ئاچچىقىدا سۆگەت پالۋاننىڭ بېلىدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپتۇ.

— ۋايجان، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مېنى ھايات قويساڭ، خىزمىتىڭنى قىلسام، — دەپ يېلىنىپتۇ سۆگەت پالۋان. كومۇلەك پالۋان: «مەيلى، خەير» دەپ سۆگەت پالۋاننى

ئاستا يەرگە قويۇپتۇ. بوستان پالۋان ۋە سۆگەت پالۋان ئىككىسى تىزلىنىپ: «بىز بۇگۈندىن باشلاپ سىنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمىز» دەپ قەسەم قىپتۇ. بۇ ئۈچ پالۋان بىرلىكتە كومۇلەك پالۋاننىڭ چوڭ دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

پادىشاھ نەۋرىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان مەزگىلدە، كىشىلەر يولغا قاراپ، يىراقتىن ئىككى ئېگىز پالۋاننىڭ قارىسىنى كۆرۈپ پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ: «مېنىڭ بالامنى مۇشۇلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھەممە كىشى يىغا ـ زار قىلىشىپتۇ. كومۇلەك پالۋان، شەھەر ئىچىدە يەنە نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ دەپ، ھەيرانلىقتا ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەلسە، پادىشاھ نەۋرىسىنى كۆرۈپ:

— بالام، سېنى بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتۇق، سەن بار ئىكەنسەن، جانجىگىرىم، — دەپ نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىپتۇ.

كومۇلەك پالۋان يولدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چوڭ دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، بوستان پالۋان، سۆگەت پالۋانلارغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، مەن ياشىنىپ قالدىم، بۈگۈندىن باشلاپ پادىشاھلىق تەختىدە سەن ئولتۇرغىن، — دەپ، پادىشاھلىقنى كومۇلەك پالۋانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى يۇرت ـ خەلققە جاكارلاپتۇ.

كومۇلەك پالۋان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، بوستان پالۋاننى ئوڭ قول ۋەزىر، سۆگەت پالۋاننى سول قول ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ ۋە ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت خاقانغا ئۇلپان تاپشۇرمايدىغان بوپتۇ.

# قىلىچ ئۆمەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سادىق ۋەزىرى بار ئىكەن. بىرى پادىشاھ، يەنە بىرى ۋەزىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىرداش، جان دوست ـ ئاغىنىلەر ئىكەن. بىرىنىڭ توغرا يولىنى يەنە بىرى قوللايدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ ئېلى ئاۋاتلىشىپ روناق تېپىپتۇ. پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھ ۋە ۋەزىرىدىن رازى ئىكەن. پادىشاھ ۋە ۋەزىر ئادىللىق بىلەن خېلى بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ مەملىكەت ۋە خەلققە نىسبەتەن كۆڭلى توق، ۋاقتى شوخ ئۆتۈپتۇ. ئەمما ۋەزىر كۈندۈزى ئوردىدا خۇشال ـ خۇرام يۈرسىمۇ، ئۆيگە قايتقاندا كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن، چۈنكى ۋەزىرنىڭ ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال بولغاچقا، ۋەزىرنى يەنە ئۆيلىنىپ بالا يۈزى كۆرۈشكە بىرقانچە قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ۋەزىر ئۇنىمايدىكەن. ۋەزىرنى كۆندۈرەلمىگەن خوتۇنى نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىپتۇ، ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامىزىدا پەرزەنت تىلەپتۇ.

كۈنلەر ئارقىسىدىن كۈنلەر. ئايلار ئارقىسىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر

تاپقان ۋەزىر خۇشال بوپتۇ، خوتۇنىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ قەدىردان دوستى ۋە سادىق ۋەزىرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئۇنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئاڭلىغانلىكى تېۋىپلارنى تاپتۇرۇپ كېلىپ داۋالىتىپتۇ. ئەمما شىپا تاپالماي، ۋەزىرنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. ۋەزىر ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خوتۇنىغا:

— بالىخانىدا بىر كونا ساندۇق بار، ئۇ ساندۇقتا بوۋامدىن مىراس قالغان ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر قىلىچ بار. بۇ قىلىچنىڭ خاسىيىتى شۇكى، قىلىچنى بىر سىلكىسە قىرىق گەز ئۇزىرايدۇ. قىلىچنى كىمدە كىم ئاسسا، ئاسقان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ كىشىنىڭ جېنى شۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدۇ، قىلىچ شۇ كىشىدىن ئايرىلسا، ئۇ كىشىنىڭمۇ جېنى تۈگەيدۇ. ئەگەر پەرزەنتىمىز ئوغۇل بولسا، ئۆمەر دەپ ئات قويغىن. بالاغەتكە يېتىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندا، قىلىچنى بەرگىن. ئەگەر قىز بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلارسەن. مەن بالىمىزنى كۆرەلمەي بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. بالىنى ئوقۇتۇپ ئەقىللىق، بىلىملىك، باتۇر قىلىپ تەربىيىلەرسەن، يېتىشەلمىگەن يېرىڭدە پادىشاھتىن ياردەم سورا، — دېگەنلەرنى ۋەسىيەت قىلىپ تاڭ ئاتاردا ئاخىرەتكە يول ئاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنى باشلاپ كەپتۇ، شەھەردىكى ئەل - جامائەتمۇ يىغىلىپ پادىشاھنىڭ باشچىلىقىدا مېيىتنى ئۇزىتىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتار چېغىدا ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا سەۋر قىلىشىنى، ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىنى، ۋەزىرنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان-لىقىنى ئېيتىپ، مىڭ تىللا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ۋەزىرنىڭ نەزىر - چىراغلىرى-نى كەڭ - كۇشادە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن پۈتۈن شە-ھەر خەلقى رازى بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە قىرىق بىر كۈن بولغان كۈنى تاڭ سەھەردە ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ خۇش خەۋەر ئوردىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پادىشاھ خۇشال بولۇپ مىڭ تىللا، بىر ئالتۇن بۆشۈك ئەۋە-تىپ بېرىشنى خەزىنىدارغا ئەمر قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنىنى چاقىرىپ كېلىپ ئەزان توۋ-لىتىپ. ۋەزىرنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بالىغا ئۆمەر دەپ ئات



قويۇپتۇ. بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھ ئەۋەتكەن ئالتۇن بۆشۈككە بۆلەپتۇ.

بۇ بالىدا بىر خىل خاسىيەت بولۇپ، كۈنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ چوڭ بوپتۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە سەككىز ياشلىق بالىدەك بوپتۇ. ئۆمەر يەتتە ياشقا تولغاندا ئانىسى ئۇنى مەك-تەپكە بېرىپتۇ. ئۇ شۇ زاماندا بار بولغان بىلىملەرنى ئۆگى-نىپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن، قاۋۇل بىر يىگىت بوپتۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنى كۆرسە: «پەرىزات ئەۋلادى» دەپ قالىدىكەن، ھەرقانداق بىر قىز ئۇنى كۆرسە، ئۆزىنى يو-قىتىپ، مەيلىنى بېرىپ قويىدىكەن.

ئۆمەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زېرىكىپ باغنى ئارىلاپ تاماشا قىپتۇ. ھېرىپ كېتىپ، بۇرۇن دادىسى دەم ئالىدىغان شى-پاڭدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۆزى شىپاڭدا ئاسمانغا قاراپ ياتارمىش. بىر ۋاقىتتا بىر پە-رىزات ئاسماندىن پەسلەپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغۇدەك. ئۇ پەرىزاتنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ كەينىدىن ماڭغۇدەك. قىزمۇ توختاپ: «مەنمۇ سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ ئىزدەپ چىققانىدىم، قارىسام مۇشۇ يەر-دە يېتىپسىز. ئەگەر ماڭا ھەقىقىي ئاشىق بولسىڭىز، كۈنچى-قىشقا قاراپ مېڭىۋېرىڭ، مېنى تاپىسىز» دەپتۇ ــ دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۆمەر ئېسىنى يىغىپ: «توختاڭ، باغقا چۈشۈپ مەن بىلەن تاماشا قىلىڭ ! » دەپ ۋارقىراپ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشق دەردىگە گىرىپتار بوپتۇ. گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، مەيدىسىنى زەي يەرگە چاپلاپ يېتىپ، چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ تەختتە ئولتۇرۇپ مەرھۇم ۋەزىرنى ئەسلەپ قاپتۇ ۋە مەرھۇم ۋەزىرنىڭ خوتۇنى

ۋە بالىسىنى ئوردىغا باشلاپ كىلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆت-مەي موماي بىلەن ئۆمەر ئوردىغا يىتىپ كەپتۇ. پادىشاھ يەتتە ياشلىق بالىنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۆمەرنى يىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بالىنىڭ چىرايىدىكى سىرىقلىقنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ، ئوردا تىۋىپىغا كۆرسىتىپتۇ. تىۋىپ ئۆمەرنىڭ كىسىلىنى تاپالماي: «زىرىد-كىپ، ئىچى پۇشۇپ، سولىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دەپتۇ. پا-دىشاھ تىۋىپنىڭ گىپىگە ئىشىنىپ، ياخشى ئارغىماق، قىلىچ، ئوقيا، نەيزە، قالقان ۋە تۆت دانە ئالتۇندىن سوقۇلغان ساقا ئەكەلدۈرۈپ بالىغا ئىنئام قىپتۇ. مومايغا مىڭ تىللا بىرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۆمەر دەردىنى بىسىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي، بەزىدە ئوۋغا چىقسا، بەزىدە كوچىدا ساقىسىنى ئويناپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كوچىدا خىيال سۈرۈپ كىتىپ بىرىپ ساقىسىنى دومىلىتىپتۇ. خىيالى باشقا ياقتا بولغاچقا، ساقا دومىلاپ بې-رىپ يىپ ئىگىرىۋاتقان مومايىنىڭ چاقىغا تېگىپتۇ. ئۆمەر بۇ-نى كۆرۈپ قاتتىق خىجىل بوپتۇ ۋە مومايدىن ئەپۇ سوراپتۇ. مومايىنىڭ ئاچچىقى يامان ئىكەن، ئۆمەرنىڭ ئەپۇ سورىغىنىغا ئۇنىماي:

— ھۇ دادىسى يوق يىتىمەك، شۇ بويۇڭ بىلەن ساقا ئويناپ يۈرگۈچە، بىرىپ مەشۇقۇڭنى تاپساڭ بولمامدۇ! — دەپ كايىپتۇ. ئۆمەر، مىنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىمنى بۇ موماي قانداق بىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، مومايدىن:

— موما، مەشۇقۇمنى قانداق تاپىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالدى بىلەن ئۆيگە بىرىپ، ئاناڭغا قوماچ قورۇت، ئۆزۈڭ ئۆگزىگە چىقىۋال. قوماچ راسا قورۇلغاندا: «ئانا، ئو-چۇمۇڭ بىلەن تۈڭلۈكتىن سۇنۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋال. ئۇند-

مىسا، سەنمۇ ئۇنىما. ئاناڭ ئاخىر ئۇنايدۇ. قوماچنى ئوچۇمى بىلەن سۇنغاندا، ئاناڭنىڭ قوماچ تۇتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇۋال ھەم: «دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟» دەپ سوراپ تۇرۇۋال، دەپ بەرمىگۈچە قولىنى قويۇپ بەرمە. شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال كۈنچىقىشقا قاراپ ئاتلان ! — دەپتۇ موماي.

ئۆمەر مومايغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، تۆت دانە ئالتۇن ساقىسىنى مومايغا بېرىۋېتىپتۇ - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئانىسىغا قوماچ قورۇتۇپ، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن ماراپ تۇرۇپتۇ. قوماچ قورۇلۇپ بولغاندا:

— مۇشۇ تۈڭلۈكتىن ئوچۇمۇڭ بىلەن سۇنۇپ بەر، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئانىسى قىزىق قوماچنى ئوچۇمىدا ئېلىپ بالىسىغا تۈڭلۈكتىن سۇنۇپتۇ. ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

— دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانىسى:

— قولۇمنى قويۇۋەت، قولۇم كۆيۈپ كەتتى، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي:

— دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. قولى كۆيۈپ كەتكەن ئانا نائىلاج:

— بالىخانىدىكى كونا ساندۇقتا بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر قىلىچ بار، داداڭدىن شۇ قىلىچ قالغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، بالىخانىدىكى كونا ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچسا، كۈمۈش غىلاپلىق، ئالتۇن ساپلىق، بىر غېرىچ كەلگۈدەك بىر پىچاق تۇرغۇدەك. ئۇ، بۇنى

قانداقمۇ قىلىچ دېگىلى بولسۇن. بۇ بىر پىچاقكەنغۇ، دەپ كۆڭلى غەش بوپتۇ، ئەمما بۇ پىچاقنى ئانام قىلىچ دېدى، بۇ يەردە بىر سىر بار. بۇنى ئانامدىن يەنە سوراي، دەپ تۇرۇشىغا، ئانىسى شوتىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىپ:

— جېنىم بالام، سەن كىچىك، بۇ قىلىچنى يېنىڭغا ئاسما، — دەپ بالىسىغا يېلىنىپتۇ. ئۆمەر بۇ گەپتىن تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ:

— ئانا، بۇ پىچاقنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ ئىككى خاسىيىتى بار ئىكەن: بىرى، بۇ قىلىچ بىر سىلكىسە قىرىق گەز ئۇزىرايدىكەن. يەنە بىرى، بۇ قىلىچنى كىمدەكىم يېنىغا ئاسسا، ئاسقان ۋاقىتتىن باشلاپ شۇ كىشىنىڭ جېنى بۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. سەن بۇ قىلىچنى ئاساسىڭ بولمايدۇ. ئەكەل، بالام، ساندۇققا سېلىپ قوياي، بۇ قىلىچ ھامان سېنىڭكى، چوڭ بولغىنىڭدا بېرەي، — دەپتۇ ئانا.

بۇ گەپ ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. ئۇ قىلىچنى يېنىغا ئېسىپ، غىلاپتىن چىقىرىپ بىر سىلكىگەنىكەن، قىرىق گەز ئۇزىراپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆمەر قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ، ئانىسىغا:

— بۇ قىلىچنى ئاسقىنىم ئاسقان. مېنىڭ ئىسمىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن «قىلىچ ئۆمەر». ئەتە مەن يىراققا سەپەرگە ئاتلىنىمەن، مېنىڭ سەپەردىكى يېمەك - ئىچمىكىمنى تەييارلاپ بەرگىن! — دەپتۇ.

ئانا ئوغلىنى رايىدىن ياندۇرالماي، نائىلاج ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قىلىچ ئۆمەر ئانىسى تەييارلاپ بەرگەن بىر خۇرجۇن نان بىلەن ئىككى تۇ-

لۇمدىكى سۇنى پادىشاھ بەرگەن ئارغىمچىقتىغا ئارتىپ، قورال ـ ياراغلارنى ئېسىپ، ئاتقا مىنىپتۇ. ئانىسىنىڭ: «خوش، بالام، سالامەت قايتىپ كەلگەيسەن. سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم» دېگەن دۇئالىرىنى ئاڭلاپ، «چۇھ» دەپ ئاتقا قامچا سىپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. يۈرۈپ ـ يۈرۈپ بىر پايانسىز چۆلگە كىرىپ قاپتۇ. چۆلدە بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ خورجۇن ـ قاچىلىرىنى يۈدۈپ داۋاملىق يول يۈرۈپتۇ. نانلىرى تۈگەپ، سۇلىرى ئاز قاپتۇ. بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، يىراقتا بىرنېمە ئاپئاق پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. ئېھتىمال سۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ پارقىرىغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يېتىپ بېرىپ قارىسا، بىر شورلۇق دۆڭ ئىكەن، ئۇنىڭ تۆۋىدە بىر يىگىت ھوشسىز ياتقانىكەن. قىلىچ ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرىكىنى سىلاپ باقسا، يۈرىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ دەرھال تۇلۇمدىكى سۇدىن ئۇ يىگىتنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. يىگىت ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. ئۇ يىگىت: «بىز ئاكا ـ ئۇكا بولايلى !» دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەرمۇ رازى بوپتۇ. ياش سۇرۇشتۇرسە، ئۇ يىگىت قىلىچ ئۆمەردىن كىچىك چوڭكەن. ئۇلار قەسەم قىلىشىپ ئاكا ـ ئۇكا بولۇشۇپ، بىرلىكتە كۈنچىقىشقا قاراپ داۋاملىق يۈرۈپتۇ. يول ئۈستىدە قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قورالۋازلىقنى، يولتۇز ساناشنى ئۆگىتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ يولتۇزىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار بىرقانچە كۈن يول مېڭىپ بىر شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، بىر دۆڭنىڭ تۆۋىدە ھوشسىز ياتقان يەنە بىر يىگىتنى

ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭمۇ تىنىقى توختىمىغانىكەن، قىلىچ ئۆمەر ئۇنىڭ ئاغزىغىمۇ سۇ تېمىتىپ يىگىتنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ، ھال - مۇڭ ئېيتىشىپتۇ. ئۇ يىگىتمۇ: «ئاكا - ئۇكا بولايلى!» دەپتۇ. ئۇنىڭ يېشىنى سورۇشتۇرسە، ئۇ ئوتتۇرانچى ئاكا بولۇشقا توغرا كەپتۇ. ئۇچ يىگىت قەسەم قىلىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپتۇ، ئاندىن شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىسا، شەھەر خەلقى ماتەم كىيىمى كىيىشكەن، يىغا - زار قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار شەھەرنىڭ چەترەك يېرىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدە بىر موماي بار ئىكەن، ئۇلار مومايغا سالام بېرىپتۇ. موماي:

— سىلەر مۇساپىر ئوخشايسىلەر - ھە؟ — دەپتۇ ۋە تۆرگە باشلاپ چاي بېرىپتۇ. ئۇلار چاي ئىچكەچ شەھەردە كۆرگەن ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. موماي: «بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى شەھىرىمىزگە بىر ئەجدىھا كېلىپ، خەلقنى دەم تارتىپ يېگىلى تۇردى. پادىشاھىمىز نۇرغۇن



لەشكەر بىلەن چىقىپ ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىپ، تەڭ كې-
لەلمەي ئەجدىھاغا يالۋۇردى. ئەجدىھا ھەر قىرىق كۈندە بىر
قوي بىلەن بويىغا يەتكەن قىزدىن بىرنى تاغقا ئەۋەتىپ بەرسە
شەھەرگە كىرمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. پادىشاھمۇ. خەلقمۇ
بۇنىڭغا نائىلاج كۆندى. شۇنىڭدىن بېرى تالاي قىزلار ئەجدى-
ھاغا يەم بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىم نۆۋەت پادىشاھنىڭ يالغۇز
قىزىغا كەلگەن. مەلىكىمىز ئاي دېسە ئاغزى بار. كۈن دېسە
كۆزى بار، پەرىشتىدەك بىر قىز ئىدى. خەلق ئەنە شۇنىڭغا
يىغلايدۇ» دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:
— مەن بېرىپ ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرىمەن ! — دەپ ئور-
نىدىن تۇرۇپتۇ. موماي:
— بالام، نادانلىق قىلما، ساڭا ئوخشاش نى - نى
پالۋانلار ئەجدىھا بىلەن ئېلىشالماي، ئەجدىھاغا يەم بولۇپ
كەتكەن. ياش ئۆمرۈڭنى نابۇت قىلما، — دەپ توسۇپتۇ. قى-
لىچ ئۆمەر بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، تاغقا قاراپ راۋان
بوپتۇ.
قىلىچ ئۆمەر تاغ باغرىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئەجدىھا
ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر تاغ بولۇپ ياتقۇدەك. يە-
نىمۇ يېقىنراق بېرىپ قارىسا، بىر قىز بىر قوينى تۇتۇپ
يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. قىلىچ ئۆمەر قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ:
— مەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ سىزنى ۋە شەھىرىڭىزدىكى
خەلقنى قۇتۇلدۇرۇشقا كەلدىم، — دەپتۇ.
قىز بۇ يىگىتنىڭ ناھايىتى چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، يە-
گىتكە ئىچى ئاغرىپتۇ ھەم:
— بۇ ئۆلۈم پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. سىز قايتىپ
كېتىڭ ! — دەپ قىلىچ ئۆمەرنى ياندۇرماقچى بوپتۇ. قىلىچ
ئۆمەر ئۇنىماپتۇ. ئۇ: «كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرايلى» دەپ،

قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى قىزغا كىيدۈرۈپتۇ، ئاندىن ئەجدىھانىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. قىز:

— ئەجدىھا ھەر قېتىم بىر قىز بىلەن بىر قوينى يېيىۋ. گەندىن كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدۇ، ئويغىنىدىغان ۋاقىتتا ئۈچ قېتىم سىلكىنىدۇ. ھازىر ئويغىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— مەن يىراقتىن كەلدىم، مەن سىزنىڭ تىزىڭىزغا بې. شىمنى قويۇپ كىچىككىنە ئۇخلىۋالاي، ئەجدىھا ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپ بولغاندا مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ! — دەپ، قىزنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر ئاش پىشىمغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەج. دىھا ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپتۇ. قىز قورقۇنچلۇقتا تى. زىدا ئۇخلاۋاتقان يىگىتنى ئۇنتۇپ، ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ، ياش ئۆمرىنىڭ خازان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

قىزنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشتىن بىر تامچىسى قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۈزىگە چۈشۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغىنىپ:

— سىز قوينى ئېلىپ دەرھال تاغدىن چۈشۈپ كېتىڭ. مەن بۇ ياۋۇزنىڭ جاجىسىنى بېرەي، — دەپتۇ ۋە قىزنى پەسكە چۈشۈرۈپتۇ. قىز: «نېمە ئىش بولاركىن؟» دەپ، تاغ باغرىدىكى يوغان بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىدا ماراپ تۇرۇپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر خاسىيەتلىك قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ سىلكىپ ئۇزارتىپتۇ ۋە ئۇنى قورسىقىغا مەھكەم تېڭىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەجدىھا ئۈچىنچى قېتىم سىلكىنىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا، ئالدىدا قىز بالىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن بىر يىگىت تۇرغان. ئەجدىھا خۇشاللىقىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ

كىتتىپ:

— ھەي يىگىت ! قىز بالىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپسەن. مەن بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى سىېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ. سەن بىلەن جەڭ قىلماقنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، بۇگۈن ئۆزۈڭ مىېنى ئىزدەپ كەپسەن. مەن بىلەن مەيدانغا چىقىپ ئېلىشىشقا رازىمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن رازى، سەن بىلەن جەڭ قىلاي دەپ دەرگاھىڭغا كەلدىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئەجدىھا، — سەن ئۇستۇڭدىكى قىزچە كىيىمىنى سېلىۋەت. ئۆلسەممۇ ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا ئۆلەي، سەن ئۆلسەڭمۇ ئوغۇل بالىدەك ئۆل ! — دەپتۇ.

— ئەگەر سىېنىڭ مۇددىئايىڭ شۇ بولىدىغان بولسا، سېلىۋەتسەم سېلىۋەتتىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر ۋە قىزنىڭ كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ، قىلىچىنى توغرا تۇتۇپ جەڭگە تەييار بوپتۇ.

ئەجدىھا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىلىچ ئۆمەرنى دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ. ئەجدىھا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، رەقىبى مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغۇدەك. ئىككىنچى قېتىم تۇگۇلۇپ تۇرۇپ كۈچەپ دەم تارتىپتۇ. قارىسا، ئۇ يەنە



مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرغۇدەك. ئەجدىھا دەرغەزەپ بولۇپ ئۇچىنچى قېتىم دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەرمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھا-نىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئالدىدا يىگىت يوق، يۇ-تۇۋېتىپتىمەن دەپ خۇشال بولۇپ تۇرسا، يىگىت ئەجدىھانىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بوپتۇ. ئەجدىھا:

— ھەي يىگىت، تىرىكمۇسەن، ئۆلمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۆلمىدىم، سەن ئۆلدۇڭ، ئىشەنمىسەڭ سىلىكى-نىپ باق، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

ئەجدىھا بىر سىلكىنگەنىكەن، كاسا قىلىنغان قوغۇندەك ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپ، جېنى چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز قوينى تاشلاپ، چۆشۈپ قالغان كەشىگە قارىماي ئوردىغا يۈگۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ئوردىغا قايتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ، ئەجدىھا تاغدىن چۈشۈپ شەھەرنى ۋەيران قىلىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ كېتىپ، دەرھال قىزنى تۇتۇپ ئەجدىھا-نىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار قىزنى تۇتۇپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا سۆرەپ مېڭىپتۇ. قىز:

— دادا، مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلا! بىر مۇساپىر يىگىت ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، مېنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئەجدىھاغا يەم بولۇشنى كۈتۈپ غەمدە تۇرغان پۈتۈن قىزلارنى ئازاد قىلدى، ئىشەنمىسەڭ راۋاققا چىقىپ قاراپ باق، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي راۋاققا چىقىپ قارىسا، ئەجدىھا ياتقان تاغ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن، ئەجدىھانىڭ تېنى ئىككى پارچىگە بۆلۈپ

تاشلانغان. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن راۋاقتىن ئۇچقاندەك چۈ-
شۈپ، چاكارلىرىغا شەھەر دەرۋازىسىدىن تارتىپ تاغقىچە پا-
ياندار سېلىشنى. شەھەر خەلقىنىڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە
تۇرۇپ بۇ باتۇرنى قارشى ئېلىشنى جاكارلاشنى بۇيرۇپتۇ.
ئۆزى ھازا كىيىملىرىنى سېلىپ، پادىشاھلىق تونىنى كى-
يىپ، ۋەزىر، ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ يىگىتنى قارشى ئېلىشقا
مېڭىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قايتىپ كېلىپ سۇت بىلەن يۇيۇنۇپ،
ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشىغا، پادىشاھ يېتىپ كې-
لىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپتۇ. شەھەر خەلقى بۇلارنى تەزىم بى-
لەن كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ باتۇرلارنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ
كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ ھەمدە پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق
كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى
پادىشاھ بۇ باتۇرلار بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچ ئۆ-
مەرگە ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. قىلىچ
ئۆمەر پادىشاھتىن:



— سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە كۆڭلەكنى ياقىسىدىن كىيەم-
دۇ ياكى ئېتىكىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ياقىسىدىن كىيىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.
— ئۇنداقتا مېنىڭ ئاكىلىرىم تۇرغان يەردە مەن ئۆيلە-
نىۋالسام بولمايدۇ. بۇ قىز چوڭ ئاكامنىڭ بولسۇن! — دەپ-
تۇ قىلىچ ئۆمەر.

پادىشاھمۇ رازى بوپتۇ. يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي
ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى چوڭ ئاكىسى
ئىككى ئىنىسىنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۈچ ئاكا - ئۇكا
قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. كەچ بولغاندا، قىلىچ
ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تۇرۇسقا
ئېسىپتۇ ۋە:

— ئەتە ئوتتۇرانچى ئاكام بىلەن يولغا چىقىمىز. سىز
ھەر كۈنى ئەتىگەندە سۈتكە قاراپ قويۇڭ، ئەگەر سۈتنىڭ
رەڭگى ئۆزگەرمىسە، مېنى سالامەت ئىكەن، دەپ بىلىڭ. سۈت-
نىڭ رەڭگى يېرىلغۇ رەڭگىگە ئايلانسا، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا
ئىكەن، دەپ بىلىڭ. ئەگەر سۈتنىڭ رەڭگى قان رەڭگىگە
ئايلانسا، ئۇكامنىڭ جېنى يوقكەن، دەپ بىلىڭ ۋە مېنى ئىز-
دەپ چىقىڭ! — دەپ تاپىلاپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا ئىك-
كىدىن ئات يوللۇق تۇتۇپ:

— بىرىگە مىنىڭلار، بىرىگە ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۇ قا-
چىلانغان تۇلۇمنى ئارتىڭلار! — دەپتۇ.

پادىشاھ، چوڭ ئاكىسى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى شەھەر
دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ ئاكا - ئۇكىلارنى قىزغىن
ئۇزىتىپتۇ.

بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا چۆل كېزىپ، تاغ ئېشىپ، دەريا

كېچىپ يول يۈرۈپتۇ. ئاتلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ. ئۇلار يولنى پىيادە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يول يۈرگەچ قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قورالۋازلىقنى، دەريا باغلاشنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلار تو‍پتوغرا قىرىق كۈن بولغاندا، چىڭقىچۈش ۋاقتىدا بىر شەھەرگە كىرىپتۇ. قارىسا، بىرمۇ ئادەم يوق، ھەممە ئىشىكلەر تاقاقلىق. ئۇلار ھەيران بولۇپ، ئۇ ئىشىككە، بۇ دەرۋازىغا قارىشىپ كېتىپ بارسا، بىر ئۆيدىن باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم كىيگەن بىر بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قولىلىرىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىپ، بوۋايدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزنى بۇنىڭدىن سەكسەن يىل ئىلگىرى يەتتە قارا دىۋە بېسىۋالغانىكەن. ئۇلار پۈتۈن شەھەر خەلقىنى قارا كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇلار كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى ئوۋغا چىقىدۇ. تالا - تۈزدە ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى تۇتۇپ يەيدۇ. پۇقرالار بۇ ياقتا تۇرسۇن، پادىشاھمۇ قارا كىيىم كىيىپ ئوردىسىدىن چىقالماي ياتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. بۇنى ئاڭلىغان قىلىچ ئۆمەرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، دەرھال بېرىپ دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئازادلىققا چىقارماقچى بوپتۇ. بوۋاي يىگىتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— سەن راستىلا دىۋىنى ئۆلتۈرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چوقۇم ئۆلتۈرىمەن ! — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا گېپىمنى ئاڭلا، — دەپتۇ بوۋاي، — مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەڭ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىككى قاناتلىق چوڭ بىر قارا دەرۋازا بار. دەرۋازىنىڭ ھەربىر قانىتىنى ئۇچتىن ئالتە دىۋە پۇتلىرى بىلەن تىرەپ تاقاپ ياتىدۇ. بۇلار كىچىككىرەك دىۋىلەر. سەن بارغاندىن كېيىن، بىر قاناتنى تاقاپ ياتقان دىۋىلەرنىڭ پۇتلىرىنى قىچىقلىساڭ،

ئۆلار پۈتلىرىنى يىغىۋالدى. دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ كىرىپلا، دەرۋازىنى تاقاپ ياتقان ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئال. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىككى قەۋەتلىك چوڭ بىر ئىمارەت بار. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقساڭ، چوڭ سارايدا دىۋىلەرنىڭ باشلىقى بار. ئۇ ھەددىدىن زىيادە چوڭ. ئىلاج بار بىر قىلىچ چېپىپلا ئۆجۈقتۇرۇۋەت. ناۋادا جېنى چىقماي قالسا، ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرما. ئەگەر ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرساڭ، دىۋىنىڭ بىر تامچە قېنىدىن مىڭ دىۋە پەيدا بولىدۇ — دە، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالىسەن.

قىلىچ ئۆمەر بوۋاينىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە بىردەمدىلا ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، دىمىنى رۇسلىۋېلىپ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، چوڭ سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسە، پەرەز قىلغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ، كۆزلىرى جامدەك، بۇرۇن تۆشۈكلىرى موردىدەك، بەتبەشىرە بىر دىۋە ياتقۇدەك. ئۇ ئۇخلىمىغان بولۇپ، قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىرىق گەزلىك قىلىچنى دىۋىنىڭ بوينىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇنچىۋالا زور كۈچ بىلەن چېپىلغان قىلىچ ئۇنىڭ دولىسىدىن كىرىپ، كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەپ تۇرسا، دىۋە:

— سەن بىر نامەرد ئىكەنسەن. يا مېنى چاپماي قويمىدىڭ. چاپقاندىن كېيىن مېنى چالا ئۆلۈك تاشلاپ قېچىپ كەتمەي، ئۆلتۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەت، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى، — دەپ يىغلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ قارا دىۋىنىڭ نامەرد دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ بىر سىلكىپ قىرىق گەزگە ئۇزارتىپ،

دىۋىنى چىپىش ئۇچۇن شۇنداق كۆتۈرۈشىگە، دىۋە خۇشاللىد-قىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ كۈلكىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، قىلىچنى قىنىغا سېلىپ، كەينىگە ئۆرۈ-لۈپ ئۇدۇل چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋە ئىڭراپ يېتىپ قاپتۇ. قى-لىچ ئۆمەر دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بوۋاي قىلىچ ئۆمەردىن:

— ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— ھەئە، ئۆلتۈردۇم. ئەمما، چوڭ دىۋە ئېغىر زەخىم يې-دى، ئەتىگىچە قانسىراپ ئۆلسە كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوۋاي تاماق پىشۇرۇپ تۇرغانىكەن، پىشۇرغان تاماقنى يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— سىلەر تارتىنماي قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇۋېلىڭلار. مەن بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر قىلاي، — دەپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ يولى دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىكەن، شۇڭا ئۇ دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۆزى ئالدىغا كەتسە، پۇتى كەينىدە قاپتۇ. شۇنداق يۈگۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يې-تىپ كەپتۇ، ئەمما دەرۋازىنى مۇشتلاپ تۇۋلاپ زادى ئاچالماپ-تۇ. ئوردا ئىشىكىنى ساقلاۋاتقان نامى چىققان پالۋانلارمۇ دەرۋازىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، شوتا قويۇپ تامدىن ما-رىسا، بىر بوۋاي تۇرغۇدەك.

— نېمە گېپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ پالۋانلار. بوۋاي:

— دەرھال دەرۋازىنى ئېچىڭلار. پادىشاھقا دەيدىغان خۇش خەۋىرىم بار، — دەپتۇ. پالۋانلار دىر - دىر تىترىشىپ. دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى قىيا ئېچىپتۇ. بوۋاينى كىر-

گۆزۆيلا يەنە ئىتتىك تاقىۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىككى قاتار ئون ئالتىدىن ئوتتۇز ئىككى تۇۋرۇكى بار زور ساراي ئىكەن. بوۋاينىڭ خۇشاللىقىدىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي ئۇدۇل بىرىنچى تۇۋرۇككە ئۇسۇپ ساپتۇ، ئۇنىڭدىن قاڭقىپ چىقىپ ئىككىنچى تۇۋرۇككە ئۇسۇپ ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە ئوتتۇز ئىككى تۇۋرۇكنىڭ ھەممىسى قىپقىزىل قان بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن بىر مەخلۇق ئالدىدا تۇرغان، بۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.

— نېمە... نېمە ئادەمسەن؟ نېمانچە قانغا بويىلىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

بوۋاي ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ داڭدار پالۋانلاردىن ئىككىسىنى بوۋايغا قوشۇپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ پالۋانلار قورقۇپ، بوۋاينىڭ دالدىسىدا مېڭىپ دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بوۋاي ئۆلارنى قولىدىن تارتىپ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، ئالتە دىۋىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپتۇ. پالۋانلار دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرىكىنى بىرئاز توختىتىپ، بوۋاينىڭ كەينىدىن بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپتۇ. قارىسا، چوڭ دىۋە ئۆلمىگەن. چوڭ دىۋە ئۆلارنى كۆرۈپ: «بىر نامەرد مېنى يېرىم جان قىلىپ تاشلاپ كەتتى. جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى، قايسىڭلار مەرد بولساڭلار، يەنە قىلىچ سىلىپ جېنىمنى ئېلىپ بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرساڭلار، كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسە» دەپ يېلىنىپ - يالۇۋۇرۇپتۇ. پالۋانلارنىڭ يۈرەكلىكرەكى قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ دىۋىنى چاپماقچى بولغانىكەن، بوۋاي ئۇنى غەزەپ بىلەن شۇنداق ئىتتىرىپتۇ-

كى، ئۇ پالۋان كەينىدىكى پالۋانغا سوقۇلۇپ، ئىككىسى بىر-لىكتە ئىككىنچى قەۋەتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپلا، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئوردىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئۇلارمۇ ئوردىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە تەڭلا تۇۋ-رۇككە ئۇسۇپ سايتۇ، قاڭقىپ چىقىپ بىر ـ بىرىگە ئۇسۇ-تۇ، يەنە قاڭقىپ تۈۋرۈككە، يەنە قاڭقىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە ھېلىقى بوۋاي-دىنمۇ بەتتەر قان بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ:

— نېمە گەپ؟ نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ ئىككى پالۋان تەڭلا:

— بىزنىڭ نېمە بولغانلىقىمىزنى سورىمىسىلا، پادىشاھى-ئالەم، بوۋاينىڭ دېگىنى راست ئىكەن، دېۋىلەر راست ئۆلۈپ-تۇ، — دېيىشىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئاڭغىچە بوۋايمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بوۋايدىن بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلا-تىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن بوۋاينى قۇ-چاقلاپ سۆيۈپتۇ. ئۇ جارچىلىرىغا پۈتۈن شەھەر خەلقىگە بۇ ۋەقەنى ئاڭلىتىشنى، ئوردىدىن تارتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگىچە بولغان كوچىغا پاياندار سېلىشنى، شەھەر خەلقى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بۇ باتۇرلارنى كۈتۈۋېلىشنى ئەمر قىپتۇ. ئۆزىمۇ لەنتى قارا كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ ئوت قويۇۋېتىپ، پادىشاھلىق تون ۋە تاجلىرىنى كىيىپتۇ. ۋەزىر ـ ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ بوۋاينى يول باشلىتىپ، بوۋاينىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ باتۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇلارنى ئوردىغا باشلاپ مېڭىپتۇ. شەھەر خەلقى بۇ يىگىتلەرنى تەزىم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ يىگىتلەرنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ زىياپەت



بېرىپتۇ ھەمدە بۇ خۇشاللىق-
نى تەنتەنە قىلىپ، شەھەر
خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈن-
دۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.
توي ئاياغلاشقاندىن كېيىن،
پادىشاھ بۇ ئىككى ئاكا -
ئۇكا بىلەن چاي ئىچىشىپ
ئولتۇرۇپ، قىلىچ ئۆمەرنى
ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا
ھەم قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن
ئورنىغا پادىشاھ بولۇشقا تەك-
لىپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر پا-
دىشاھتىن:

— سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە چاپاننى ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئېتىكىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە ياقىسىدىن كىيىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر، — نۆۋەت ئوتتۇرانچى ئاكامنىڭ، ئوتتۇرانچى ئاكام سىلىگە كۈيئوغۇل بولسۇن.

پادىشاھمۇ رازى بولۇپ، يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بېرىپ، قىزىنى قىلىچ ئۆمەرنىڭ ئاكىسىغا نىكاھلاپ بېرىپ-تۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئاكىسى قىلىچ ئۆمەرنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ ۋە ئۇبدان مېھمان قىپتۇ، شېرىن سۆھبەت قى-لىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. چوڭ ئاكىسىنى ئەسلىشىپتۇ. كەچ بولغاندا . قىلىچ ئۆمەر:

— ئاكا، مېنىڭ مەقسىتىم تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى، مەن

بۇ مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن سەپىرىمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇ-شۇم كېرەك، شۇڭلاشقا مەن سىز بىلەن خوشلىشىپ ئەتە سە-ھەرگە چىقماقچى، — دەپ مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ. ئاكى-سىمۇ ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرماي رازى بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئا-كىسىغا بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تورۇسقا ئېسىپتۇ ۋە چوڭ ئاكىسىغا تاپىلىغاندەك تاپىلاپ، خوشلىشىپ قايتىپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى ئۆزى يالغۇز خۇرجۇن - قاچىلىرىنى ئاتقا ئار-تىپ، ئۆزاتقىلى چىققان پادىشاھ، ئاكىسى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى بىلەن خوشلىشىپ كۆنچىقىشقا قاراپ راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپلا، بۇرۇن بېسىپ ئۆتكەن چۆللەر-دىنمۇ چوڭ چۆللۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېتى ئۆلۈپتۇ، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەيدىغى-نى، ئىچىدىغىنى تۈگەپتۇ. ھالسىزلىنىپ تىرىشىپ - تىرى-مىشىپ يول يۈرۈپتۇ، بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە ماغدۇرى-دىن كېتىپ يىقىلىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقال بوۋاي پەيدا بو-لۇپ: «ھەي بالام، نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆ-مەر بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي قى-لىچ ئۆمەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— بۇ ئىقلىمدا ئۈچ ئاپەت بار ئىدى، سەن ئىككىسىنى يوقىتىپسەن. يەنە سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭ ئۈچىنچى موش-كۇلگە يولۇقىسەن. بۇ ئۈچىنچى مۇشكۇل سېنىڭ مەشۇقۇڭ گۈلشەندۇر. ئۇ بۇ ئۆيچۆرىگە كېلىپ قالغان پۈتۈن ئادەمزاتنى قىرىپ يوقىتىپ، جەسەتلەرنى ئىتقا توغراپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى نىيەت قىلغان نۇرغۇنلىغان شاھزادە، پالۋانلار ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ، ئىتقا يەم بولغان. ئۇ ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، لەكمىڭ - لەكمىڭ لەشكەر ئۇنىڭغا تەڭ



كېلەلىگەن ئەمەس. سەن گەرچە ئەجدىھا ۋە دىۋىلەرنى يەڭگەن بولساڭمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تەڭ كېلەرمەسسەن-مىكىن، — دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— ھىجران ئازابىنى جىق تارتتىم. شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ، دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتىپ مۇشۇ يەر-گە كەپتىمەن، يا جانانغا يېتەي، يا جاندىن كېچەي. مەشۇقۇمنىڭ قولىدا جان بەرسەم بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— خەير، بوپتۇ. ئۇنداق بولسا، مۇشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتسەڭ، بىر تۈلكە ئۇچرايدۇ. سەن تۈلكى-گە: «مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىل» دېسەڭ، تۈلكە ماقۇل كۆرۈپ شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ تورۇشۇڭنى بۇيرۇيدۇ، ئۆزى يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىدۇ. تۈلكە يەرنى كولاپ سەن ئۈچۈن يول ئېچىپ، بۇ يولنى مەلىكىنىڭ ئات ئوقۇرىنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ قويۇپ يېنىپ چىقىدۇ. سەن تۈلكە كولىغان يەر ئاستى يول-نىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ بىلەن يەر ئۈستى تەرەپنى ئىتتەرسەڭ، بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ. مەلىكى-نىڭ ئېتى ئون كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئادەم ھىدىنى سېزە-لەيدۇ. بىر سائەتتە قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك يول باسالايدۇ. سەن قولۇڭنى شۇنداق چىقارساڭ، سېنىڭ ھىدىڭنى پۇرىغان ئات قاتتىق كىشنەيدۇ. ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلىغان مەلى-

كه ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئېلىپ، ئاتنى ئېگەرلەپ، چۆل ـ جەزىرىنى ئايلىنىپ كېلىپ، ئاتنى تىللاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قولۇڭنى ئازراقلا چىقارساڭ، ئات يەنە كىشنەيدۇ. مەلىكە يەنە ئالدىنقى قېتىمقىدەك قورۇق ئايلىنىپ كېلىپ قاتتىق خاپا بولۇپ، ئاتنى: «ئالجىغان قىرچاڭغۇ. بۇدا يەنە كىشنەيدىغان بولساڭ ھەرگىز چىقمايمەن» دەپ تىللاپ ـ قارغاپ كىرىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇ يەردىن بۆسۈپ چىـ قىسەن، ئاندىن مانا بۇ ئادەمنىڭ قۇلاقلىرىنى ئاتقا تاشلاپ بېرىسەن، ئات بۇ قۇلاقلارنى يەپ جىم تۇرىدۇ. سەن يوگۇرۇپ مەلىكە ياتقان ئۆيگە بېسىپ كىرىسەن. مەلىكە ئۇ چاغدا ئاچـ چىقىدا قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ياتقان بولىدۇ. سەن كىرگەن پېتىڭ ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋالىسەن ـ دە، ئىككى قولىنى ئىككى قولۇڭدا ئىككى ياققا بار كۈچۈڭ بىلەن كېرىپ تۇرۇۋالىسەن. ئۇ قولىنى يىـ غىشقا جىق كۈچەپ باقىدۇ. ئەگەر ئۇ قولىنى يىغىۋالسا، تۈـ گەشكىنىڭ شۇ. ئۇ قولىنى يىغالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە، ساڭا تەسلىم بولىدۇ، مۇرادىڭغا يېتىسەن. خەير، سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، ئامىن، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغانسا، ئىنس ـ جىن يوق. يېنىدا بىر دۆۋە ئادەم قۇلىقى تۇرغۇدەك. ئۇ قۇلاقلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ، كۆرۈنگەن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ. راست دېگەندەك، ئۇنىڭغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر تۈلكىنى كۆرۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ: «مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلساڭ» دەپ تۈلكىگە مۇراجىئەت قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بوۋاي دېگەندەك بوپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن

تۇلكە كامىردىن ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ چىقىپ، كامارنى كۆر ـ
سىتىپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر كامارغا
كىرىپ ئۆملەپتۇ، ئۆملەپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆملىگەنـ
لىكىنى بىلمەپتۇ. ئاخىر كامارنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ
بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ قىپتۇ. ئىككىنچى قېـ
تىم مەلىكە ئايلىنىپ كېلىپ ئىتىنى تىللاپ ـ قارغاپ يېـ
نىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ دېگىنىدەك كامار ـ
دىن ئۇسۇپ چىقىپ، ئات كىشنەپ بولغۇچە قۇلاقلارنى ئاتقا
تاشلاپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قارىسا، مەلىكە
ياتقۇدەك. قىلىچ ئۆمەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، مەلىكە ئۆزىنى
ئوڭلاپ بولغۇچە ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ، قولىنى كېـ
رىپ بېسىپ تۇرۇۋاپتۇ. مەلىكىمۇ بوش كەلمەپتۇ. قولىنى
يىغىشقا بەكمۇ كۈچەپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ بىلەكلىرى سىر ـ
قىراپ كېتىپتۇ، مەلىكىمۇ بەك كۈچىگەنلىكتىن چىرايلىرى
ئاناردەك قىزىرىپ، تەرلەپ كېتىپتۇ. ھەر ئىككىسى بوش
كەلمەپتۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشقاندىن كېيىن، مەلىكە:

— مەن بولالمىدىم، مەن ساڭا ئەل بولدۇم، — دەپ،
قىلىچ ئۆمەرنى مەيدىسىگە تېڭىپتۇ، — سەن مېنىڭ ئاشىـ
قىم، مەن سېنىڭ مەشۇقۇڭمەن. سېنى سېغىنىپ ھىجران
ئازابىنى تارتىپ، كۈنلىرىم تۈنگە، تۈنلىرىم كۈنگە تەستە ئۇ ـ
لىشىپ، يولۇڭغا بەكمۇ ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەنىدىم، خۇيمۇ
ئوبدان يېتىپ كەلدىڭ. سەن ئىشىكتىن كىرگەن چاغدىلا تو ـ
نۇغانىدىم. مەن ئۆزۈمنى سېنىڭ باغرىڭغا ئاتاي دەپ تۇرسام،
سەن مەن بىلەن كۈچ سىنىشىپ قالدىڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە،
مېنىڭ نامىم ساڭا ئۇن ـ تىنسىز ئەل بولۇشقا يول قويماي،
سەن بىلەن ئېلىشىپ قالدىم. ئەمدى مەن مەڭگۈ سېنىڭكى.
كۈچ سىناشقانلىقىمنى ئەپۇ قىلغىن. بىز ئاينى گۇۋاھ قىلىپ

نىكاھلىشايلى. مەن ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئادەتتىكى ئايالغا ئايلىنىمەن. كۈچۈمۇ تۈگەيدۇ. مەن ئەنە شۇنداق سېھىرلەنگەن. سەن مېنىڭ ئېرىم، مەن سېنىڭ ۋاپادار خوتۇنۇڭمەن. — دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ شېرىن، لەززەتلىك كۈنلىرى باشلىنىپتۇ، بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ، بىر - بىرىگە قاراپ تويۇشماپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكە تۇرغان قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر شەھەردىن ئاڭلايلى:

ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىمۇ مەلىكە گۈلشەنگە ئاشىق ئىكەن. بىرقانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلچىلىرىدىن ئايرىلىپ، لەشكەر تارتىپ بېرىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپ، مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ياكى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي يۈرەكلىرى زەرداب بولۇپ، كۆك يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ياتقانىكەن. كۈنپېتىش تەرەپتىن كەلگەن بىر يىگىتنىڭ مەلىكىنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ: «كىمدەكىم ماڭا



مەلىكە گۈلشەننى ئەكېلىپ بەرسە، بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن قاپلايمەن» دەپ، جارچىسىنى شە-ھەرگە چىقىرىپتۇ. جارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شۇ شەھەر-دىكى بېلى مۈكچەيگەن، ئاغزى ئۈمچەيگەن، ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك كۆزى بار، تەلەتىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان، ئىلمەك بۇرۇن بىر موماي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— ۋەدە قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭىزنىڭ يېرىمىنى ھازىر بەر، قالغان يېرىمىنى مەلىكىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كې-يىن بېرىسەن، — دەپتۇ. خۇشال بولۇپ كەتكەن پادىشاھ بىر تاغار ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، قىممەت باھالىق جاۋاھىر تاشلارنى مومايىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئەمر قىپتۇ. ئۇ مومايدىن مەلىكىنى قانداق ئەكېلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. موماي:

— ئۇ تەرەپلەرنى سورىما. سەن ئالدى بىلەن ئادەملىرىڭ-گە ئېيت، ئۇلار مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىمنى باغلاپ، ئۇرۇپ بەدەنلىرىمنى كۆكەرتىۋەتسۇن. ئاندىن كېيىن يوگۇرۇك ئاتلى-رىڭنىڭ بىرىگە بىر نۆكىرىڭنى مىندۇر، ئۇ مېنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەلىكىنىڭ يولىغا تاشلاپ قايتىپ كەلسۇن، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر ئىش قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا مومايىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، مومايىنى مەلىكىنىڭ يولىغا تاشلىتىپ كەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بىلەن مە-لىكە ئىككىسى شېرىن پاراڭ بىلەن ئولتۇرسا، ئات قاتتىق كىشنەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتقا مىنىپ چىقىپ، يول ئۈستىدە قول ـ ئاياغلىرى باغلانغان، يۈز ـ كۆزى يارىلانغان مومايىنى كۆرۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتتىن چۈشۈپ، مومايىنىڭ قول ـ ئا-ياغلىرىنى يېشىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. موماي بىر ھازا-

غىنچە يىغلاپ، قىلىچ ئۆمەرگە:

— مېنىڭ ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر قىزىم بار ئىدى، قىزىمنى سۇغا چىقارتسام پادىشاھنىڭ شىكاردىن يېنىشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، پادىشاھ بىلەن يۈزلىشىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى قىزىمغا چۈشكەندىن كېيىن، قىزىمنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزىمنىڭ يىگىتى بار ئىدى، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ بولغانىدى. قىزىممۇ ئۇنىمىدى، مەنمۇ ئويلاپ باقسام، قىزىم ئوردىغا كەتسە مەڭگۈ كۆرەلمەيدىكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدىن باشقا قارايدىغان ئادىمىم يوق. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ رازى بولماي ئەلچىلەرگە بىرمۇنچە يالۋۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئىنساپىغا دۇئا قىلىپ يولغا سالدىم. ئەلچىلەر بۇ گەپنى پادىشاھقا دەپ بارغانىكەن، پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ: «قىزىنى ياخشىلىقچە بەرسە بەرسۇن، بەرمىسە، ئۇ قېرىنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ مەلىكە گۈلشەننىڭ يولىغا تاشلاپ كېلىڭلار، مەلىكە ئۇ قېرىنىڭ جەسىتىنى ئىتقا تاشلاپ بەرسۇن، قىزىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى بۇ ئىشنى بىردەمدىلا ئەمەلگە ئاشۇردى. مېنىڭ بۇ يەردە توپىغا مىلىنىپ يېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ. بىر يىگىت مەلىكە گۈلشەنگە ئۆيلىنىپتىمىش دېيىشىۋاتاتتى، سەن شۇ يىگىتمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— ھەئە. شۇ يىگىت مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. موماي:

— نى - نى يىگىت - پالۋانلار، پادىشاھ - شاھزادىلەر ئالالمىغان مەلىكىنى سەن ئاپسەن، تەلەيلىك يىگىت ئىكەنسەن، مۇبارەك بولسۇن. ئاناڭ بارمۇ؟ ئۇلار نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئال ۋە ئالدىدا تۇرغان بۇ موماي قىلىچ ئۆمەرنىڭ يىراقتا قالغان ئانىسىنى ئەسلىتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر

چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپتۇ. موماي:

— ئويلىنىپ قالدىڭغۇ، بالام؟ مېنىڭ قىزىمنى بولاپ كەتكەن پادىشاھمۇ مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان، ئەمدى تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپتۇ. مەلىكە ساڭا ئوخشاش باتۇر يىگىتلەرگە مەنسۇپ، بالام. مېنىڭ بارىدىغان يېرىم يوق. سىلەر ياش ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلالمايسىلەر. سەن ئەر كىشى، باتۇر يىگىتسەن، سەن ھەمىشە ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسەڭ زېرىكىسەن. مەلىكىنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەڭ، بۇ يەردە ئۇنىڭ سەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ئۇ زېرىكىدۇ. مېنى ئالغاچ كەتسەڭ، قىزىمنى كۆرگەن كۆزۈمدە مەلىكىنى كۆرسەم. سەن سىرتقا چىقساڭ، مەن خوتۇنۇڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسام، — دەپ يىغلىنىپتۇ ۋە زار - زار يىغلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ قەلئەگە ئەكەپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ تېنى غۇژژىدە بوپتۇ، ئەمما چاندۇرماپتۇ. موماي سالاملىشىپ بولۇپلا چېلەك، سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈپ ھويلىنى تازىلىغىلى چىقىپتۇ. موماي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە قىلىچ ئۆمەرگە:

— بۇ مومايىنى بىكار ئەكەپسىز، چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ. تايىنلىق مېنى ئالىمەن دەپ يۈرگەن پادىشاھ ئەۋەتكەن غالچىمىكىن دەيمەن، — دەپ گۇمانىنى سۆزلەپتۇ.

— بۇ مومايىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى. ياخشى بولسا ئىشىنى يەيدۇ، يامان بولسا بېشىنى! — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

موماي كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئۆي ئىچى، ھويلا - ئاراملارنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ، ئۆينى

ئالاھىدە ياساپ، ھەممە يەرنى پاكىز قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، بېشىنى بېقىپ، ئىشىنى ئېتىپ، شېرىن سۆزلەپ يۈرۈپ ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇرۇن ئۇۋغا چىققاي دېسە مەلىكە ئۇنىمايدىكەن. موماي كەلگەندىن كېيىن: «بارسىڭىز بېرىڭ» دەيدىغان بوپتۇ. موماي بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا تۈرلۈك چۆچەكلەرنى سۆزلەپ مەلىكىنى كۈلدۈرۈپ، كۈنىنىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزدۈرمەيتتۇ. موماي كۈندۈزى ئىشلىسە، كېچىسى قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە ياتىدىغان ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىگىچە لەخمە كولاپتۇ. لەخمە پۈتۈپ تام تۈۋىدىكى كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىلىپ بولغاندا، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە قىلىچ ئۆمەر ئۇۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. موماي ئۆي ئىچى ۋە ھويلا - ئارامنى تازىلاپ بولۇپ:

— قىزىم، ماۋۇ ئاپتاپقا كەل، بېشىڭنى بېقىپ قوياي، — دەپتۇ. مەلىكىمۇ ئۆز ئانىسىدەك ئۆگىنىپ قالغان بۇ مومايىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ يېتىپتۇ. موماي مەلىكىنىڭ بېشىنى باققاچ، ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ قىلىۋېتىپ:

— قىزىم، ئېرىڭ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياخشى كۆرىدۇ، مېنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرمىسە، يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ، شۇنچە جاپالىق يولنى بېسىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئادەتتە بۇنداق باتۇرنىڭ جېنى ئۆزىنىڭ تېنىدە بولمايدۇ. ئېرىڭنىڭ جېنى نەدىكەن، بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئەگەر ئۇ هازىرغىچە جىنىنىڭ نەدىلىكىنى ساقا دەپ بەرمىگەن بولسا، — دەپتۇ موماي، — ئۇ چوقۇم سىنى ياخ-شى كۆرمەيدىكەن، ساڭا ئىشەنمەيدىكەن. ئەگەر سىنى ياخشى كۆرگەن بولسا، ساڭا ئىشەنگەن بولسا، جىنىنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بەرگەن بولاتتى.

مەلىكە بۇ كۈننى چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، نا-هايىتى تەستە ئۆتكۈزۈپتۇ. كەچقۇرۇن قىلىچ ئۆمەر ئۇۋدىن يېنىپ كېلىپ، ئۇۋلاپ كەلگەن كىيىكنى سويۇپ، گۆش قىز-لىپ مومايغا تاشلاپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇبدان پىشۇرۇپ قويۇش-نى تاپىلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيگە كىرسە مەلىكە خامۇش ئولتۇرغۇدەك، ھاردۇقمۇ سورىماپتۇ. قىلىچ ئۆمەر، مەن يوق زېرىكىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ چاقچاق قىپتۇ، قىز-چىقلاپ بېقىپتۇ، ئەركىلىتىپتۇ، مەلىكە سۆز قىلماپتۇ. ئا-خىر گەپ - سۆز قىلماي ئورۇنغا كىرىپ يېتىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەلىكە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— سىز زادى مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپ-تۇ. قىلىچ ئۆمەر خوتۇنىنىڭ بۇ سوئالىدىن ھەيران قىلىپ:

— سەن هازىرغىچە مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلى-قىمغا ئىشەنمەسەن؟ مەن سېنى ياخشى كۆرمىسەم، يۇرتۇمنى، مېھرىبان ئانامنى تاشلاپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، مۇشۇ يەرگە كېلەرمىدىم؟ سېنى ياخشى كۆرمىسەم، سەن بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇشقاندىن كېيىن، سېنى ئۆزى چوڭ بولغان يەردىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ كەتمەي، مۇشۇنداق ئادەمسىز چۆل - باياۋاندا يۈرەرمىدىم ؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

— مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، نېمىشقا جىنىڭىزنىڭ نې-مىدە ئىكەنلىكىنى هازىرغىچە دەپ بەرمەي مەندىن يوشۇرد-

سىز؟ — دەپتۇ مەلىكە. قىلىچ ئۆمەر:

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دېگەنىكەن. مەلىكە مىشىلداپ يىغلاپ، تەتۈر قاراپ يېتىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر تەڭلىكتە قېلىپ، خوتۇنىنى ئۆزىگە قارىتىپ قۇچاقلاپ يېتىپ:

— ئىنس - جىنغا تىنما. مېنىڭ جېنىم مۇشۇ يېنىمدىكى قىلىچىمدا، — دەپتۇ. بۇ گەپنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى لەخمىدە ياتقان ھىيلىگەر شۇم موماي ئاڭلىۋاپتۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە موماي ئاستا ئۆيگە كىرىپ، قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، مەلىكىنىڭ ئېتىنى مىنىپ قېچىپ، قىلىچنى يىراقتىكى بىر دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىگىنى مەلىكە ئويغانسا، قىلىچ ئۆمەر شۈك ياتقۇدەك. «تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن» دەپ تۈرتۈپ بېقىپتۇ، «ھىيلىگەرلىك قىلماڭ» دەپ قىچىقلاپ بېقىپتۇ. شۇ چاغدا كۆزى قىلىچى يوق قۇرۇق غىلاپقا چۈشۈپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ - دە، يىغلاپ كېتىپتۇ.



ياۋۇز موماي قولىغا بىر ئارغامچىنى ئېلىپ «ھى... ھى...» دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ: «ئەمدى قولغا چۈشتۈڭمۇ، مەلىكەم» دەپ مەلىكىنى باغلىماقچى بوپتۇ. مەلىكە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. موماي چاققانلىق قىلىپ

مەلىكىنىڭ بويىنىغا ئارغامچا بىلەن سىرتماق سېلىۋېلىپ، باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆڭتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ ۋە مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈشتىكى جەرياننى سۆزلەپ بېرىپ، پادىشاھتىن ۋەدە قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ھوشىدىن كېتىپتۇ، ھوشىغا كېلىپ مەلىكىگە ئۆزىگە خوتۇن بولۇش تەلىپىنى قويۇپتۇ. مەلىكە:

— ماقۇل. ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار. بىرىنچى شەرتىم، مېنىڭ ئېتىمنى قويۇپ بېرىڭ، مەن تۇرغان قەلئەنى ساقلىسۇن. ئىككىنچى شەرتىم، ئېرىم ئۆلدى، قىرىق كۈن ماتەم تۇتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىسىز. ئاندىن كېيىن نىكاھىڭىزغا ئۆتىمەن. بۇ شەرتلىرىمگە كۆنمەي بىر كۈن بۇرۇن يېقىنلىشىمەن دەيدىكەنسىز، مېنىڭ ئۆلۈكۈمگە ئېرىشىسىز، — دەپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بۇ شەرتلەرگە كۆنۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىلىچ ئۆمەرنىڭ ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى:

بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ۋەدە بويىچە ھەر كۈنى سەھەردە سۇتكە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. دەل ياۋۇز جادۇگەر موماي قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن كۈنى ئەتىگەندە سۇتكە قاراشسا، سۇت قىپقىزىل قان رەڭگىگە ئۆزگەرگەن. چوڭ ئاكىسى دەرھال قىرىق پالۋاننى، سەكسەن ئاتنى تاللاپتۇ، قىرىق ئاتقا قىرىق پالۋاننى بىردىن مىندۈرۈپتۇ، يەنە قىرىق ئاتقا ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ قاچىلانغان تۇلۇملارنى ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، ئوتتۇرانچى ئۇكىسى تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇكىسىمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش تەييارلىق قىلىپ، ئاكىسىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بۇلار سەكسەن نەپەر پالۋاننى ئېلىپ يولغا راۋان

بوپتۇ. سەپەرنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە مە-
لىكە گۈلشەننىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە قەلئەگە كى-
رىپتۇ. قارىسا، ئۇكىسى ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقۇدەك. چوڭ ئاك-
سى يۇلتۇزلارغا قاراپ قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدىسە،
يۇلتۇزى ئاسماندا كۆرۈنمەپتۇ. نەگە ئېقىپ چۈشكەندۇ، دەپ،
تاغ ــ داۋان، دەريا ــ كۆللەرگە قارىسا، بىر دەريانىڭ تېگىدە
تۇرغۇدەك، يۇلتۇزنىڭ يېنىدا ئۇكىسىنىڭ قىلىچى تۇرغۇدەك.
ئۇلار دەرھال ئاتلىرىغا مىنمەكچى بولغانىكەن، مەلىكىنىڭ
ئېتى بۇ ئىككى ئاكا ــ ئۇكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىغا مىن-
گىلى قويماي، چاپانلىرىنىڭ پېشىدىن، يەڭلىرىنىڭ ئۇچىدىن
چىشلەپ ئۆزىگە مىندۈرۈپ، ھېلىقى دەريانىڭ ياقىسىغا بىر-
دەمدىلا ئەكەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكىسى دەرھال دەريانى باغلاپ،
قىلىچنى ئېلىپ چىقىپ قەلئەگە قايتىپ كېلىپ، قىلىچنى
غىلاپىقا ساپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قاتتىق بىر چۈشكۈرۈپ: «ئەجەب
قاتتىق ھەم تاتلىق ئۇخلاپتىمەن، ھەي مەلىكە، قېنى سەن؟»
دەپ توۋلاپ كۆزىنى ئاچسا، ئىككى ئاكىسى يېنىدا قاراپ
تۇرغۇدەك. ئۇ ئاكىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، بو-
لۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشىنىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىغا:
«دەرھال ئاتلىنايلى» دەپ سىرتقا چىقىشىغا، ئېتىمۇ ئالدىغا
كېلىپ تۇرۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئېتىغا مىنىپ ئوقتەك ئۇچۇپ-
تۇ، ئىككى ئاكىسىمۇ سەكسەن پالۋاننى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىرى-
نى قويۇۋېتىپتۇ. ئۇلار تويىنىڭ قىرىقىنچى كۈنى چۈش بىلەن
پادىشاھنىڭ قەلئەسىگە بوراندەك بۆسۈپ كىرىپتۇ. پادىشاھ
لەشكەرلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى چېپىپ تاشلاپ،
پادىشاھنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئوردا سارىيىنىڭ تورۇ-
سىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇلار مەلىكىنى تېپىپتۇ. ئەگەر بۇلار
يېتىپ كەلمىگەن بولسا، ۋەدە بويىچە مەلىكە پادىشاھنىڭ خو-

تۈنى بولۇشقا نوغرا كېلىدىكەن. مەلىكە، بۈگۈن ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بىر بولاق زەھەرنى تەييار قىلىپ قويغانىكەن. مەلىكە قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سورىمايدىغان سىرنى سوراپ ئۆزىنىڭ جۇدالىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئەسلەپ ئېرىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن جادۇگەر مومايىنى تېپىپ كەپتۇ. پادىشاھنى دارغا ئېسىپتۇ. جادۇگەر مومايىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ ئاتنى چۆل - باياۋانغا قويۇۋېتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقىمۇ بۇ زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن ئاران تۇرغانىكەن، ئۇنىمغانغا ئۇنىماي ئۇلارنى «پادىشاھ بولۇڭلار» دەپ تەلەپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا:

— سىز پادىشاھ بولۇڭ! — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. چوڭ ئاكىسى:

— مەن ھازىر قېيناتام ئۆلۈپ كېتىپ ھېلىقى شەھەرگە پادىشاھ بولدۇم. بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولالمايمەن، — دەپ ئۇنىماپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكىسىمۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىدىن ۋاز كېچىپ، چوڭ ئاكىسىغا ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقى قىلىچ ئۆمەرگە قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىنىڭ شەرىپى. خەلقنىڭ زالىم پادىشاھتىن قۇتۇلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تويى ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى قىلىچ ئۆمەر ئىككى ئاكىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزى بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ، ئەلنى ئادىل سوراپتۇ، ئەل پاراۋان، مەملىكەت قۇدرەتلىك بوپتۇ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىغىچە مەلىكە بىلەن خۇشال - خۇرام كۈن كەچۈرۈپتۇ.

# مىڭگۇ باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ مىرزان ئىسىملىك بىر دانىشمەن ئوغلى بار ئىكەن. ئوغۇل ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە پادىشاھنىڭ قىرىق كۈنلۈك شىكارغا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ، نۆكەرلىرى بىلەن شىكارغا كېتىپتۇ. پادىشاھ شىكارغا كەتكەندىن كېيىن مىرزان ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىق تونىنى كىيىپ، تونىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سالسا، قولىغا بىر نەرسە ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇنى يانچۇقتىن ئېلىپ قارىسا، بىر ساھىبجامالنىڭ رەسىمى ئىكەن. ئۇ ئەقىل - ھوشىدىن كېتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالغا ئەقلى ھەيران بولغان مۇلازىملار ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپتۇ، مىرزان ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

— ئەي شاھزادە، نېمە بولدۇڭ؟ قانداق ئىنساندىن ساڭا ئازار يەتتى؟ ئېيتقىن! — دەپ سوراپتۇ، لېكىن بالىنىڭ سۆزلىگۈدەك مادارى قالمىغانىكەن. ئۇلار مىرزاننى ئۆيگە ئەكىرىپ ھەر خىل دورا، شىپالىق گۈل - گىياھلارنىڭ قىياملىرىنى ئىچۈرۈپتۇ، ھەكىم - ئۆلىمالارنى چاقىرىپ كېلىپ كۆرسىتىپتۇ. مىرزان مادارىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بولغان ئەھۋالنى زادىلا ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ مىرزاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، شۇ

ھامان ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن:

— ھەي بالام، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ ماڭا ئېيتقىن! — دەپ سوراپتۇ. مىرزان زۇۋانغا كېلىپ، ئاتىسىغا:

— ھەي ئاتا، بىرىنچىدىن، گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز، ئىككىنچىدىن، مېنىڭ مۇددىئايىمنى راۋا كۆرسىڭىز، ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

— قانداق مۇددىئايىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن راۋا كۆردىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىغا جاۋابەن.

— ئەي ئاتا، يانچۇقىڭىزدا بىر ساھىبجامالنىڭ رەسىمى بار ئىكەن، ئاشۇ ساھىبجامالنى ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىز، مېنىڭ مۇددىئايىم شۇ، — دەپتۇ مىرزان. پادىشاھ ئوغلىغا:

— ئەي بالام، بۇ گېپىڭنى بىر قىلدىڭ، ئىككىنچى قىلمىغىن. ئۇنىڭغا مەن ئامال قىلالمايمەن. ئۇ مېنىڭدەك قىرىق پادىشاھنىڭ ئۈستىدىكى شاھىنشاھنىڭ قىزى. ئەگەر سەن ئالىمەن دېسەڭ ھەم ئۇنى قولغا كەلتۈرەلىسەڭ، قانچىلىك دۇنيادەپىنە كەتسۇن، مەن ھەممىنى تەييار قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئاتىسىنىڭ گېپىدىن ئاچچىقى كەلگەن مىرزان:

— سىز ماڭا راست گەپنى قىلمىدىڭىز، — دەپتۇ - دە، ئوردىدىن چىققىنىچە چاپىنىنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ، دادىسىنى ۋە شەھىرىنى تەرك ئېتىپ چۆل - جەزىرىلەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. مىرزان شۇ ماڭغىنىچە ئادەمسىز بىر چۆل - باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ چۆلدە ئوقيا بىلەن جانىۋارلاردىن جەرەن، كىيىك ئېتىپ يەپ، بەتتە يىل كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، يېشىمۇ يىگىرمىگە يېتىپتۇ، چاچلىرى ئۆسۈپ يەرگە سۆرىلىپتۇ. مىرزان ئادەمسىز چۆل - باياۋاندا ياشاپ زېرىكىپتۇ، ئىچى پۇشۇپتۇ، ئادەملەرنى سېغىنىپتۇ. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرـ

رىش ئۈچۈن بىر غىجەك ياساپتۇ، ئىككى تال چېچىنى تار قىلىپ سېلىپ بىر چېلىپتىكەن، غېجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى چۆل - جەزىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. مىرزان غېجەك چېلىپ، سۆرەتتىكى ساھىبجامالنى ياد ئېتىپ، خىيالىغا كەلگەن تەرەپكە مېڭىپتۇ، ماڭا - ماڭا چۆلدىن قۇتۇلۇپتۇ. يەنە مېڭىپ بىر دەرياغا



يولۇقۇپتۇ. دەريانى بويلاپ مېڭىۋېرىپتىكەن، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر شەھەرنى كۆرۈپتۇ، شەھەرگە يېتىپ كەلگۈچە كەچ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ دەريانىڭ ياقىسىدىكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ غېجەكنى چېلىپ تاڭنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ شەھەر شاھى مۇستان دېگەن پادىشاھنىڭ شەھىرى بولۇپ، مىرزاننىڭ ئاتىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان رەسىم ئاشۇ شاھى مۇستان دېگەن پادىشاھنىڭ قىزى ھەبىگۈل تاجىنىڭ رەسىمى ئىكەن. ھەبىگۈل تاجى شۇ كۈنى كېنىزەكلىرى بىلەن يېرىم كېچىدە باغنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، غېجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ كىم چالغان غېجەكنىڭ ئاۋازىدۇ؟ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بۇنداق مۇڭلۇق ساز چالىدىغان سازەندە يوق ئىدىغۇ، دەپ، كېنىزەكلىرى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ سالغا چۈشۈپ، كېچىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى سالدا ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. ئۇلار ئويغىنىپ غېجەك

چىلىنغان تەرەپكە قارىسا، بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا بىر يىگىت چىچىنى خۇددى سەللىدەك ئورىۋېلىپ، غىجەكنى چېلىپ بە-خىرامان ئولتۇرغۇدەك. مەلىكە ھەبىگۇل تاجى غىجەك ئۈنىگە قىزىقىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن قىرغاقتا چىقىپ ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىپتۇ. مىرزان مەلىكىنى كۆرۈپلا بىھوش بوپتۇ. مە-لىكىنىڭ كېنىزەكلىرى ئۇنىڭغا سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈ-رۈپتۇ. يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قاراپ، ھېلىقى ئاتىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان رەسىمدىكى ئاشۇ مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ:

— مەن ئەمدى مۇراد - مەقسىتىمگە يەتتىم، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مەلىكىمۇ جاۋابەن:

— مەنمۇ مەقسىتىمگە يەتتىم، شاھزادە، — دەپتۇ - دە، شاھزادىگە ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكىنى بېرىپ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ، يەنە، — مەن مۇشۇ يۇرتتا، كېنىزەكلىرىم ئارقىلىق سىزگە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ تۇرىمەن، — دەپتۇ - دە، مىرزان بىلەن خوشلىشىپ قايتىپتۇ.

مىرزان ئاھ ئۇرۇپ ئۆڭكۈر ئاغزىدا قاپتۇ.

گەپنى ھەبىگۇل تاجىنىڭ ئاتىسىغا يۆتكەيلى:

ھەبىگۇل تاجىنىڭ ئاتىسىنىڭ قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ، خوتۇننى قىرىق بىرگە يەتكۈزمەكچى بوپتۇ، ئالىدىغان قىزنىمۇ تېپىپتۇ، توي تەييارلىقىمۇ پۈتۈپ-تۇ، لېكىن توينى قىزىتقۇدەك سازچى تېپىلماپتۇ. چۈنكى شاھ ئوردا سازچىلىرىنىڭ سازىنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنىڭدىن زې-رىككەنىكەن. پادشاھ ھەر تەرەپكە چاپارمەن ماڭدۇرۇپمۇ، كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر سازچى تاپالماپتۇ. ئەتە توي بولىدۇ دېگەن كۈنى سەھەردە راۋاقتا چىقىپ تۆت ئەتراپقا قاراپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا مىرزان چاچ تارلىق غىجىكىنى تەڭشەپ

شۇنداق بىر چېلىپتىكەن، غىجەك ئۇنىڭ ساداسى جىلغا، ئورمانىنىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. غىجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئوردىسىغا قايتىپ، نۆكەرلىرىگە:

— دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر سازچى بار ئىكەن، ئۇ ئادەمزاتمۇ يا جىن - پەرىمۇ بىلمىدىم، مېنىڭ يېنىمغا ئەكېلىڭلار، لېكىن قاچۇرۇپ قويماڭلار، قاچۇرۇپ قويساڭلار ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن! — دەپ پەرمان قىپتۇ. ئۇ شۇنداق دەپ مىرزانىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئون ئىككى نۆكەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار دەريادىن سال بىلەن ئۆتۈپ قارىسا، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە چاچلىرى بېشىغا يۆگەكلىك ھالدا بىر يىگىت غىجەك چېلىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار يىگىتنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، سەن ئادەمزاتمۇ يا جىن - پەرىمۇ؟ ماڭا ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— مەن ئادەمزات، يۇرتۇمنى تەرك ئېتىپ، چۆل - جەزىرە ۋە تاغلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن، — دەپتۇ مىرزان جاۋابەن.

— ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ تەۋەلىكىمگە ئۆتۈپ ئوردا سازەندىسى بولساڭ قانداق؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

مىرزان ماقۇل بوپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا كۈندە ئۈچ قېتىم غىجەك چالىدىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن سازچىسى قىلىۋاپتۇ.

ئاي، يىللار ئۆتۈپتۇ، ھەبىگۈل تاجىنىڭ دادىسىمۇ قېرىپتۇ، پات - پات كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدىغان، بىر ياتسا تەستە ماغدۇرىغا كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ پادىشاھ قىزىغا

بەك ئامراق ئىكەن، مىرزاننىڭ ئەقلىگە، ساز چېلىش ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، بارغانسېرى ئۇنىڭغىمۇ ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالغۇسى كېلىپ، قىزى بىلەن ئىككىسىنى قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئاردىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھلىقنى مىرزانغا بېرىپتۇ. ھەبىگۇل تاجىنىڭ دادىسى قىرىق خاننى باشقۇرىدىغان شاھىنشاھ ئىكەن. مىرزاننىڭ دادىسىمۇ ئاشۇ قىرىق خاننىڭ بىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنىمۇ باشقۇرىدىغان شاھىنشاھ بوپتۇ. مىرزان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ. «ئادىللىقتا كىم؟» دېسە، «مىرزان پادىشاھ، مىرزان پادىشاھ» دەپ ئالتە شەھەرگە ئېتى، يەتتە شەھەرگە داڭقى كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى ھەبىگۇل تاجى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى مىڭكۇ دەپ قويۇپتۇ. مىرزان شاھ بىلەن ھەبىگۇل تاجى مىڭكۇنى ياخشى بېقىپ، ياخشى تەربىيىلەپتۇ، يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ. مىڭكۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرۈپ بىر كۈنلىرى تويۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ. كېسىلىگە ھېچ نەرسە داۋا بولماپتۇ. شەھىرى كىتىكتىنىمۇ ھەكىم - ھۆكۈمالارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ، بۇ ھەكىم - ھۆكۈمالارمۇ مىڭكۇنىڭ كېسىلىگە ئامال قىلالماپتۇ. كۆھىقاپتىن مەشرىق شىرئان دەيدىغان ئەۋلىيانى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرۈپتۇ. مەشرىق شىرئان مىڭكۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— بۇ بالىغا مەن ھازىرلا چارە - ئامال قىلىمەن. سىزنىڭ ئوردىڭىزدا بىر ئەركەك ئېيىق بار ئىكەن، ئۇ ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ مىڭكۇنى ئۇنىڭ تېرىسىگە ئالسىڭىز، كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىدۇ، — دەپتۇ.

مىرزان شاھ ئەۋلىيانىڭ دېگىنى بويىچە ئەركەك ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىگە ئوغلىنى ئاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، راست دېگەندەك، مىڭكۇ سەللىمازا ساقىيىپتۇ.

مىڭكۇ ساقايغاندىن كېيىن مەكتەپكە بارسا، بالىلار ئۇنى: «ئېيىق بالىسى، ئېيىق بالىسى» دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئاچچىقىدا چىشىغا تەگكەن بالىلارنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ خۇددى توپقا ئوخشاش ئاسمانغا ئېتىپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئوتتۇز بالىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، قالغان بالىلار قورقۇشۇپ چۇرقىرىشىپتۇ. خەلپەتلەر مىڭكۇنى تۇتۇۋېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ بۇ بالىڭىز بۈگۈن ئوتتۇز بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، قالغان بالىلارنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا بىز تۇتۇۋالدۇق، — دەپتۇ خەلپەتلەر. پادىشاھ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، بىرنەچچە ۋەزىر ۋە نۆكەرلىرى بىلەن مەكتەپكە بېرىپ، بالىلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خەلپەتلەردىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولۇپ. خەلپەتلەر بۇ بالىلارنىڭ مىڭكۇنى «ئېيىق بالىسى» دەپ تېرىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مىڭكۇ تەرىپىدىن ئاسمانغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بالىسىغا:

— ئەي بالام، سەن تېخى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرسەڭ، ئۆزۈڭدىن چوڭ بالىلارنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بولامدۇ، ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەي ئاتا، ئۇلار مېنى: «ئېيىق بالىسى، ئېيىق بالىسى. سېنى ئېيىق تېرىسىگە ئېلىپ قۇتقۇزغان» دېسە، مەن قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز-

دەك بىر پادىشاھ ئۇچۇن بۇ ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ مىككو.

مىرزان ئادىل پادىشاھ بولغاچقا، ناھەقتىنلا ئۇنتۇر جانغا زامىن بولغان ئوغلىنىڭ بۇ قىلمىشىنى مۇنداقلا بولدى قىلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، شۇ يەردىلا:

— بۇ بالىنى مېنىڭ كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، كوھىقاپقا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى شۇ تاغدىكى يىرتقۇچ دىۋىلەر يەپ كەتسۇن، — دەپ نۆكەرلەرگە تاپشۇرۇپتۇ.

نۆكەرلەر مىككونىڭ بويىنىغا، قولىغا تاقاق، پۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئۆيگە سولاپ قويۇشۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاق كۆڭۈل بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ مىككو باتۇرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئى پادىشاھىئالەم، ئۆزلىرى بىر ئادىل پادىشاھ تۇرۇپ، بۇ يەتتە ياشلىق بالىغا رەھىم قىلمىسىلا بولامدۇ؟ ھېچبولمىسا بۇ بالىغا ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەيلى، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ كۆڭلىنى ئېچىۋالسۇن، ئاندىن كوھىقاپقا ئاپىرىۋەتسەكمۇ كېچىكمەيمىز.

مىرزان شاھ ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ. ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە بالا ئۆز ئادىتى بويىچە ئويناپتۇ. مىككونىڭ بىر يېقىن ئاغىنىسى بار ئىكەن، مىككو ئۇنىڭغا:

— مېنى كوھىقاپنىڭ يىرتقۇچ چىلبۆرىلەر بىلەن تولغان تېغىغا پالىدى، بەلكىم ئۇ يەردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار مېنى يەپ كېتەر. ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەنىدى، ۋاقتىممۇ توشتى، مېنى ھازىر شۇ جايغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمدى بىز كۆرۈشەلمەيمىز، خەير - خوش، — دەپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مىككوغا:

— ۋاي دوستۇم، سەن نەگە بارساڭ مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن، نېمە كۆرسەڭ تەڭ كۆرەيلى، — دەپتۇ. بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ مىڭكۇ بىلەن بىللە بېرىشىغا تولىمۇ تەستە قوشۇلۇپتۇ.

ئۈچ كۈن توشقاندا، پادىشاھنىڭ نۆكەرلىرى بۇ ئىككى بالىنى ساندۇققا سېلىپ، تۆگىگە ئارتىپتۇ. توققۇز مىراقۇل ھەيدەپ مېڭىپتۇ. توققۇز تۆگىگە سۇ، توققۇز تۆگىگە يېمەكلىك ئارتىپتۇ، بۇلارنى يېتىلەشكە توققۇز مىراقۇل بەلگىلەپتۇ. ئۇلار كۆھىقاپ تېغىغا قاراپ سەپەر قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئون كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، دەشتى بۇلاق قۇملۇقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. سەپەر قىلغانلار ئىچىدە بىر ۋەزىر بولۇپ، نۆكەرلەرگە:



— بۇ باللار كىچىك، ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە تاشلىۋېتەيلى، جېنىنى جان ئەتسۇن. بۇلارنى كۆھىقاپنىڭ تېغىغا ئاپارساق بىزنىمۇ يىرتقۇچ چىلبۆرىلەر يەپ كېتىدۇ. تىرىك قايتىپ كېلەلمەيمىز، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ دېگىنىگە بەزى نۆكەرلەر قوشۇلماي:

— ياق، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمىسەك بولمايدۇ. ئۆزىمىز نېمە بولساق مەيلى، — دەپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئىككى بالىنى كۆھىقاپ جىلغىسىغا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە قارا بوران چىقىپ، تۆگىلەرنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. قارا بوران بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېتىلەپ ماڭغۇدەك مادارى قالماي ھەيدەپ ماڭغانكەن، تۆگىلەرنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئاچ قېلىپ شۇ قارا بوراندا ئۆلۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى مىڭكۇ باتۇردىن ئاڭلايلى:

مىڭكۇ باتۇر بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى كۆھىقاپ جىلغىسىدا ئۇقيا بىلەن جەرەن، كېيىك، توشقان ئېتىپ يەپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. لېكىن بۇ كۈن ئۇزۇنغا بارماپتۇ. بىر كۈنى ھېچ نەرسە تاپالماپتۇ، ئاپتاپ بەك چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھېرىپ - ئېچىپ كېتىپ بارغاندا، جىلغا ئىچىدە بىر كېيىكنىڭ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئىككىسى كېيىكنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردە ئاتايلى، بۇ يەردە ئاتايلى دەپ، بىر بۇلاقتا سۇ ئىچكەن يېرىدە، بىرى ئانا كېيىكنى، يەنە بىرى بالا كېيىكنى ئېتىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇلار كېيىكلەرنى سويۇپتۇ. ئۇلار ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، بىر تاغنىڭ كامرىدىن ئىس چىقىپ تۇرغۇدەك.

— ئاداش، سەن گۆشنى پارچىلاپ تۇر، مەن ئاشۇ ئىس چىققان جايغا بېرىپ باقاي، ئۇ جايدىكى ئادەمزاتمۇ ياكى جىن

- شاياتۇنمۇ؟ مەن كۆرۈپ
كېلەي، — دەپ مىڭكۇ
باتۇر شۇ تەرەپكە مېڭىپ-
تۇ. ئۇ ئۆڭكۈرگە يېقىن-
لىشىپ زەن سېلىپ قا-
رىسا، قاتمۇقات ئۆڭكۈر
ئىكەن. مىڭكۇ يەتتە ئې-
غىزدىن ئۆتكەندە ئالتۇندا
سىرلانغان بىر ئىشىك
يولۇقۇپتۇ. مىڭكۇ ئالتۇن
ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە،
بىر سەللىلىك كىشى نا-
مىزنى ئوقۇپ بولۇپ
جاينامازنى يىغىشقا تەم-
شىلىۋاتقانىكەن. مىڭكۇ
باتۇر ئۇنىڭغا:



— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىپتۇ. ئۇ بوۋاي:
— كەل، بالام، بۇ يەرگە ئادەمزات كەلمەيدىغان جاي ئى-
دى، قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭ؟ سەن ئادەمزاتمۇ ياكى
خىزىرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن ئادەمزات، مېنى ئانام مۇشۇ چۆل - جەزىرىگە
پالىۋەتكەنىدى، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.
— ئارقاڭدا باشقا ئادەم بارمۇ. بالام؟ — دەپ سوراپتۇ
بوۋاي.
— بىر ئاغىنەم بار ئىدى، ئۇ جىلغىدىكى بىر بۇلاقنىڭ
يېنىدا كېيىك سويۇپ قالدى، — دەپتۇ مىڭكۇ.
— چاقىرغىن، ھەمراھىڭمۇ بۇ يەرگە كەلسۇن، — دەپتۇ

بوۋاي. مىڭكۆ باتۇر ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ، ئىككىسى ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىغا يېقىنلاشقاندا قارا بوران چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇلار بوراننىڭ قاتتىقلىقىدىن كۆزىنى ئاچالماي، ئۆڭكۈرنى تاپالماي ئېزىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاخىر جىلغا ئىچىدىكى بۆرىلەر ماكانىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ بۆرىلەر ئەسلىدە دىۋە بولۇپ، چىلبۆرە سىياقىغا كىرىۋالغانىكەن. ئۇلار ئىككى بالىنى تۇتۇۋېلىپ، سويۇپ يېيىش ئۇچۇن كانارغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى بوۋاي ئەنە كېلە، مانا كېلە، دېسە بالىلار كەلمەپتۇ. بوۋاي ئۆڭكۈردىن چىقىپ قارىسا. قارا بوران چىقىپ كەتكەن، جاھاننى چاڭ ـ توزان قاپلاپ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. بۇ بوۋاينىڭ بىر بالىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى باقان باتۇر ئىكەن. ئۇ شۇنداق باتۇر ئىكەنكى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق باتۇرلار تەڭ كېلەلمەيدىكەن. باقان باتۇر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دادىسىنى يوقلاپ كېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ كۈنى دەل باقان باتۇرنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىكەن. بوۋاي كۈتۈپ تۇرسا باقان باتۇر كەپتۇ. بوۋاي:

— ۋاي بالام، بىر ياخشى مېھمان كەلگەنىدى، ئۇ: «ئارقامدا بىر ئاغىنەم بار ئىدى، ئۇنى باشلاپ كېلەي» دەپ كېتىپ كەلمىدى. بوراندا ئېزىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. سەن شۇ بالىلارنى تېپىپ كەل، — دەپتۇ.

باقان باتۇر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ قارىسا، چىلبۆرىلەرنىڭ كانارىدا ئىككى بالا ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. چىلبۆرىلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بالىلارنى چېپىشقا تەمشىلىپ تۇرغانىكەن، باقان باتۇر شۇ يەردىن تاغ جىگدىسىنى قومۇرۇپ، قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇتۇپ:

— باقان باتۇر دېگەن مەن بولىمەن ! ھازىر چاپاي دەۋات-

قان ئاۋۇ ئىككى بالىنى قويۇپ بېرىش ! ئەگەر قويۇپ بەرمەي زىيان - زەخمەت يەتكۈزسەڭ، ئۇرۇق - ئەۋلادىڭنى قۇرۇتۇۋې-تىمەن ! — دەپ تاغنى پىرقىرىتىپ كۆرسىتىپتۇ. باقان با-تۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان چىلبۆرىلەر قورقۇپ ئىككى ئوغۇل-نى كانارىدىن چۇشۇرۇپ، باقان باتۇرنىڭ ئالدىغا تەزىم قىلىپ ئەكەپتۇ.

— ۋاي، خاپا بولماڭ، سىزنى رەنجىتىپ قويۇپتۇق، — دەپتۇ چىلبۆرىلەر.

باقان باتۇر ئىككى بالىنى باشلاپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئا-پىرىپتۇ. بالىلار:

— بىز ئادەم تولا يەرگە كەتسەك، بۇ يەرگە كۆنەلمەي-دىكەنمىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. باقان باتۇر ئۇلارنىڭ قولىغا: «مەنكى باقان باتۇر، بۇ ئىككى ئوغۇل مېنىڭ نۆكىرىم، كىمكى زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىكەن، مەن شۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن» دەپ خەت يېزىپ، مۆھ-رىنى بېسىپ بېرىپتۇ.

باقان باتۇر دېسە، كۆھىقاپ ئىقلىمىنىڭ ھەممىسى بىلە-دىكەن، دىۋىزاتلارغىمۇ تونۇش ئىكەن.

بۇ بالىلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئالدىدىن چى-ۋىنمۇ توغرا ئۆتمەپتۇ. ئۇلار مېڭىۋېرىپ قارلىق تاغقا كېلىپ قاپتۇ. تاغقا يېقىن كېلىشىگە قار يېغىپ كېتىپ، ئۇلار تاغ-نىڭ ئۆڭكۈرىدە يېتىپ ئارام ئاپتۇ ۋە سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆ-لەي دەپتۇ - دە، خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ: «ئەي خۇدا، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇشۇ يەردە ئالغىن ياكى ئادەمزات بار يەرگە يەت-كۈزگىن» دەپ يىغلىنىپتۇ. ئەتراپ مانانلاشقاندەك بولۇپ، بې-شىغا سەللە ئورىغان، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان بىر ئاقساقال بوۋاي پەيدا بوپتۇ.

— ئى باللىرىم، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ! — دەپتۇ بوۋاي. ئوغۇللار ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— سىلەرگە مەن ئۈچ نەرسە ئەكەلدىم. مانا بۇ مىسران قىلىچ، مانا بۇ جاھاننەما، مانا بۇ كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئات-سىمۇ كۆزلىگەن يەرگە تېگىدىغان ئوقيا، — دەپ ئۇ نەرسى-لەرنى باللارغا بېرىپتۇ ۋە، — ئوغۇللىرىم، خەير - خوش ئەمىسە، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، — دەپتۇ - دە، بوۋاي كۆزدىن غايىب بوپتۇ. باللار: «ئەمدى دېۋىزاتلارغا ئۇچراپ قالساقمۇ قورقمايمىز» دېيىشىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. باللار شەھەرگە كىرسە دوقمۇش - دوقمۇشتا: «كىمكى قىزىمنى يۇتۇپ كەت-كەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرسە، شۇ كىشىگە كىچىك قىزىمنى بې-رىمەن. شۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىغىچە ھەممىسىنى ئۇ-مۇر بويى باقىمەن» دېگەن يارلىق چاپلاقلىق ئىكەن. ئۇلار كىشىلەردىن سورىسا، كىشىلەر:

— مۇشۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىر تاغدا بىر ئەجدىھا بار. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ بىر شەھەر بار. ئەجدىھا ئۇ شە-ھەرگە بارسا بەش - ئالتە مىڭ ئادەمنى يەپ، بىرەر مىڭ ئا-دەمنى دەسسەپ ئۆلتۈرىدۇ، بىزنىڭ شەھەرگە كەلسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئاشۇ ئەجدىھا پادىشاھنىڭ قىزىنى يۇتۇپ كەتكەن. پادىشاھ بۇ يارلىقنى چىقارغىلى بوگۈن تۆت ئاي بولدى. تۆت ئايدىن بۇيان يەتتە ئىقلىمدىن سانسىز باتۇر. سانسىز چە-ۋەندازلار كېلىپ ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باللار پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پادىشاھ ئالىيلىرى، بىز سىلى-نىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگىلى كەلدۇق. — دەپتۇ.

— مېنىڭ قايسى پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرسىلەر؟ —

دەپتۇ پادىشاھ بالىلارغا قاراپ.

— سىلىنىڭ قىزلىرىنى بىر ئەجدىھا يۇتۇپ كېتىپتىكەن، ئاشۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە بىزگە رۇخسەت قىلسىلا، — دەپتۇ مىڭكۇ.

— ئى گۆدەك بالىلار، سىلەر جىق بولسا ئون ياشقا كىرگەنسىلەر، سىلەر ئەجدىھانىڭ يېنىغا بارساڭلارمۇ قورقۇپ يۈرىكىڭلار يېرىلىپ ئۆلۈپ كېتىسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيۈڭلارنى ئويناڭلار، جاسارىتىڭلارغا رەھمەت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ياق، پادىشاھ ئالىيلىرى، بىزگە رۇخسەت قىلسىلا، ئەجدىھا بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ بالىلار.

پادىشاھ ئامالسىز ئىجازەت بېرىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئاغىنىسىنى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، مىسران قىلىچىنى ئېلىپ ئەجدىھانىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. بارسا ئەجدىھا ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈۋەتسەم نامەردلىك بولۇپ قالار، ئويغىتىپ ئۆلتۈرەي، دەپ، بىر چاقىرىم كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ بىر نەرە تارتىپتۇ. ئەجدىھا ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كېلىپ چاچراپ قوپۇپ قارىسا، بىر ئادەمزات تۇرغۇدەك. ئەجدىھا مىڭكۇنى دەم تارتىپتۇ. مىڭكۇ مىسران قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتۇپ تۇرۇپتىكەن، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلىپ، بىر تەرىپى يەتتە دەريا، ئۈچ تاغنى، يەنە بىر تەرىپى شەھەرنىڭ يېرىمىنى بېسىپتۇ. مىڭكۇ ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن تۆت غولاچ تاسمىنى تىلىپ چاپىنىنىڭ ئىچىگە ئورىۋېلىپ شەھەرگە كەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ئوغۇل، ئەجدىھانىڭ يېنىغا باردىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— باردىم، پادىشاھىم، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ئۇنىڭ

ئۆلۈكى بىرنەچچە دەريانى توسۇپ ياتىدۇ. ئۇ دەريالارنىڭ سۈيى
تېشىپ، تاغ - جىلغىلارنى سۇ بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، ھازىرلا
ئادەم ئەۋەتىپ سۇنى بېسىقتۇرۇۋالسىلا، — دەپتۇ مىڭكۇ.

مىڭكۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ:

— ھەي بالا، سەن قاقتەك جېنىڭغا مېنىڭدەك بىر پادى-
شاھنى ئالداۋاتامسەن؟ ئەجدىھا سېنىڭ كۈچۈڭ يەتكۈدەك نەر-
سە ئەمەس. قانچىلىغان باتۇرلار تەڭ بولالماي ئەجدىھاغا يەم
بولۇپ كەتكەن، — دەپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئەگەر ئىشەنمىسىلە مانا، — دەپ
مىڭكۇ ھېلىقى تۆت غۇلاچ تاسمىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەجدىھانىڭ
تېرە تاسمىسىنى كۆرگەن پادىشاھ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ-
تۇ. مۇلازىملار كېلىپ سۇ پۈركۈپ پادىشاھنى ئاران ھوشىغا
كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭغىچە پادىشاھ ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىمىغا-
نىكەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— ئەي مىڭكۇ باتۇر، بۈگۈندىن باشلاپ سەن ماڭا بالا
بول، چوڭ بولغىنىڭدا كىچىك قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، —
دەپتۇ ۋە ۋەزىرگە. — ھازىر ئۈچ مىڭ قول ئەۋەت، دەرياغا
چارت[1] بولۇپ قالغان ئەجدىھانى ياقىغا تارتىپ، دەريانىڭ سۈ-
يىنى ئۆز يولىغا باشلىۋەتسۇن، شەھىرىمىزنى سۇ بېسىپ
كەتمىسۇن، — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھ دېگەن يەرگە ئۈچ مىڭ قول ئەۋەتىپتۇ.
ئۈچ مىڭ قول دەريانى توسۇۋالغان ئەجدىھانىڭ يېرىم تېنىنى
ياقىغا تارتىپ چىقىرالماي: «بىز ئامال قىلالمىدۇق» دەپ پا-
دىشاھقا ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئۆ-
زى بېرىپ ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنى ياقىغا تارتىپ، دەريانىڭ

---

[1] چارت — توغرا توسۇق.

سۈيىنى ئۆز يولىغا باشلىۋېتىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئوردىغا كې-
لىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، ماڭا بەرمەكچى بولغان قىزى-
ڭىزنى مېنىڭ موشۇ ئاغىنەمگە ئۆتۈندۇم، قىزنى ئاغىنەمگە
بېرىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ مىڭكۇ باتۇرنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. مىڭكۇ
باتۇر بۇ يۇرتتا ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، باشقا بىر يۇرتقا
سەپەر قىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر بىر شەھەرگە بارسا، بىر ئۆتۈكچى ئۆتۈك
سېتىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئۆتۈكلىرىنى خەقلەر تالىشىپ ئېلىۋات-
قۇدەك. مىڭكۇ باتۇر ئۆتۈكچىدىن:

— ئۇستام، مەن سىلىگە شاگىرتلىققا كىرسەم ئالاملا؟ —
دەپ سوراپتۇ.

— بولىدۇ، بىر ياخشى شاگىرت ئېلىشقا مەنمۇ بەك
تەشنا ئىدىم، — دەپ ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ ئۆتۈكچى كۈندۈزى دۇكاندا
مىڭكۇ باتۇر بىلەن بولسىمۇ، ئاخشىمى ئۆيدە تۇرمايدىكەن،
ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. مىڭكۇ بۇ
ئىشقا ھەيران بولۇپ، بىر ئاخشىمى ئۇستىسىنىڭ كەينىدىن
تۈيدۈرماي ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قارىسا، ئۇستىسى شور دەريا
دېگەن بىر دەريانىڭ بويىغا بېرىپتۇ. دەريانىڭ كەڭرى بىر
قايىنمى بار ئىكەن، ئۆتۈكچى ئاشۇ قايىنامغا كىرىپ تۇرۇپ
«ھوپ» دەپ بىر باش چۆكۈرۈپلا يوق بوپتۇ. مىڭكۇ باتۇر
ئۇستامىنىڭ بىر مەخپىي سىرى بار ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا
كەپتۇ - دە، قايتىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇستىسى كەپتۇ. شۇ تەرىقىدە كۈن-
لەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىڭكۇ باتۇر

ئۇستىسىغا:

— ئۇستام، مەن ئاتا - ئانامنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى، بىر بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپ ئۇستىسى ئۇن كۆڭۈلۈك رۇخسەت قىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئۇستامنىڭ سىرىنى بىلىپ باقاي، دېگەن ئوي بىلەن ئۇستىسى چۆمگەن دەريا بويىغا بېرىپ، قايىنامغا كىرىپ ئۇستىسىغا ئوخشاش «ھوپ» دەپ باش چۆكۈرۈپ، بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى بىر ھەيۋەتلىك ئوردىدا كۆرۈپتۇ. ئەتراپقا قارىسا، ھۆر قىزلار كىيىم تىكىپ، تىكىلگەن كىيىملەرگە گۈل بېسىپ ئولتۇرۇشقان، ئىشىكتە جاللاتلار قىلىچلىرىنى ساڭگىلىتىپ مۇھاپىزەتتە تۇرۇپ كېتىشكەنىكەن. ھۆر قىزلار مىڭكۇ باتۇرنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەي باتۇر، بىز سىزنى كۈتۈپ تۇرغىلى ئۈچ يىل بولغانىدى، مانا ئەمدى كەپسىز. بىز سىزگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قويساق، — دەپتۇ.



— ماڭا نېمە ھۈنەر ئۆگىتىسىلەر؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

— قىرىق بىر خىل قول ھۈنىرى، قىرىق بىر خىل دانىشمەنلىك ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىپ قويىمىز. سىز مۇشۇ سەكسەن ئىككى

ھۆنەرنى ئۆگەنسىڭىز، كامالەتكە يېتىسىز، — دەپتۇ ھۆر قىزلار.

— بولىدۇ، ئۇستام ماڭا ئون كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن، شۇڭا ھۈنەرلەرنى ئون كۈن ئىچىدە ئۆگىنىپ بولساڭلار، — دەپتۇ. ھۆر قىزلار ماقۇل بوپتۇ.

ھۆر قىزلار مىڭكۇ باتۇرغا كېچە - كۈندۈز ھۈنەر ئۆگىتىپتۇ. تامچىلىق، موزدۇزلۇق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، جۇۋىچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق قىرىق بىر خىل ھۈنەرنى، دانىشمەنلىك ھۈنىرىدىن پالچىلىق قاتارلىق قىرىق بىر خىل ھۈنەرنى ئون كۈن ئىچىدە ئۆگىتىپ بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋاقتىمۇ توشۇپتۇ.

— ئەمدى مېنىڭ ۋاقتىم توشتى، ئۇستامنىڭ يېنىغا باراي، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

— بولىدۇ، ئۇستىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. ئۇستىڭىزدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ بولۇپ، قاچان دۇكان ئايرىپ چىقسىڭىز، بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭ، — دەپتۇ ھۆر قىزلار.

مىڭكۇ باتۇر ھۆر قىزلار بىلەن خوشلىشىپ سۇ ئۇستىگە چىقىپ، ئالدى تەرەپتىكى تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. مىڭكۇ باتۇر يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، يەتتە تاغنى قىرىق كۈندە بېسىپ ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرگە كىرسە، ھەممىلا ئادەم پادىشاھنىڭ قىزى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقۇدەك. مىڭكۇ باتۇر بىر مويسىپىتتىن پادىشاھنىڭ قىزىغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، مويسىپىت :

— قارىغاندا، سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەستەك تۇرىسەن. بۇ شەھەردە پادىشاھنىڭ بىر ساھىبجامال مەلىكىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە جاھان قايىل ئىدى. مۇشۇ شەھەرلىك بادرات دېگەن تاز شۇ مەلىكىگە ئاشىقى بىقارار بولۇپ قې-

لىپ، پادىشاھقا قانچە قېتىملاپ ئەلچى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، پادىشاھ بادرات تازنى ياراتماي، ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمىدى. شۇ-ڭا. بادرات تاز قىزنى ئوغرىلاپ ئىككىنچى قات ئاسمانغا ئې-لىپ چىقىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. ئەمدى پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، كىمكى مەلىكىنى قۇتقۇزسا، شۇنىڭغا قىزىنى ھەم پادىشاھلىقنى بېرىشكە ۋەدە بەردى. تا ھازىرغىچە بىرەر ئا-دەممۇ مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ كەلگىنى يوق. پادىشاھ مەلىكىنىڭ دەردىدە يىغلاپ ساراڭ بولاي دېدى، — دەپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كى-رىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ گۆدەكنىڭ گېپىگە كۈلۈپتۇ. پادىشاھ-نىڭ كۈلكىسىنى پەرمان دەپ چۈشەنگەن نۆكەرلەر مىڭكۇ با-تۇرنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بوپتۇ.

— «بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بىر كىچىكنىڭ» دېگەن گەپ بار، پادىشاھئالەم، بۇ بالا ئۆزىگە ئىشەنمىسە ھۇزۇرلى-رىغا كىرمەس ئىدى، گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ پادى-شاھنىڭ بىر ئەقىلدار ۋەزىرى. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئامراق قىزى ئېسىگە كېلىپ ئويلىنىپ قاپتۇ-دە، مىڭكۇ باتۇرغا:

— يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا قىزىم يوقىلىپ كەتتى، ھازىر-غىچە تېپىلمىدى. قۇرئەندازلارغا پال ئاچتۇرسام، يۇرتىمىزدى-كى بادرات دېگەن تاز قىزىمنى ئىككىنچى قات ئاسمانغا ئا-چىقىپ كېتىپتۇ. ئەگەر سەن قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چۈش-سەڭ، قىزىمنى ھەم پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ھازىر ماڭا ئىككى نار تۆگە تەييار قى-لىپ بېرىڭ. — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

پادىشاھ شۇ ھامان ئۇنىڭغا نار تۆگىدىن ئىككىنى ھازىر

قىلىپ بېرىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر پادىشاھ ئارقىلىق يۇرت ئەھلىگە: «كىم ئىككى سۇمۇرغ بەرسە، ئورنىغا ئىككى نار تۆگە بېرىمەن» دېگەن مەزمۇندا جاكار چىقىرىپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر تۇزاقچى بار ئىكەن، بۇ تۇزاقچى سۇمۇرغ ئۇۋىسىدىن ئىككى سۇمۇرغ بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ باقىدىكەن. پادىشاھ چىقارغان جاكارنى ئاڭلاپ، باقىدىغان قىرىق كۈن بولغان ئىككى سۇمۇرغ بالىسىنى پادىشاھقا ئىككى نار تۆگىگە تېگىشىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر سۇمۇرغ بالىلىرىنى ئادەم بارالمايدىغان بىر تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ دۈمبىسىگە ئېگەر توقۇپتۇ، ئاغزىغا يۈگەن سېپتۇ، بوينىغا تاش باغلاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى مىنىپ ئۇچۇرۇپ ئۆگىتىپتۇ. بوينىغا باغلايدىغان تاشنى ھەر كۈنى ئېغىرلىتىپتۇ. ئۇ سۇمۇرغ بالىلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆگىتىۋېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، سۇمۇرغ بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ ۋايىغا يېتىپتۇ. مىڭكۇنىڭ ئۆزىمۇ ئون توققۇز ياشقا تولۇپتۇ، ياشتىمۇ، كۈچتىمۇ ھەم ئەقىلدىمۇ تازا قىرانلىشىپتۇ. سۇمۇرغ بالىلىرى بىر پاتمان تاش بىلەن ئۇزاقلارغا ئۇچالايدىغان بوپتۇ. مىڭكۇ باتۇر سۇمۇرغلارنى ئاخىرقى قېتىم ئۇچۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ھە، ئەمدى ئىشىمغا تۇتۇش قىلسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— مېنىڭ تەييارلىقىم پۈتتى، بۈگۈن سەپەرگە ئاتلىنىمەن، — دەپ پادىشاھتىن ئىجازەت ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.

مىڭكۇ ئوردىدىن چىقىپ سۇمۇرغنىڭ بىرىگە مىنىپ، يەنە بىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئاسمان قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ئۇچقىنىچە ئۈچ ئاي ئۇچۇپتۇ، تۆۋەنگە نەزەر سېلىپ ياپيېشىل بوستانلىق ئۇزۇن بىر جىلغىنى كۆرۈپ چۈشۈپتۇ.



ئەتراپقا قاراپ بىر چار-
باغنى كۆرۈپتۇ. چارباغ-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا بويى
ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بىر
چىنار تۇرغۇدەك. مىڭكۇ
باتۇر باغقا كىرگۈدەك
بولسا، ھەر خىل مېۋى-
لەر پىشىپ كەتكەن.
مىڭكۇ باتۇر مېۋىلەرنى
يەپ قورسىقىنى تويغۇ-
زۇپتۇ. باغنىڭ بىر چې-
تىگە بېرىپ قاراپ، يې-
قىنلا يەردە بىر شەھەرنى
كۆرۈپتۇ. مىڭكۇ باتۇر
سۇمۇرغلارنى باغدا قويۇپ قويۇپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ مې-
ڭىپتۇ. شەھەر قىرىق گەز ئېگىزلىكتە سېلىنغان قېلىن
سېپىل بىلەن قورشالغانىكەن. شەھەرنىڭ ئىككى قوۋۇقى بار
ئىكەن. قوۋۇقنىڭ قاناتلىرى پولات بىلەن قاپلانغانىكەن. ھەر-
بىر قوۋۇقنى ئىككى نۆكەر قوغداپ تۇرىدىكەن. بىر قوۋۇق-
تىكى نۆكەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى يولۋاس باتۇر، يەنە بىرى-
نىڭ ئىسمى ئېيىق باتۇر ئىكەن. بۇ باتۇرلار شۇنداق بويلۇق
ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ قېلىپ ئېگىلىپ
يۈرىدىكەن، ئەگەر بېشىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان بولسا، ئالتە
قات ئاسماننى تەۋرىتىۋېتىدىكەن، بۇلارغا ھېچ نەرسە تەڭ كې-
لەلمەيدىكەن. ئالتە ئايلىق تاماقنى بىر قېتىمدىلا يەيدىكەن.
بىر ئۇخلىسا ئالتە ئاي ئۇخلايدىكەن. ئۇخلىمىسا ئالتە ئاي
ئۇخلىمايدىكەن، شۇڭا بۇ ئىككى باتۇر بىرى ئۇخلىسا، بىرى

ئۇخلىماي، نۆۋەت بىلەن كۆزەت قىلىدىكەن. بۇ قېتىم يولۋاس باتۇر ئۇخلاپ، ئېيىق باتۇر كۆزەت قىلىۋاتقانىكەن. مىڭكۇ با تۇر ئېيىق باتۇرغا پىسەنت قىلماي، شەھەرگە كىرمەكچى بوپ تۇ. ئېيىق باتۇر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مېنىڭ ئالدىمدا سەن تۇرماق، پاشىمۇ رۇخسەتسىز شەھەرگە كىرەلمەيدۇ، ماڭ نېرى ! — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، قوۋۇققا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئېيىق باتۇرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مىڭكۇ باتۇرنى بىر شا- پىلاق ئۇرۇۋېتىكەن، مىڭكۇ باتۇر ئون ئۈچ تاغنىڭ نېرىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ يەرگە قىرىق گەز كىرىپ كېتىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز بىھوش يېتىپ، كېيىن ھوشىغا كېلىپ مىڭ بىر جا- پادا يەر ئاستىدىن چىقىپتۇ. ئۇ، مەن ئۆزۈم بىر باتۇر تۇر- سام، ئاشۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىسەم، يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، دەپ ئويلاپ شۇنداق دەرغەزەپكە كەپتۇكى، بەدەنلىرى تىترەپ كېتىپتۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېيىق باتۇرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، مىسران قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ:

— قېنى، مەرد بولساڭ مەيدانغا چىق، ئىككىمىلەن بىر كۈچ سىنىشىپ باقايلى، — دەپتۇ.

ئېيىق باتۇرمۇ نەيزە - قالقىنىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئىككى باتۇر بىرنەچچە قەپەس ئېلىشىپتۇ. ئېيىق باتۇر نەيزىسىنى مىڭكۇ باتۇرنىڭ كۆكرىكىنى چەنلەپ ئۇرۇۋې- تىكەن. مىڭكۇ باتۇر ئۇنىڭ نەيزىسىنى قىلىچى بىلەن قايرىپ تاشلاپتۇ، ئاندىن چاققانلىق بىلەن ئېيىق باتۇرغا قىلىچ سې- لىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە ئىككى پارچە قى- لىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى يەتتە دەريا، يەتمىش ئىككى تاغ- نى بېسىۋاپتۇ.

ئېيىق باتۇر ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭكۇ باتۇر سېپىل

قوۋۇقىنى ئېچىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەردە ئۇ ئادەتتىكى يۇقىرادەك ياسىنىپ بازار ئايلىنىپتۇ. بازارنىڭ بىر چېتىگە چىقسا، بىر بوۋاي قوغۇن سېتىپ ئولتۇرغۇدەك. مىڭكۇ باتۇر بىر تىلىم قوغۇن ئېلىپ يەپ بولۇپ، بوۋايدىن:

— بوۋا، ئاڭلىسام، ئاستىنقى ئالەمدىن بىر شاھزادە بىر مەلىكىنى مۇشۇ ئۇستۇنكى ئالەمگە ئاچىققانىكەن، ئۇنىڭ قانتى بولمىسا ياكى ئاسماننىڭ شوتىسى بولمىسا، قانداق چىققاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي بالام، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بادرات دەيدىغان بىر تاز بار، بۇ بادرات تازنىڭ بىر بالىسى بار ئىدى، بادرات تاز بالىسىنى يەتتە ياش ۋاقتىدا ئاستىنقى ئالەمگە ئەچۈشۈپ يوشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ھازىر ئوتتۇز ياشقا كىردى. بۇ يىل ئون يىل بولدى، بادرات تاز ئاستىنقى ئالەمدىن بىر مەلىكىنى ئاچىقىپ ساقلاۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇ مەلىكە بەكمۇ دانا ئىمىش، قولىدىن جىق ئىش كېلەرمىش، ئۈچ يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى چۈشىدە كۆرىدىكەن. ئۇ مەلىكە ھەر كۈنى بىر دوپپا تىكىدىكەن، ئۇنىڭ تىككەن دوپپىسىنى كىشىلەر مىڭ تىللاغا تالىشىپ سېتىۋالىدىكەن. ھېلىقى بادرات تاز ھازىر ئۇستۇنكى ئالەمدىكى بۇ شەھىرىمىزگە پادىشاھ بولۇۋالدى. ئۇنىڭ قىرىق يەتتە مىڭ تۇغ ـ ئەلەملىك لەشكىرى، بىرقانچە يۈز ئاجايىپ باتۇرى، يەتتە مىڭ كىشىلىك مەخسۇس نۆكىرى بار. ئۇ بۇ نۆكەرلىرىگە سېھىر ئۇستىدە قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىشنى، تۇزدە چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ قوغۇنچى بوۋاي مىڭكۇ باتۇرغا.

مىڭكۇ باتۇر ئەھۋالنى بىلىۋېلىپ، سېپىلنىڭ ئۇستىگە چىقىپتۇ. ناتونۇش كىشىنى كۆرگەن بىر نۆكەر بادرات تازغا:

— بىرى سېپىلىمىزگە چىقىپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، —

دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— پۈتىدىن تۇتۇپ يەرگە تاشلىۋەت ! — دەپتۇ بادرات تاز. نۆكەر بېرىپ مىڭكۈ باتۇرنى كۆتۈرمەكچى بوپتىكەن، يەردىن قوزغىتالماپتۇ. ئاچچىقىدا مىڭكۈ باتۇرنىڭ پۇتىغا تەپ-مەكچى بولغانىكەن، مىڭكۈ باتۇر ئۇنى بىر تېپىك بىلەن سې-پىلدىن يەرگە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا نۆكەرلەر چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ.

— ئېيىق باتۇرنى قىچقار! — دەپ ۋارقىراپتۇ بادرات تاز.

— ئېيىق باتۇرۇڭ ئاللىقاچان ئىككى پارچە بولۇپ يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا ياتىدۇ، — دەپتۇ مىڭكۈ باتۇر.

بادرات تاز بىر ئىشارە قىپتىكەن، سېپىل ئۈستىدىكى يەتتە مىڭ نۆكەر مىڭكۈ باتۇرغا ئېتىلىپ كېلىشىپتۇ. مىڭكۈ باتۇر بىردەمنىڭ ئىچىدە بىرنى تۇتۇۋېلىپ بىرىگە ئېتىپ، بىرى ئارقىلىق ئونىنى يىقىتىپ، يەتتە مىڭ نۆكەرنى يەر چىشلىتىپتۇ، ئاندىن بادرات تازنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۆزد-نى مەلىكە بار جايغا باشلاپ بېرىشقا قىستاپتۇ.

— مېنىڭ مەلىكىنى ساقلايدىغان ئۈچ مىڭ تاللانغان نۆكىرىم، سەكسەن باتۇرۇم بار. بۇ باتۇرلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ مىڭ ئادەمگە تېتىيدۇ. بۇ باتۇرلار ئۇخلىسا بىر قولىقىنى ئاستىغا سېلىپ، بىر قولىقىنى يېپىنىپ ياتىدۇ، بۇلارغا ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ باتۇرلىرىمنىڭ ھەربىرى قولاقلىرىنى سۆرىتىپ ماڭىدىغان بولسا، ئەللىك چاقىرىم يەرنى بېسىپ ماڭىدۇ. قانچىلىك ئادەم بولسا ھەممىسى قولاق-لىرىنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلىدۇ. سەن ئاۋارە بولما، — دەپتۇ بادرات تاز.

مىڭكۈ باتۇر بادرات تازنىڭ دېگەنلىرىگە پىسەنت قىلماي،

ئۇنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇستۇنكى ئالەم پادىشاھىنىڭ يەتتە قات ئوردىسى بولۇپ، بادرات تاز مەلىكىنى ئەڭ ئاستىنقى ئوردىدا قىرىق بىر قات تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ساقلايدىكەن. قەپەسنى قىرىق پالۋان، ئوردا ئىشىكىنى قىرىق پالۋان قوغدايدىكەن. بۇ پالۋانلارنىڭ ھەربىرى قىرىق دىۋىگە تېتىيدىكەن.

بادرات تازنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقاننى كۆرگەن پالۋانلار بىر - بىرىگە:

— بىزنىڭ بادرات پادىشاھىمىزنى بىر قۇرت ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك كارامىتى باردۇ؟ — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ ۋە مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ.

— مېنىڭ سىلەر بىلەن، سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق. ئۇستۇنكى ئالەم پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، سىلەرگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، مەلىكىنى ئېلىپ يولۇمغا كېتىۋېرىمەن، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر. شۇ ئارىدا بادرات تازنىڭ ئوغلى پەيدا بوپتۇ. ئۇ مىڭكۇ باتۇرغا قاراپ:

— مەلىكىنى دادام ئەمرىگە ئالىدۇ، ساڭا بېرىدىغان قىز يوق ! — دەپ، بىر سالپاڭ قۇلاق باتۇرغا ئىشارە قىپتۇ.

سالپاڭ قۇلاق باتۇر مىڭكۇ باتۇرغا قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىلىپ كەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى بىر ئۇرۇپلا قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، سۆرىلىپ تۇرغان قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ تارتىپتىكەن، تۇۋىدىنلا ئۈزۈلۈپ ئۇنىڭ قولىغا چىقىپتۇ. قۇلاقنى ئېتىپتىكەن، بادرات تازنىڭ ئوردىسىنى ساقلايدىغان ئۈچ مىڭ نۆكەرنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قالغان سالپاڭ قۇلاقلار مىڭكۇ باتۇردىن قورقۇشۇپ يېقىن كېلەلمەپتۇ. بادرات تازنىڭ مىڭكۇ باتۇرنىڭ دېگىنىدەك

قىلماسلىققا ئامالى قالماپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن ئاتىڭىزنىڭ قېشىدىن سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، مەن بىلەن كېتەمسىز؟ — دەپتۇ.

مەلىكە ئاتىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىغلاپتۇ ۋە مىڭكۇ باتۇر بىلەن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر مەلىكىنى قەپەستىن چىقىرىپ ئوردا سىرتىغا ئاچىقىپتۇ، بادرات تازنى باغلاقتىن بوشىتىپ:

— ئەي بادرات پادىشاھ، مەن سېنىڭ يەتتە مىڭ لەشكىرىڭنى، سەكسەن دىۋە سۈپەت باتۇرۇڭنى ھەم ئېيىق باتۇرۇڭنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەن ئەسلىدە قان تۆكمەكچى ئەمەس ئىدىم، ئادەملىرىڭ ھەم ئۆزۈڭ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدىڭلار. مېنى كىمكىن دەپ قالمىغىن، ئىسمىم مىڭكۇ. مەلىكىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن رازى، سەنمۇ مېنىڭدىن رازى بول، — دەپ مەلىكىنى ئەكېتىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر سۇمۇرغلىرى ساقلاپ تۇرغان باغقا كەپتۇ. ئۇ ئۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن ئوۋ ئوۋلاپ، توققۇز تۇلۇمغا گۆش، توققۇز تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپتۇ. ئاندىن مەلىكە بىلەن بىردىن سۇمۇرغقا مىنىپ، گۆش، سۇ قاچىلانغان تۇلۇملارنى سۇمۇرغقا ئارتىپ، ئاستىنقى ئالەمگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈن، نەچچە ئاي ئۇچۇپتۇ. گۆشمۇ، سۇمۇ تۈگەپتۇ. سۇمۇرغلار ئۇسساپ كېتىپ بولالماي «سۇ» دەپتىكەن، مىڭكۇ باتۇر ئىككى كۆزىنى ئويۇپ بېرىپتۇ. سۇمۇرغلار ئۇنى شۇمۇپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. قورسىقى ئېچىپ «گۆش» دەپتىكەن، مىڭكۇ باتۇر ئوڭ يوتىسىدىن بىر لوقما گۆش كېسىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاستىنقى ئالەمگە چۈشۈپتۇ. مەلىكە قارىغۇدەك بولسا، مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئىككى كۆزى يوق-

مىش، ئىشتىنىنىڭ ئوڭ پوچقىقى غەرق قانمىش. ئونىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن، مىڭكو باتۇر ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سومۇرغلارنىڭ بىرى مىڭكو باتۇرغا:

— سەن بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ. بىزمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلايلى، كەل، مېنىڭ قانىتىمدا يات، — دەپ ئوڭ قانىتىنى يەرگە يېيىپتۇ.

مىڭكو باتۇر سومۇرغنىڭ قانىتىنىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ. يەنە بىر سومۇرغ ئوڭ قانىتى بىلەن ئونىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە سىلاپتىكەن، مىڭكو باتۇرنىڭ كۆزى، يوتىسى ئەسلىگە كەپتۇ.

— بىز قىلىدىغان يەنە قانداق خىزمىتىڭ بار؟ — دەپ سورىشىپتۇ سومۇرغلار.

— مەن بۇ مەلىكىنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كېلىمەن، ساقلاپ تۇرۇڭلار! — دەپ مىڭكو باتۇر پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

مىڭكو باتۇر مەلىكىنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ. ئاتا ـ بالا: «ۋاي ئاتا، ۋاي قىزىم» دېيىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، يىغلىشىپتۇ. ئاتا ـ بالا بىرئاز ھال ـ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، مەلىكە شاھ ئاتىسىغا مىڭكو باتۇرنىڭ ئۈستۈنكى ئالەمدىكى باتۇرلۇقىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بويىچە مىڭكو باتۇرغا قىزىنى ھەم پادىشاھلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. مىڭكو باتۇر:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مېنىڭ بىر ئۈستام بار ئىدى، ئەگەر لايىق تاپسىلا، مەن پادىشاھلىقنى شۇ ئۈستامغا ئۆتۈنسەم، مېنىڭ ئورنۇمغا شۇ ئۈستام پادىشاھ بولسا، چۈنكى

ئۇستامنىڭ بىر پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى، — دەپ-تۇ. پادىشاھ:

— مېنىڭ پادىشاھلىقىم ساڭا ئۆتتى. ئۇنى كىمگە بەر-سەڭ ئۆز ئىختىيارىڭ، مەن رازى، — دەپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ سۇمۇرغلارنىڭ يېنىغا بارسا، ئۇلارمۇ مىڭكۇ باتۇرنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. مىڭكۇ باتۇر ئۇستىسىنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىنى دەپ تۇ-رۇشىغا، قاتتىق قارا بوران چىقىپ، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. سۇمۇرغ باللىرى:

— ئەي مىڭكۇ باتۇر، بۇ بوران بىلەن يامغۇر ئانىمىزنىڭ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى. سەن بىرەرىمىزنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغىن، ئانىمىز ئۇقۇشماستىن ساڭا زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، — دەپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر سۇمۇرغ باللىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا يو-شۇرۇنۇپتۇ. ئانا سۇمۇرغ يېتىپ كەپتۇ. بوران - يامغۇرمۇ توختاپتۇ. ئانا سۇمۇرغ:

— ئەي باللىرىم، ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان نەلەردە يۈردۈڭلار؟ مەن سىلەرنىڭ دەردىڭلاردا يەتتە ئىقلىم، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ئىغلاپ يۈرۈپ كېزىپ چىققۇچە بىر كۆزۈمنىڭ نۇرى ئۆچتى. سىلەرنىڭ بېشىڭلاردىن نېمە ئىشلار ئۆتتى؟ ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. سۇمۇرغ باللىرى:

— بۇ يەردە بىر ئادەمزات بالىسى بار، ئەگەر سىز ئۇ-نىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە، بۇ بالىنىڭ قانداق تەلىپى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە ماقۇل بولسىڭىز، ھەممە ئەھۋالنى دەپ بېرىمىز، — دەپتۇ.

ئانا سۇمۇرغ باللىرىنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

سۇمۇرغ بالىلىرى ئانىسىنىڭ ئوزۇق ئىزدەپ كەتكەن ۋاقتىدا چوڭ بىر يىلان ئۆزلىرىنى يېيىش ئۈچۈن شەمشادقا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا، بىر توزاقچى ئادەمنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۆيىگە ئەكېتىپ قەپەسكە سولاپ باققانلىقىنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قايغۇرۇپ يۈرگەندە، بىر يىگىتنىڭ ئۆزلىرىنى ئىككى تۆگىگە تېگىشىۋېلىپ، ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەنلىكىنى، شۇ يىگىت بىلەن بىرىپ ئۈستۈنكى ئالەمدىكى مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەنلىكلىرىنى، ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزلىرىنى قاچان تەلەپ قىلسا شۇ چاغدا قويۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، قانىتى ئاستىدىن مىڭكۇ باتۇرنى چىقىرىپتۇ. ئانا سۇمۇرغ:

— بۇ ئادەمزات ئىچىدىن چىققان ياخشى يىگىت ئىكەن. ئۇ سىلەرگە ياخشىلىق قىلغانىكەن. مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشىم كېرەك، — دەپتۇ بالىلىرىغا ۋە مىڭكۇ باتۇرغا قاراپ، — ئەي يىگىت، قېنى قانداق تەلىپىڭ بار؟ بالىلىرىمغا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن جېنىم بىلەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت، مېنىڭ ھازىر ھېچقانداق تەلىپىم يوق، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر. ئانا سۇمۇرغ:

— ئۇنداق بولسا، مەن ساڭا قانىتىمنىڭ بىر تال پېيىنى يۇلۇپ بېرەي، بېشىڭغا بىرەر ئېغىر كۈن چۈشۈپ، ياردەمگە موھتاج بولغىنىڭدا كۆيدۈرسەڭ، شۇ ھامان يېنىڭدا پەيدا بولىمەن، — دەپ قانىتىدىن بىر تال پەينى چىشلەپ يۇلۇپ مىڭكۇ باتۇرغا بېرىپتۇ.

سۇمۇرغ بالىلىرى مىڭكۇ باتۇر بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ خوشلىشىپ، ئانىسى بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئا-

نا سۇمۇرغ بەرگەن پەينى قوينىغا سېلىپ، ئۇستىسى بار شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ مېڭىپ ئۇستىسى بار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇستىسىغا:

— مەن سىلىگە پالانى شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېلىپ قويۇپ كەلدىم، ئۇستام، — دەپتۇ.

مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئۇستىسى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، مىڭكۇنىڭ نەلەرگە بېرىپ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى سوراپتۇ. مىڭكۇ باتۇر بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇستىسى ئاندىن مىڭكۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولۇپ بېقىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، شۇ كۈنىلا يولغا چىقماقچى بوپتۇ ۋە:

— ھەممە نەرسەم ساڭا قالسۇن، — دەپ، مىڭكۇ باتۇرغا ئۆيلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپتۇ ـ دە، شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر ئۇستىسىدىن قالغان پۈتۈن مال ـ مۈلۈكلەرنى يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، بۇ شەھەردىنمۇ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر ماڭا ـ ماڭا بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ دەريانىڭ بويىدا زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۈچ بادرات رودۇپاي تاز بار ئىكەن. بۇ بادرات رودۇپاي تازلار كۈندە قىرىق خىل ئۆزگىرەلەيدىكەن. دەريانىڭ قىرغىقى يول ئىكەن، بۇ ئەتراپتا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەن. ھېلىقى بادرات تازلار بۇ يولدا ماڭغان ھەرقانداق كىشىنى، خاھى پۇقرا، خاھى پادىشاھ بولسۇن، ھەممىسىنى بۇلايدىكەن، ئىنساپى كەلسە، مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، كىيىم ـ كېچەكىنى سالدۇرۇۋېلىپ يالىڭاچ ھالدا قوغلىۋېتى-

دىكەن، بولمىسا، دورا بىھوش بىلەن قاتۇرۇۋېتىدىكەن. مىڭكۇ باتۇر ئاشۇ ئۈچ بادراتقا يولۇقۇپ قاپتۇ. بادراتلار مىڭكۇ باتۇرنى كۆرۈپ:

— ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەندەك قىلىسىز، بۈگۈن بىزگە مېھمان بولۇڭ. سىزدەك ياخشى مېھمان قونماي ئۆتۈپ كەتسە، كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولىدۇ، سىزگە بېلىق پىشۇرۇپ بېرەيلى، — دېيىشىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر بۇ بادراتلارنىڭ غەرىزىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بىر كېچە قونۇپ كەتمەكچى بوپتۇ. قاتتىق چارچىغان مىڭكۇ باتۇر بالدۇرلا يېتىپ ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ.

بادراتلار: «بۇنىڭ ئۈچ مۇھىم نەرسىسى بار ئىكەن، بىرىدىمىز مىسران قىلىچىنى، بىرىمىز ئوقياسىنى، يەنە بىرىمىز جاھاننەما ئەينىكىنى ئالساق بولغۇدەك. بۇنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن چەمبەرچاس باغلاپ كېمىگە سېلىپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىپ چۆكتۈرۈۋېتەيلى» دېيىشىپتۇ. بادراتلار مىڭكۇ باتۇرنىڭ بۇرنىغا دورا بىھوشنى تۇتۇپتۇ. مىڭكۇ باتۇرنىڭ بۇرنى ئېچىشقاندەك بوپتۇ ـ دە، «ھەپچۇش» دەپ بىر سىلكىنىپلا قېتىپ قاپتۇ. بادراتلار ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى چىڭ باغلاپ تېڭىۋېتىپتۇ. «بۇنى دەرياغا چۆكتۈرۈۋەتسەكلا بولدى. ئەمدى بىز خىسلەتلىك قورالغا ئىگە بولدۇق، بىزگە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېيىشىپتۇ بادراتلار.

مىڭكۇ باتۇر كىچىك چېغىدا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پۇت ـ قول، بەدەنلىرىنى سىلاپ، دۇئا بەرگەنىكەن. بۇنىڭدىن مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئۆزىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. ئۇ بادراتلارنىڭ دورىسى بىلەن بىر مەھەل قېتىپ قالغاندەك بولسىمۇ، لېكىن

بەدەنلىرى ئاستا ـ ئاستا يۇمشاپ، تاڭ ئاتقۇچىلىك تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بوپتۇ. قارىسا، پۇت ـ قوللىرى باغلىنىۋېتىلگەن. قېنى بۇلار، زادى نېمە قىلماقچى، بىر كۆرۈپ باقاي، دېگەن خىيالغا كېلىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، جانسىز قىياپەتتە كىرىپ جىم يېتىپتۇ.

كۈن قىزىرىپ چىقىشقا باشلىغاندا، بادراتلار مىڭكۇ باتۇرنى كېمىگە سېلىپتۇ. بىر بادرات دەريا قىرغىقىدا قاپتۇ، يەنە بىر بادرات تاماق ئېتىشكە ئۆيىگە كېتىپتۇ. بىر بادرات خاتىرجەم هالدا كېمىنى تاياپ[1] دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىپ، مىڭكۇ باتۇرنى دەرياغا تاشلاي دېگەن چاغدا، مىڭكۇ باتۇر «ياپىرىم» دەپ كۈچەپ تۇرۇپ بىر جىغىناپتىكەن، ئاتنىڭ قۇيرۇق ـ ياللىرىدىن ئېشىلگەن بىلەكتەك تومۇقتىكى قىل ئارغامچىلار ئۈزۈلۈپ، پۇت ـ قول، بويىنىغا سالغان تاقاق، كىشەنلەرمۇ پارچىلىنىپ كېتىپتۇ. بادرات بىلەن مىڭكۇ باتۇر كېمە ئىچىدە ساق بىر كۈن ئېلىشىپتۇ. كەچكە يېقىن كېمە داۋالغۇپ كېتىپ، ئىككىسى سۇغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مىڭكۇ باتۇر سۇغا ئاجىز ئىكەن، بۇنى بىلىۋالغان بادرات پۈتۈن جان ـ جەهلى بىلەن ئېلىشىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر سۇغا ئاجىز بولسىمۇ، كۈچ، پەمى بولغاچقا، كېچىچە ئېلىشىپتۇ، بادرات هېرىپتۇ، ئاخىر بولالماي، تىلىنى ئىشقا سېپتۇ. ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۈزىراش خۇسۇسىيىتى بار ئىكەن. بادرات تىلىنى ئۇزارتىپ مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئەت ـ يانلىرىنى يالاپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى تىلمۇۋېتىپتۇ، دەريا سۈيى مىڭكۇنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ قىپقىزىل بولۇپ كېتىپتۇ. مىڭكۇنىڭ بەدەنلىرى ئېچىشىپ، ئاغرىقنىڭ دەستىدىن جېنىنى قويغۇدەك يەر قال-

---

[1] تاياپ — هەيدەپ.

مىغاندەك تۈيۈلۈپتۇ. مىڭكۇ باتۇرنىڭ باشقىدىن غەزىپى تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ پۇتى سۇ ئىچىدىكى يوغان قورام تاشقا تېگىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مىڭكۇ باتۇر بادراتنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، قورام تاشقا ئۇرۇۋېتىكەن. بادرات كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر كېمىگە چىقىپ، ئۇنى قىرغاققا تاياپ بېرىپتۇ. بۇرادىرىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان يەنە بىر بادرات ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى بىلىپ، مىڭكۇ باتۇرغا ئېتىلىپ كەپتۇ. تېخى ھاردۇقىنى چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن مىڭكۇ باتۇر بۇنىڭ بىلەنمۇ قاتتىق ئېلىشىپتۇ. سۇنىڭ ئىچىدە ئېلىشا - ئېلىشا، ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېلىپ، گىرۋەككە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن بۇ بادراتلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۈچىنچى بادرات مىڭكۇ باتۇرنىڭ مىسران قىلىچىنى يېنىدا قويۇپ قويۇپ، بىر خىلدا بېلىق پىشۇرۇۋاتقۇدەك، ئۇ مىڭكۇ باتۇرنىڭ كىرگىنىنى تۇيماپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئىتتىك بېرىپ



مىسران قىلىچىنى ئېلىۋاپتۇ، ئۇ بادراتنى كەينىدىن چېپىپ-
ۋەتمەكچى بولۇپ، بۇنداق قىلىش نامەردىنىڭ ئىشى، دەپ ئويلاپ
توختاپ قاپتۇ. بۇ ئارىلىقتا بادرات يېنىغا قاراپ، مىڭكۇ با-
تۇرنىڭ مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
مىڭكۇ باتۇر بادراتقا:

— قېنى، قوراللىق بولسا ئېلىپ مەيدانغا چۈش ! —
دەپتۇ.

بۇ بادرات ئۆلۈپ كەتكەن ئىككىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ
كۈچتۈڭگۈر ئىكەن. ئۇ يەتمىش پاتمانلىق گۈرزىسىنى ئېلىپ
مەيدانغا چىقىپتۇ. مىڭكۇ باتۇرمۇ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ. بادرات
مىڭكۇ باتۇرنىڭ بېشىغا قارىتىپ گۈرزىسىنى ئۇرۇپتۇ. مىڭكۇ
باتۇر مىسران قىلىچى بىلەن بادراتنىڭ گۈرزىسىنى توسۇپتۇ.
ئەنە شۇ تەرىقىدە بادراتنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۇرغان ئۈچ
قېتىملىق گۈرزىسىنى ياندۇرۇپتۇ.

— نۆۋەت ئەمدى ماڭا كەلدى، ئاگاھ بول ! — دەپ
مىڭكۇ باتۇر ۋارقىرىغىنىچە بادراتقا قىلىچ ئۇرۇپتۇ، تاغقا
چېپىلسا تاغنىمۇ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغان قىلىچ بادراتقا
كار قىلماپتۇ، خۇددى تاشقا كالتەك ئۇرغاندەك، قىلىچ بادرات-
نىڭ بەدىنىدىن يېنىپ تۇرغۇدەك. قىلىچ ئۆتمىگەندىن كې-
يىن، مىڭكۇ باتۇر بادراتنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوتقا تاشلاپتۇ،
كۆيمەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ، ئۇنى
بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر قورام تاشقا شۇنداق ئۇرۇپتىد-
كەن، بادراتنىڭ ئۇستىخانلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ.
قارىغۇدەك بولسا، قورام تاشمۇ پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر قىلىچ، ئوقيا ۋە جاھاننەما ئەينىكىنى ئېلىپ
كەتمەكچى بولۇپ ئەتراپقا قاراپ، ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قاپتۇ.
ئۇنىڭ كۆزىگە تاشتەك قېتىپ قالغان سانسىز ئادەم كۆرۈنۈپ-

تۇ، ھەممىسى ئۇخلاپ ياتقان ھالەتتە ئىكەن. مىڭكۇ باتۇر نې-
مە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. تاشلاپ كېتەي دېسە ئەسلىي،
كەتمەي دېسە ئەسلىي. ئۇ بادراتلارنىڭ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن
ئادەملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دورىسىنى بىلىۋالمىغىنىغا
پۇشايمان قىپتۇ، قانچە باش قاتۇرسىمۇ ئىلاجى بولماپتۇ. ئۇ
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، بىر ئاق ئاتنى يېتىلەپ بىر مويى-
سىپىت كەپتۇ. مىڭكۇ ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ.

— بادراتلارنى ئۆلتۈرۈپ ئوبدان ئىش قىلدىڭ، بالام!
سېنىڭ بارىدىغان يېرىڭنىڭ يىراقلىقىنى بىلىمەن، ئەمما سەن
پىيادە، ساڭا مەن ئېگەر - جابدۇقلۇق مۇشۇ ئاتنى بېرەي، —
دەپ ھېلىقى كىشى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى مىڭكۇ باتۇرغا تۇتقۇ-
زۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپتىكەن، ئەت - يانلىرىدىكى
جاراھەت، تىتىلغان گۆش - تېرىلىرى سەللىمازا ئەسلىگە
كەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئۆزىنى باشقىدىن تېخىمۇ كۈچكە تولۇپ
قالغاندەك ھېس قىپتۇ.

— بالام، بۇ ئاتنى مىنىپ ئوڭ يانپىشىغا ئۇرساڭ ئاس-
ماندا ئۇچىدۇ، سول يانپىشىغا ئۇرساڭ يەردە ماڭىدۇ، يەردە
ماڭغاندا كۆنگە ئالتە ئايلىق يولنى باسىدۇ، — دەپتۇ، ئاندىن
تاش ئادەملەرگە قاراپ: «ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەسلىڭ-
لەرگە كەلگەيسىلەر» دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مىڭ-
كۇ باتۇر بوۋايغا رەھمەت ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ.

ئۇ بۇ يەردىن تېز كېتىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىشكە تەمشى-
لىپ تۇرسا، سايدىكى «تاش ئادەملەر» مىدىرلىغاندەك بوپتۇ.
مىڭكۇ بۇنىڭغا ھەيران بولغانچە قاراپ قاپتۇ. ئارىدىن ئانچە
ۋاقىت ئۆتمەي، بۇ «تاش ئادەملەر»نىڭ ھەممىسى ئۆز ئەسلىگە
كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ
سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ-

تۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شاھزادىلەرمۇ بار ئىكەن. مىڭكۇ باتۇر ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ ئۆز ئەسلىڭلەرگە قايتىشىڭلار مېنىڭ خا-سىيىتىمدىن ئەمەس، مېنىڭ ئۇنداق كارامىتىم يوق، بۇ بىر ئەۋلىيانىڭ كارامىتى، — دەپتۇ. ئاندىن بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سېنىڭ بېشىڭنى ئەۋلىيا سىلاپتۇ، كېيىن سەنمۇ چوقۇم ئەۋلىيا بولغۇدەكسەن، بىز ساڭا ئەگىشىمىز، بىزنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالساڭ، — دەپتۇ ئۇلار. مىڭكۇ باتۇر:

— مېنىڭ بارار مەنزىلىمنىڭ قارارى يوق، نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. خۇدايىمنىڭ كۈنى كۆپ، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، — دەپتۇ - دە، ئاق ئاتقا مىنىپتۇ. ئوڭ يانپىشىغا شاپىلاقلاپ يېنىك بىرنى ئۇرۇپتى-كەن، ئات يەردىن كۆتۈ-رۈلۈپ ئاسمان قەرىگە چىقىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.



مىڭكۇ باتۇر ئۇچا - ئۇچا بىر ۋاقىتتا پەستە ئورماننى كۆرۈپتۇ. ئات-نىڭ ئۇچۇشىنى ئاستى-لىتىپ، پەسلىتىپتۇ. ئۇ-نىڭ قۇلىقىغا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ، بۇ نېمە يىغىدۇ، سەۋەبىنى بىلىپ باقاي، دەپ ئويلاپ، ئات-نىڭ سول يانپىشىنى

سىلاپتىكەن، ئات ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ يەرگە چۈشۈپتۇ. قارىسا، بىر بالا ئۆزى يالغۇز يىغلاپ كېتىپ بارغۇدەك.

— ئەي بالا، نېمە دەردىڭ بار، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — مىڭكۇ باتۇر بالىدىن سوراپتۇ.

— مەن ئاتامدىن يېتىم قالغان. بىزنىڭ بىر باي قوشنىمىز بار ئىدى، كۆن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئېغىرچىلىقىدا ئۇنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى قەرز ئېلىۋېرىپتىمىز. كۈنلەرنىڭ بىرىگە كەلگەندە، باي قوشنىمىز: «يا پۇلۇمنى بەر، يا ئۆزۈڭ ماڭا خوتۇن بول، يا بولمىسا بالاڭنى قۇللۇققا بەر» دەپ ئانامنى قىستىدى. ئانام تېگەي دېسە تېخى بولمىغان، قەرزنى بېرەي دېسە بىزدە نەدە پۇل، ئىلاجىسىز مېنى ئۇ بايغا قۇللۇققا بەردى. مەن بايغا قۇل بولۇپ يەتتە ئاي ئىشلىدىم. تۈنۈگۈن ئۇ باي: «شور دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر بادرات كىتابى بار ئىكەن، شۇ بادرات كىتابىنى ماڭا تېپىپ ئەكېلىپ بەرسەڭ، سېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن. ئەگەر ئەكېلىپ بېرەلمىسەڭ، سېنى تۆمۈر تارغاق بىلەن تاراپ، بەدىنىڭگە قىزىتىلغان ياغ چېچىپ، تونۇرغا ئېسىپ قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن» دېدى. شور دەريا نەدە، نەدە ئەمەس، ئۇقمايمەن، شۇ غەمدە يىغلاپ كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا ئارقامغا مىنگەش، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر. بالا ئاتقا مىنگىشىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر: «شور دەريا بويىغا» دەپ ئاتنىڭ ئوڭ يانپىشىغا يېنىك بىرنى ئۇرۇپتىكەن، ئات ئۇلارنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا شور دەريا بويىغا ئەكېلىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ هۆر قىزلارنىڭ يېنىغا ئەكىرىپتۇ. هۆر قىزلار مىڭكۇ باتۇرنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان تەييارلاپتۇ. تاماق ئۇس-

تىدە مىڭكو باتۇر ھۆر قىزلارغا بۇ بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش جەريانىنى، بالىنىڭ ئەھۋالى ۋە باي قوشنىسىنىڭ زۇلمى، ئۇنىڭ بالىغا قويغان شەرتىنى بالىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەم ئاخىردا بادرات كىتابىنى بالىغا تېپىپ بېرىپ، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ قويۇشنى ھۆر قىزلاردىن ئۆتۈنۈپتۇ. ھۆر قىزلار مىڭكو باتۇرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بىر سۇمۇرغنى چاقىرىپ ئەكېلىپ:

— ئەي سۇمۇرغ، شور دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتسەڭ بىر تاغ بار، تاغنىڭ باغرىدا بىر توپ يالغۇز چىنار بار، شۇ چىنارنىڭ تۈۋىنى كولىساڭ بىر ساندۇق چىقىدۇ، سەن شۇ ساندۇقنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچماي ئەكەل، — دەپ تاپىلاپتۇ.

سۇمۇرغ بىر قانات قېقىپ ئاسمانغا چىقىپتۇ - دە، شامالدەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مىڭكو باتۇر بىلەن ھۆر قىزلار تامىقىنى يەپ، داستىخانلىرىنى يىغىشتۇرغۇچىلىك ئارىلىقتا سۇمۇرغ ساندۇقنى ئەكەپتۇ. ھۆر قىزلار ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن بىر كىتابنى ئېلىپ:

— مانا مۇشۇ بادراتلارنىڭ جادۇگەرلىك كىتابى، — دەپ كىتابنى بالىغا بېرىپتۇ.

مىڭكو باتۇر بالىنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ، ئاتنىڭ سول يانپىشىغا يېنىك بىرنى ئۇرۇپتىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئات ئۇلارنى باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكېلىپتۇ. بايمۇ بۇ چاغدا ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانىكەن. مىڭكو باتۇر ئاتتىن چۈشۈپ بايغا سالام بېرىپتۇ. باي بالىنى كۆرۈپ:

— مەن تاپىلىغان نەرسىنى تېپىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا كىتابنى بايغا كۆرسىتىپتۇ. باي كىتابنى قولغا ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا بادرات كىتابى ئىكەن.

— بۇ كىتابنى كىم تاپتى؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— كېلىشۋاتسام بۇ بالا مۇشۇ كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇ-
رۇپ كېلىشۋېتىپتۇ، ئىچىم ئاغرىپ ئاتقا مىنگەشتۈرۈۋالدىم، —
دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر. باي كىتابنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، با-
لىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشنىڭ گېپىنى قىلمىغۇدەك.

— سىز بۇ بالىغا، بادرات كىتابنى تېپىپ ئەكېلىپ
بەرسەڭ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىكەنسىز،
ۋەدىڭىزدە تۇرارسىز؟ — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

باينىڭ بالىنى قولدىن چىقىرىۋەتكۇسى يوق ئىكەن، شۇڭا:

— بۇ بالا ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغان بىلەن،
ئانىسىنىڭ قەرزىنى تۆلىشى كېرەك، — دەپتۇ.

— ئانىسىنىڭ سىزگە قانچىلىك قەرزى بار ئىدى؟ —
مىڭكۇ باتۇر بايدىن سوراپتۇ.

— يەتتە تىللا قەرزى بار، — دەپتۇ باي.

مىڭكۇ باتۇر يېنىدىن يەتتە تىللانى چىقىرىپ بايغا بې-
رىپتۇ ۋە بالىنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ چېپىپ كېتىپتۇ.
ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر با-
لىنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ كۆڭلىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن
شەھەر ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شەھەرنىڭ ئىچىدى-
مۇ، تېشىمۇ مىغ - مىغ ئادەم. ئۇلار بۇ شەھەردە بىرەر
چوڭ توي بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىشىپتۇ، لېكىن كىشى-
لەرنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرىدىن بۇ شەھەردە توي ئەمەس،
باشقا بىر ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر دەريا بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ
قېتىدىمۇ بىر شەھەر بار ئىكەن، ئىككى شەھەرنى مۇشۇ دەريا
ئايرىپ تۇرىدىكەن، ئەمما دەريا بەك چوڭقۇر بولغاچقا، كۆۋ-
رۈك سالالماي، ئىككى شەھەر خەلقى بىر - بىرىنى كۆرۈپ،
ئۈنىنى ئاڭلىشىپ تۇرۇشسىمۇ، باردى - كەلدى قىلالمايدى-

كەن. كىمدەكىم دەرياغا ئۇنچە - مەرۋايىتتىن كۆۋرۈك سال-سا، ھەر ئىككى پادىشاھ شۇ كىشىگە قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىكەن. جاكارنى ئاڭلاپ يۇرتمۇيۇرتلاردىن ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر كېلىشكەنىكەن. بۇ شەھەردە ئادەم كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن. ھەر - ھەر كارامەت ئىگىلىرى كەلگەن بولسىمۇ، دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشنىڭ زادىلا ئاما-لىنى قىلالماپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مىڭكۇ باتۇر پادى-شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، دەرياغا مەن كۆۋرۈك بىنا قىل-سام. — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

— بولىدۇ، — دەپ پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. مىڭكۇ با-تۇر بىللە ئېلىپ كەلگەن ئوغۇلنى پادىشاھنىڭ يېنىدا قويۇپ، ھۆر قىزلارنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ مېڭىپتۇ. ھۆر قىزلارنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، شۇ تەلىپىمنى راۋا قىل-ساڭلار، — دەپتۇ.

— نېمە تەلەپ؟ ئېيت، ھازىر راۋا قىلىمىز، — دەپتۇ ھۆر قىزلار.

— ئىككى شەھەر بار ئىكەن، بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن دەريا ئۆتىدىكەن. كىمكى ئۇنچە - مەرۋايىتتىن كۆۋرۈك سالالىسا، بۇ قاتتىكى پادىشاھ قىزىنى بېرىدىكەن، ئۇ قاتتىكى پادىشاھمۇ قىزىنى بېرىدىكەن. كۆۋرۈك سې-لىپ، ئىككى پادىشاھنىڭ قىزىنى ھېلىقى قولغا ئېلىپ بېرەي دەيمەن، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

— بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، كوھىقاپنىڭ تېغىدا بىر ئۆڭ-كۈر بار. زامانى ئەزەلدىن بۇيانقى ئۆتكەن ئەۋلىيا. دانىشمەن-لەرنىڭ ھېكمەتتىن بېشارەت بەرگۈچى كىتابلىرى ئاشۇ يەردە.

ئۆڭكۆرنى ئون ئىككى ئەجدىھا، يەتتە يولۋاس، ئىككى باتۇر ساقلايدۇ. ئۇلار بىز نېمە قىل دېسەك شۇنى قىلىدۇ. مۇشۇ يىلان شۇلارنىڭ پادىشاھى. يىلاننى ئەۋەتسەك ھازىرلا ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپ، ھۆر قىزلار بىر يىلانغا، — ئەي يىلان، سەن بېرىپ ئۆڭكۆردىكى قىرىق ھالقىلىق تەسمىنى[1] ھازىرلا يەتكۈز، — دەپتۇ. يىلان:

— بولىدۇ، — دەپ شۇ ھامان يولغا چىقىپتۇ. يىلاننىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق غۇلاچ، توملۇقى ئون غۇلاچ ئىكەن. يىلان ئۈچ كۈن يول يۈرۈپتۇ. بۇنىڭ ماڭغاندىكى گۈلدۈر - قاراس ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆڭكۆرنى ساقلاپ ياتقان ئەجدىھا - يولۋاسلار بىلەن ئىككى باتۇر، دۈشمەن كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ جەڭگە تەخ بولۇپ تۇرسا، يىلان پادىشاھ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار يىلانغا: «ۋاي خوش، پادىشاھىئالەم» دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ. يىلان ئۇلارغا:

— قىرىق ھالقىلىق تەسمىنى ماڭا ئاچىقىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار قىرىق ھالقىلىق تەسمىنى يىلان پادىشاھقا ئاچىقىپ بېرىپتۇ. يىلان پادىشاھ تەسمىنى ئاغزىدا چىشلەپ، ھۆر قىزلارغا ئەكېلىپ تاپشۇرۇپتۇ.

— ئەي مىڭكۇ باتۇر، بۇ تەسمىنى بېلىڭىزغا مەھكەم سىلىپ، ئىنس - جىنغا كۆرسەتمەي، يېرىم كېچە بىلەن: «يا پىرىمنىڭ ئەمرى، خۇدانىڭ ئەمرى، مۇشۇ دەرياغا ئۈنچە - مەرۋايىتتىن كۆۋرۈك بىنا بولسۇن !» دەپ سۇغا چىلىسىڭىز كۆۋرۈك بىنا بولىدۇ، — دەپتۇ ھۆر قىزلار.

مىڭكۇ باتۇر تەسمىنى ئېلىپ ئاتقا مىنىپ قايتىپ مېڭىپتۇ. يېرىم كېچىدە شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ دەريا بويى-

---

[1] تەسمە — تەسۋى.

غا بېرىپ: «يا پىرىمنىڭ ئەمرى، خۇدانىڭ ئەمرى، دەرياغا بىر كۆۋرۈك بىنا بولسۇن، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئۈنچە - مەرۋا- يىتتىن گۈل چېكىلسۇن، ئىككى تەرىپىگە ئالتۇندا مۇنار بې- كىتىلسۇن، مۇنارلارغا چەۋەندازلار بىلەن جەڭ قىلىشقان، قىرىق دېۋنى بوينىدىن تۇتۇپ ئاسمانغا ئاتقان، ئېيىق باتۇر- نى ئىككى پارچە قىلغان، بادراتلار بىلەن ئېلىشقانلىرىمنىڭ كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلسۇن» دەپ تەسمىنى سۇغا سېلىپ چىقارغان هامان كۆۋرۈك پۈتۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ كۆۋ- رۈك شۇنداق زىننەتلىك، ئۈستىگە دەسسەشكىمۇ ئادەم ئەيمەن- گۈدەك، زىلچا - گىلەمنىڭ گۈللىرىدىنمۇ ئېسىل گۈللەر بېسىلغان، ئىككى تەرىپىدىكى مۇنار تاملىرىدا مىڭكۇ باتۇرنىڭ باتۇرلۇق هەرىكەتلىرى ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك. مىڭكۇ با- تۇر قايتىپ بېرىپ ئۆيقۇسىنى ئۇخلاپتۇ. بۇ ئاخشىمى پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپ، ئۆيقۇسى كەلمەي هويلىغا چىقسا، پۈتۈن ئەتراپ يوپيورۇق بولۇپ كەتكەن، «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ قا- رىسا، دەريانىڭ ئۈستىدە رەڭگارەڭ نۇرلار چاقناپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن مۇلازىملىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، دەرياغا ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىتتىن بىر هەيۋەتلىك كۆۋرۈك بىنا بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ: «بۇ كۆۋرۈكنى قانداق ئىنسان ياساپ چىققاندۇ؟ مىڭكۇ باتۇر بىر جىنى بىلەن بىر ئاخشامدىلا بۇنچىلىك ئىشنى قىلالمايدۇ» دەپتۇ ۋە مىڭكۇ باتۇرنى چاقىرىپ ئەكېلىپ سوراپتۇ:

— بۇ كۆۋرۈكنى سەن ياسىغانمۇ؟

— مەن ياسىغاندىم، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ مىڭكۇ باتۇر.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا كاتتا توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ ساڭا قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇ قاتتىكى پادىشاھمۇ مىڭكۇ با-
تۇرغا قىزىنى بەرمەكچى بوپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئىككى پادىشاھقا:
— ماڭا بېرىدىغان قىزىڭلارنى مۇشۇ ئۇكامغا بېرىڭلار، —
دەپ ھېلىقى ئوغۇلغا ئۆتۈنۈپتۇ. ئىككى پادىشاھمۇ ماقۇل
بوپتۇ. ئۇلار يەتتە ئىقلىمغا جاكارچى ئەۋەتىپتۇ. يەتتە ئىق-
لىمدىكى سازچى، غەزەل - قوشاقچىلارنىڭ ھەممىسى يېتىپ
كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي باشلىنىپتۇ، توي ئۈچ ئاي داۋام
قىپتۇ. ئۈچ ئاي ئىچىدە قىز بىلەن ئوغۇل سەدىقە ئۈچۈن
بېشىدىن ئۆرۈپ، ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، زىلچا - گىي-
لەم، كىيىم - كېچەكلەرنى جىنىنى باقالمىغان تۇل خوتۇن،
يېتىم باللارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ.
مىڭكۇ باتۇر توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ يۇرتتىن
ئايرىلىپ، شەھەرمۇ-
شەھەر كېزىپ بىر
شەھەرگە بارسا، بۇ
شەھەرنىڭ پادىشاھى
ۋاپات بولۇپ شەھەر
خەلقى ھازا - ماتەم
ئۈستىدە تۇرغانىد-
كەن. ئۇ مېيىت نا-
مىزىغا قاتنىشىپتۇ.
بۇ پادىشاھ جان ئۈ-
زۈش ئالدىدا:
— مېنىڭ نا-
مىزىمغا بېشىدا ئال-
تۇن كوكۇلىسى بار
بىر ئادەم قاتنىشى-



دۇ، ئاشۇ كىشى مېنىڭ ئورنۇمغا پادىشاھ بولسا، يۇرتنى مېڭ-ىنگدىنمۇ ئادىل سورايدۇ، — دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. مېيىت نامىزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاخۇنۇم ئەل - جاما-ئەتكە قاراپ:

— ئەل - جامائەت، ھەممىڭلار بېشىڭلارنى ئېچىڭلار! — دەپتۇ. ھەممىسى بېشىنى ئېچىپتۇ، لېكىن مىڭكۇ باتۇر بې-شىنى ئاچماپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر:

— ئەي يىگىت، سىزمۇ بېشىڭىزنى ئېچىڭ! — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر بېشىنى ئېچىپتۇ، شۇ زامات ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن كوكۇلىسىدىن نۇر چاقناپتۇ. بۇنى كۆرگەن خالايىق: «بىزنىڭ پادىشاھىمىز سىز ئىكەنسىز» دەپ، ئۇنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ بىر قىزى بو-لۇپ، ئۇ پادىشاھ ئۆز ۋاقتىدا ئورنىغا پادىشاھ بولغۇچىغا قى-زىنىمۇ ئاتىۋەتكەنىكەن. مىڭكۇ باتۇر بۇ قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، شەھەرنى ئادىل سوراپتۇ.

مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى مۇلايىم قويۇپتۇ. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر قىز تۇغۇپتۇ، قىزنىڭ ئىسمىنى گۇلئايىم قويۇپتۇ. مۇلا-يىممۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئوقيا ئېتىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مىڭكۇ باتۇرنىڭ شەھىرىگە يەتتە شە-ھەر بىرلىشىپ، قىرىق مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكەر تويلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىپتۇ. مىڭكۇ باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى قىرى-لىپ، چېچىلىپ، ئۈچ سەركەردىسى بىلەن ئۆزى قاپتۇ. ئۆزى جەڭ قىلىپ يۇرۇپ قىرىق يېرىگە ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقى-لىپ چۈشۈپتۇ.

مۇلايىم تالاغا چىقىپ قارىسا، ئاتىسى غەرق قانغا مىلى-

نىپ ياتقۇدەك، ئالا تۆگە مىنگەن بىرى مىڭكۇ باتۇرنىڭ لەش-
كەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يۈرگۈدەك. مۇلايىم ئوقيا ئوقىنى زە-
ھەرگە چىلاپ: «مىڭكۇ مۇلايىمنىڭ ئوقى» دەپ ئاتقانىكەن،
ئالا تۆگە مىنگەننىڭ يۈرىگە تېگىپ ئاتتىن موللاقلاپ چۈ-
شۈپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۆز ئادەملىرىگە: «كىمكى
مېنىڭ يۈرۈمگە ئوق تەگكۈزەلىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرسە، شۇ
مېنىڭ ئورنۇمغا لەشكەر باشلىقى بولىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قال-
دۇرۇپ جان ئۈزۈپتۇ. نۆكەرلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تۆگىگە
ئارتىپ يۇرتىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ، ئۇلار ئۆز شەھىرىگە بې-
رىپ، پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ.
— بۇ ئوق مىڭكۇ مۇلايىمنىڭ ئوقىكەن، ئۇ مىڭكۇ با-
تۇرنىڭ بالىسى. كىمكى مىڭكۇ مۇلايىمنىڭ بېشىنى ئې-
كەلسە، مەن شۇنى لەشكەر باشلىقى قىلىمەن، — دەپ جا-
كارلاپتۇ پادىشاھ.
بۇ يۇرتتا بىر بادرات تاز بار ئىكەن. ئۇ بۇ جاكارنى
ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي پادىشاھئالەم، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، —
دەپتۇ. پادىشاھ:



— بولىدۇ، —
دەپ، بۇ ئىشنى ئا-
شۇ بادراتقا تاپ-
شۇرۇپتۇ. ئۇ
بادرات تاز ئۈچ
تۇزاقنى ئېلىپ،
ئوۋچى قىياپىد-
تىگە كىرىپ،
چۆل - جەزىرىگە

بىرىپ مىڭكو مولايىمنىڭ ئوۋغا چىقىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى مىڭكو مولايىمدىن ئاڭلايلى:

مىڭكو مولايىم ئاتىسىنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئۆيگە ئەكەپتۇ. مىڭكو مولايىمنىڭ ئانىسى دەرھال دورا ـ شىپالار بىلەن داۋالاپ، مىڭكو باتۇرنى ساقايتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىڭكو مولايىم ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، مەن ھەممە يەرگە بېرىپتىمەن، ھەممە ئىشنى قىپتىمەن، ئەمما ئوۋغا چىقىپ باقماپتىمەن. نۆكەرلەر بىلەن ئوۋغا چىقىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ كەلسەم قانداق؟ — دەپتۇ. ئاتىسى:

— ئەي بالام، ھازىرچە بارمىساڭ. مېنىڭ كۆڭلۈم تارت-مايۋاتىدۇ، — دەپتۇ. لېكىن، مولايىم قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماقۇل بوپتۇ ۋە مولايىمنى قىرىق نۆ-كىرى بىلەن يولغا سېپتۇ. مىڭكو باتۇر نۆكەرلەرگە:

— ئەي نۆكەرلەر، سىلەر ئوخلىساڭلارمۇ نۆۋەت بىلەن ئوخلاپ، ئوغلۇمنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزەت قىلىپ، ئامان ـ ئېسەن ئەكېلىڭلار، — دەپتۇ. بارلىق نۆكەرلەر رازىلىق بې-رىپ، مولايىم باتۇرنى ئارىغا ئېلىپ، ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ما-لىمان تېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ. مالىمان تېغىنىڭ يولىدا ھېلى-قى تۇزاقچى سۈيىقەستتە ياسىنىۋالغان بادرات ناز بار ئىكەن. بۇلار ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، بۇ بادرات تاز بىر يى-قىلىپ ـ بىر قوپۇپ، ھاسىسى بىلەن تايىنىپ: «ياپىرىم ـ ياپىرىم» دەپ ئىنجىقلاپ يۈرگۈدەك. مىڭكو مولايىمنىڭ ئىچى ئاغرىپ:

— ھەي دادا، سىز قېرى ئادەمكەنسىز. بۇ ئىنس ـ جىن يوق يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپتۇ. بادرات تاز:

— هەي بالىلىرىم. مېنىڭ يا بالا - چاقام، يا ياتىدىغان ئۆيۈم يوق. مەن مۇشۇ چۆل - جەزىرىدە تۇزاقچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىمەن، تۇزىقىمغا بىرەرنەرسە چۈشسە يەيمەن، بولـمىسا ئاچ يۈرىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىڭكۇ مۇلايىم دەرھال نۆكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، ئۇ قېرىغا بىر تۇلۇم ئالتۇن بىلەن بىر تۇلۇم توقاچ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، ئاندىن ئۇلار يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار ئۇ كۈنى كەچكىچە ئۇۋ ئۇۋلاپ ھېرىپ كېتىپ مالىمان تېغىدا ئارام ئاپتۇ. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان بادرات تاز دەرھال بىر يۇمىلاپ توڭگۇزغا ئايلىنىپ، مىڭكۇ مۇلايىملار ئۇخلاۋاتقان جايغا بېرىپتۇ، قارىسا، نۆكەرلەر پادىشاھنىڭ گېپىنى ئۇنتۇپ، ھەممىسى غەرق ئۇيقۇدا ياتقان. بۇنى كۆرگەن بادرات تاز بىھوش قىلىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان دورىنى قىرىق نۆكەرنىڭ بۇرنىغا پۈرىتىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا مىڭكۇ مۇلايىمنىڭ بۇرنىغا دورىنى پۈرىتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، تېنىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ. بادرات ئۆز يۇرتىغا بېرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، مىڭكۇ مۇلايىمنىڭ بېشىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى شۇ زامات يەتتە مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكەرگە لەشكەر باشلىقى قىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى يەتتە مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكەرگە چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مىڭكۇ باتۇردىن ئاڭلايلى:

مىڭكۇ باتۇر ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ، كېلىش ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، لېكىن ئوغلى كەلمەپتۇ. شۇ كۈنلەردە مىڭكۇ باتۇر بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، بىر قېرى

بوۋاينىڭ دۈمبىسىدە ئۈچ تۈزاق، قولىدا بىر خەنجەر پىچاق تۇرغۇدەك، مىڭكۇ مۇلايىم قىرىق نۆكىرى بىلەن مالىمان تېغىنىڭ ئارىسىدا ياتقۇدەك. ئۇ قېرى: «مۇشۇ پىچاقنى سالسام ئۆلەتتىڭ، لېكىن ئاتاڭدىن قورقۇپ تۇرىمەن» دەۋاتقۇدەك.

مىڭكۇ باتۇر چۆچۈپ ئويغانسا، بۇ چۈشى ئىكەن. ئۇ شۇ زامات دانىشمەنلىرىنى يىغىپ ئۆز چۈشىنى ئېيتىپتۇ ۋە دەرھال تەبىر بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. دانىشمەنلىرىنىڭ بىرى كىتابلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ، مۇنۇ تەبىرنى ئېيتىپتۇ:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، ئوغلىڭىز ھازىر مالىمان تېغىدا ئىكەن، يا ئۆلۈك، يا تىرىك، تىرىكلىكىدىن ئۆلۈكلۈكى تولىراق. بۇ شەھىرىمىزگە ھۇجۇم قىلغان پادىشاھنىڭ يۇرتىدىكى بىر بادرات تازنىڭ ئىشى.

مىڭكۇ باتۇر بىر نەرە تارتىپ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار قويۇن كەبى مالىمان تېغىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئىككى تاغ ئارىسىغا كېلىپ قارىسا، قىرىق نۆكىرى تاشقا ئايلانغان ھالەتتە ياتقۇدەك، مىڭكۇ مۇلايىمنىڭ تېنى بار، بېشى يوق تۇرغۇدەك. مىڭكۇ باتۇر ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ: «ۋاي بالام!» دەپ، بالىسىنىڭ دەردىدە قان - قان يىغلاپتۇ. مىڭكۇ باتۇر شۇ زامات لاۋۇلەشكەرلىرىنى ئېلىپ بادرات تازنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بادرات تازدىن ئاڭلايلى:

بادرات تاز مىڭكۇ باتۇرنىڭ قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن. مىڭكۇ باتۇرنىڭ لاۋۇلەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەن ھامان بادرات تازنىڭ يەتتە مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكىرىنىڭ ھەممىسى قارا تون كىيىپ، قارا بۇلۇت سىياقىدا مىڭكۇ باتۇرلارنىڭ

ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ.

مىڭكۇ باتۇرمۇ پۈتۈن لاۋۇلەشكەرلىرى بىلەن جەڭگە ئات-لىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بادرات تازنىڭ لەشكەرلىرى ھەم يەردە، ھەم ئاسماندا جەڭ قىلىۋاتقۇدەك. بۇلار قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ قىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر قارىسا، ئارانلا سەكسەن لەشكىرى قاپتۇ، ئۆزىنىڭ قىرىق يېرىگە ئوق تې-گىپ، قان دەرياسىغا غەرق بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا مىڭكۇ با-تۇرنىڭ ئايالى قىرىق بىر كۈندىن بۇيان ئېرىنىڭ كەلمەيۋاتـ-قانلىقىنى ئويلاپ ئېگىز راۋاقتا چىقىپ جاھانغا ئارقىلىق قاراپ، مىڭكۇ باتۇرنىڭ قان دەرياسىغا چىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. خانىش شۇ زامات ئەرەنچە ياسىنىپ، ئۇچار تۇلپارغا مىنىپ جەڭ بولۇۋاتقان مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېرىنى تېپىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئاپتۇ - دە، جەڭگە ئاتلىنىپتۇ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزنىڭ ئىچىدە بادرات تازنىڭ بارلىق لەشكەر-



لىرىنى قىرىپ ـ چېپىپ تۈگىتىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىپتۇ. شەھەر خەلقى: «ئەي كېرەملىك يىگىت، بىزنى كەچۈرسىڭىز» دەپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئۇ خەلقلەرنى كەچۈرۈپ ئوردىغا كىرسە، دەل بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى پادىشاھلىقنى بادراتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقانىكەن. مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئايالى بادراتنى تىرىك تۇتۇپ، ئوغلىنى سورىغانىكەن. بادرات ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىنىڭ قىرىق قات زىندان ئىچىدە ئېسىقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. خانىش دەرھال زىندان ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا، زىنداندا نەچچە مىڭلىغان بىچارە خەلق ئاچ ـ زار سولاقلىق تۇرغۇدەك. ئۇ ئۇلاردىن سورىسا: «بىز بادراتنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا قوشۇلمىغانىدۇق، شۇڭا بىزنى زىندانغا سالدى» دەپ ئاھ ـ زار ئوقۇپتۇ. خانىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىپتۇ. ئاندىن بادرات بىلەن پادىشاھنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، يۇرت ئىچىدىن بىر ئادىل كىشىنى پادىشاھ قىپتۇ. خانىش بالىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ مالىمان تېغىغا كېلىپ، بالىسىنىڭ تېنىنى ئېلىپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. خانىش مىڭكۇ باتۇرنى تۈرلۈك شىپالىق دورا ـ مەلھەملەر بىلەن ساقايتىپتۇ. ئاندىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى بالىسىنىڭ بېشىنى تېنىگە ئۇلاپ، قىرىق بىر كۈن خۇداغا ئىلتىجا قىپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئاقساقال بوۋاي پەيدا بولۇپ:

— ئەي مىڭكۇ باتۇر، نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مىڭكۇ باتۇر بوۋايغا:

— ئوغلۇمنى پالانى شەھەردىكى بادرات تاز ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى، ئۇنىڭغا جان تىلەپ ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي:

— ئەي مىڭكۇ باتۇر، ئوغلۇڭنىڭ ئەجەل ۋاقتى توشۇپ قالدى، مىڭ يىغلىساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدى ئوغلۇڭدىن

رازى بولغىن، ئوغلۇڭ بىلەن قىيامەت كۈنى كۆرۈشكىن، — دەپ بالىنى بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە بىر سىلىغانىكەن، ئوغۇل ساقىيىپ زۇۋانغا كىرىپتۇ:

— ئەي ئاتا، ئاۋارە بولماڭ! مېنىڭ ئەجىلىم نوشۇپ قاپتۇ، مېنىڭدىن رازى بولۇڭ! — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر يىغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي بالام، مەن سەندىن ئىللا ـ بىللا رازى، سەن مېنىڭدىنمۇ رازى بولغىن! — دەپتۇ. بالىمۇ:

— ۋاي ئاتا، مەن سىزدىن رازى، — دەپ جېنى چىقىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئوغلىنى دەپنە قىلىپ قىرىق كۈن ئۆتكەندە، تۇلپارىغا مىنىپ، ئەتراپنى بىر ئايلىنىپ جاھان سەيلىسى قىلىپ كېلەي دەپ، يۇرتمۇ ـ يۇرت ئارىلاپ كېتىپ بارسا، بەمەن شەھرىدە بىر پۈتىنىڭ تىزىدىن تۆۋىنى يوق بىر قېرى بوۋاي ئاسقاقلاپ تىمىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگۈدەك، ئىنساپى بارلار بىرەرنەرسە بەرگۈدەك. ئىنساپى يوقلار ھېچنېمە بەرمىگۈدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مىڭكو باتۇر بوۋايغا:



— ھەي بوۋا، سەن مېنىڭ بىلەن كەتسەڭ، ئۆمۈر بويى ياخشى باقىمەن، كېتىشنى خالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— ۋاي نېمىشقا كەتمەي، سىز بىلەن كېتەي، — دەپ مىڭكو باتۇر بىللە مېڭىپتۇ. مىڭكو باتۇر ئۇنى ئۆز يۇرتىغا ئەكېلىپ، چارباغنىڭ بىر تەرىپىگە ياخشى ئۆيدىن بىرنى سېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە قولىغا ھەرقانداق دۇكان ـ ئاشخانىلارغا كىرسە ھەق ئالماسلىق ھەققىدە خەت يېزىپ، پادىشاھلىق مۆھرىنى بېسىپ بېرىپتۇ.

بۇ قېرى ئەسلىدە بادرات تازلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆزلەرنىڭ بىرىدە مىڭكو باتۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىزىغا پادىشاھ بولۇش قەستىدە يۈرگەنىكەن.

مىڭكو باتۇرنىڭ جاللاتلىرى ئارىسىدىمۇ مىڭكو باتۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەن بىرى بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە باغنى چارلاپ يۈرۈپ، بوۋاينىڭ ھۇجرىسىنىڭ چىرىغى يورۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاستا بېرىپ پەنجىرىدىن مارىغانىكەن، ئۇ قېرى بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن جاللات ئىشىكنى ئۇرۇپ:

— ۋاي بوۋا، ئىشىكىڭنى ئاچ ! — دەپتۇ. بوۋاي بىر ئەپسۇن بىلەن كىتابنى غايىب قىلىۋېتىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ:

— ھەي بوۋا، قارىسام سەندە بىر سىر باردەك تۇرىدۇ، ماڭا ئېيت ! — دەپتۇ. بادرات ئۇنىڭغا:

— مەندە ھېچقانداق سىر يوق، — دەپتۇ. جاللات:

— ياق، سەندە چوقۇم بىر سىر بار. سەن قورقما، بەلكىم مەن ساڭا ياردەم قىلىشىم مۇمكىن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بادرات تاز ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. جاللاتمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ خىيالدا ئىكەنلىكىنى دەپتۇ. بادرات تاز:

— ئۇنداق بولسا، سەن بۇگۈن كەچتە پادىشاھ بىلەن ئا-يالى ئۇخلاپ قالغاندا ئوردىغا كىرىپ، بارلىق قاراۋۇللارنى بىر ئۆيگە يىغىپ، ھەممىسىنى شارابى بەڭ بىلەن مەست قى-لىۋەتكىن، شۇ چاغدا بىز كىرىپ پادىشاھنى ئۇجۇقتۇرايلى! — دەپتۇ.

كەچتە پادىشاھ بىلەن ئايالى غەرق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ھې-لىقى نۆكەر ئوردىغا كىرىپ، ھەممە قاراۋۇللارنى بىر ئۆيگە يىغىپ، شارابى بەڭ بىلەن ئۇلارنى غەرق مەست قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا بادرات يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئىككىسى پا-دىشاھنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە، بادرات جاللاتقا:

— سەن ئىشىكتە تۇرۇپ تۇرسەن، قاچان كىر دىگەندە كىرسەن، — دەپتۇ. ئۇ ماقۇل دەپ ئىشىكتە قاپتۇ. بادرات توكۇر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇلارنى دورا بىھوش بىلەن بىھوش قىلىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ جاللاتنى چاقىرىپ، تاشقا ئايلانغان پادىشاھ بىلەن ئايالىنى ئىچكەركى زىندانغا تاشلاپتۇ. مىڭكۇ باتۇرنىڭ قىزى شۇ چاغلاردا ئەمدى سەككىز - توققۇز ياشلارغا كىرگەنىكەن. ئۇلار بىر ئاق ئۆچكىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، گۇلئايىمنى شۇ تۇلۇمنىڭ ئى-چىگە سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا بادرات توكۇر بىلەن جاللات تۆت ئەتراپقا جاكارچى ئەۋەتىپ، بادرات توكۇر ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى، جاللات ئۆزىنىڭ ۋەزىرى بولغانلىقىنى جاكارلاپ-تۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان خەلق ئۇلارغا قارشى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىككىسى كىم قارشى تۇرسا شۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى تۇلۇمدىن ئاڭلايلى:

بۇ دەريا ئەسلىدە مىرزان پادىشاھنىڭ شەھىرىدىن ئېقىپ

ئۆتىدىكەن. تۇلۇم دەريادا مىرزان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە ئې-
قىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا شۇ شەھەردىكى باللار سۇغا چۆمۈلۈپ
ئويناۋاتقانىكەن، قارىسا، بىر تۇلۇم بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ
ئېقىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار، بۇ نېمدۇ، دەپ دەرھال تۇلۇمنى
سۇزۇپ قىرغاققا ئاچىقىپتۇ ۋە ئۇنى يېرىپ قارىسا، ئىچىدىن
بىر پەرىزات چىقىپتۇ، پۇت - قولى باغلاقلىق، ئاغزىغا ياغ-
لىق تىقىقلىق تۇرغان. ئۇلار ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ياغلىقنى ئې-
لىۋېتىپ، پۇت - قوللىرىنى بوشىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا
ئەكەپتۇ. بۇ باللارنىڭ ئىچىدە مىرزان پادىشاھنىڭمۇ ئوغلى
بار ئىكەن. ئۇ دادىسىغا:

— ۋاي دادا، بۇ تۇلۇم ئېقىپ كېلىۋېتىپتىكەن، بۇنى
بىز سۇزۇپ ئاچىقىپ يارساق، ئىچىدىن مۇشۇ قىز چىقتى،
لېكىن بۇ قىز ھوشسىز ئىكەن، — دەپتۇ.

مىرزان پادىشاھ دەرھال قىزنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ
ياتقۇزۇپ، لوقمان ھەكىمنى چاقىرتىپ ئەكېلىشكە ئادەم بۇي-
رۇپتۇ. مۇلازىملار لوقمان ھەكىمنى شەھرى كۇسەندىن چاقى-
رىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا بارلىق تەدبىرلەرنى قىلىپ، بۇ
قىزنى ھوشىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. لوقمان ھەكىم شىپا-
لىق دورىلارنى ئىشلىتىپ ئاخىر بۇ قىزنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.
قىز ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، مىرزان پادىشاھ قىزدىن:

— ئەي قىزىم، سىز كىمنىڭ ئەۋلادى؟ نېمە سەۋەبتىن
بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ ماڭا ھەممىنى ئېيتىڭ، —
دەپتۇ. قىز شۇ ھامان:

— مەن مىڭكو باتۇر دېگەن پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم،
بىر ئاخشىمى ئىككى ئادەم ئاتام بىلەن ئانامنى كۆتۈرۈپ تالا-
غا ئاچىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئاغزىمغا ياغلىق تىقىپ، پۇت -
قولۇمنى باغلاپ، بىر تۇلۇمغا سېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ شۇ زامات ھەيرانۇھەس قىلىپ:
— ئۇنداق بولسا، سىز مېنىڭ ئەۋلادىم ئىكەنسىز، — دەپ قىزنى باغرىغا بېسىپتۇ. مىرزان پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، بۇ ئىككى قىز ئاتمىش مىڭ تۆغ - ئەلەملىك لەشكەرنىڭ باش خاقانى ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئەكېلىپ:
— ھەي پەرزەنتلىرىم، سىلەرنىڭ بىر تۇغقىنىڭلار پالانى يەردە يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراۋاتقانىكەن. ئۇ قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزى مانا مۇشۇ ئىكەن. ئىككى ئەبلەخ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىپ، قىزنى دەرياغا تاشلاپتۇ. قېرىندىشىڭلارنىڭ ھازىر نېمە ھالدا ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. سىلەر دەرھال ئاتلىنىپ، قېرىندىشىڭلارنى قۇتقۇزۇپ كېلىڭلار! — دەپ، ئۇلارغا ئوتتۇز مىڭ تۇغ - ئەلەملىك خىللانغان لەشكەرنى ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. بۇ قىزلار لاۋۇلەشكىرىنى باشلاپ، ئۇچار ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، شۇ زامات مىڭكۇ باتۇرنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ.
بۇ قىزلار مىڭكۇ باتۇرنىڭ شەھىرىگە كەلسە، بادرات تاز بىلەن ھېلىقى جاللات پادىشاھ، ۋەزىر بولۇپ، شەھەر ئەتراپىغا نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ شەھەرنى ئۆز مەيلىچە سوراۋاتقانىكەن. بۇ ئىككى قىز قاتتىق غەزەپ بىلەن قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز قىر - چاپ قىلىپ، تۆت - بەش مىڭ لەشكىرى قالغاندا ئاران بادراتنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقىتىپ شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە ئۇ يەردىمۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلىپ شەھەرنى ئازاد قىپتۇ. بادرات بىلەن جاللاتنى تىرىك تۇتۇپ، ئاكىسى مىڭكۇ باتۇرنى تاپقۇزۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. زىنداندىكى نەچچە ئون مىڭ بىگۇناھ خەلقنى ئازاد قىلىپ، مىرزان پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى

مىڭكو باتۇر بىلەن ئىككى سىڭلىسى خۇشال - خۇرام كۆرۈ-
شۈپتۇ. بۇ ئىككى قىز بىرقانچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن،
ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ. مىڭكو باتۇر بۇ
ئىككى سىڭلىسىنى ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىكى ئۈچ ئايلىق
يولغا پاياندار سېلىپ ئۇزىتىپتۇ. مىرزان شاھمۇ شۇنىڭدىن
كېيىن پات - پات كېلىپ مىڭكو باتۇرنى يوقلاپ تۇرىدىغان
بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى مىڭكو باتۇر ئوتتۇز مىڭ لەش-
كىرى بىلەن ئوۋغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوۋغا چىقسا يەتتە
كېچە - كۈندۈز ئوۋ ئوۋلايدىكەن. مىڭكو باتۇرنىڭ باقىل
سەيدەك دەيدىغان بىر باتۇرى بار ئىكەن. ئوۋنىڭ تۆتىنچى
كۈنى مىڭكو باتۇر شۇ باتۇرىغا:

— ھەي باقىل سەيدەك باتۇرۇم، سەن بۈگۈن بىز ئوۋدىن
كەلگۈچە ئىككى يۈز داشقا گۆش سېلىپ، يۈز داشتا چاي قاي-
نىتىپ، قىرىق داشقا پولۇ دۈملىگىن، — دەپ ئوۋغا چىقىپ
كېتىپتۇ. باقىل سەيدەك ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مىڭكو با-
تۇرنىڭ دېگىنىدەك ئىككى يۈز داشقا گۆش سېلىپ، يۈز
داشتا چاي قاينىتىپ، قىرىق داشتا پولۇ دۈملەپ ئولتۇرسا،
تۇيۇقسىز جالدۇر - جۇلدۇر، قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز
ئاڭلىنىپتۇ. باقىل سەيدەك قارىسا، ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى
ئىككى غېرىچ بىر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ
ھەربىر تۈكىگە كۈھىقاپنىڭ پەرىلىرى ئېسىلىپ تۇرغۇدەك.
ئۇ مىنگەن ئۆچكىنىڭ ھەربىر تۈكىگە بىر تالدىن قوڭغۇراق
ئېسىلىپ جاراڭلاپ تۇرغۇدەك. ئۇ تەييار تاماقنى كۆرۈپ،
ئۆچكىسىدىن چۈشۈپ، ئىككى يۈز داشتىكى گۆشنى يەپ،
ئۇستىخىنىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، يۈز داشتىكى چاينى
ئىچىپ قۇرۇتۇۋېتىپ، قىرىق داشتىكى پولۇنىمۇ پاك - پا-

كىز يەۋېتىپ، بىر پەشۋا بىلەن باقىل سەيدەكنىڭ ئېڭە-
كىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر
كەچتە ئوۋدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلسە، باقىل سەيدەكنىڭ
بەدەنلىرى قان، كۆزلىرى ياش ياتقۇدەك. مىڭكۇ باتۇر:
— ئەي باتۇرۇم، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
باقىل سەيدەك بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بې-
رىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئەتىسى ئالما نۆكەر دېگەن پالۋاننى قال-
دۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مىسران قىلىچىنى بېرىپ:
— ھەي ئالما نۆكەر، بۈگۈن سەن قالىسەن، ئەگەر ئۇ
ئەبلەخ كەلسە، ئۆچكىسىدىن چۈشكۈچە ئۇنىڭ كاللىسىنى
ئال، — دەپ تاپىلاپتۇ.
ئالما نۆكەر باقىل سەيدەككە قارىغاندا تېخىمۇ قاۋۇل با-
تۇر ئىكەن. ئۇ مىڭكۇ باتۇرلار كەتكەندىن كېيىن دەرھال
ئىككى يۇز داشقا گۆش سېلىپ، يۇز داشتا چاي قاينىتىپ،
قىرىق داشقا پولۇنى دۇملەپ تەييار قىپتۇ. بىر چاغدا دېگەن-
دەك گۇلدۇر - قاراس، جالدۇر - جۇلدۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن
تەڭ ھېلىقى ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ ئادەم
بىر ئۆچكىگە مىنىپ ئالما نۆكەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئۇ
كېلىپلا ئۆچكىسىدىن چۈشۈپ، ئىككى يۇز داشتىكى گۆشنى
يەۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئالما نۆكەر:
— ھەي بەدرەك، سەن نەدىن كەلگەن مەخلۇق؟ بېشىڭنى
ئېلىۋېتىشتىن بۇرۇن ئاستا كەتسەڭ بولارمىكىن، — دەپتۇ.
بۇ مەخلۇق ئالما نۆكەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس
تۇرۇپ، ئالما نۆكەرنى شاپىلاق بىلەن بىرنى قويۇپتىكەن، ئۇ
ئون ئۇچ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇچ گەز توپىنىڭ
تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ مەخلۇق ھەممە تائاملارنى پاك -
پاكىز يەپ بولۇپ، مىڭكۇ باتۇرنىڭ ئالما نۆكەرگە بەرگەن

مسران قىلىچىنى ئېلىپ كۆھىقاپنىڭ تۇمەيدان دېگەن يېرد-
گە كىرىپ كېتىپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر ئوتتۇز مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ كەچتە كەلسە، داش قازانلار قۇيقۇرۇق، ئالما نۆكەرمۇ يوق، ھەممە نەرسە قالايمىقان تۇرغان. ئۇ بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار دەرھال تۆت ئەتراپنى ئىزدەپ، نەچچە قات تاغنىڭ ئارقىسىدىكى ئۈچ گەز توپا تېگىدىن ئالما نۆكەرنى تېپىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ.

مىڭكۇ باتۇر دەرھال يۇرتىغا قايتىپ جەڭ تەييارلىقى قد-
لىپ، ئوقيا - قىلىچ، گۇرزە - قالقان، نەيزە - ھالقىلار بد-
لەن قوراللانغان يەتتە مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكەرنى ئېلىپ، ھېلىقى مەخلۇقنى ئىزدەپ كۆھىقاپ تەرەپكە يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار كۆھىقاپقا يېتىپ بېرىپ، كۆھىقاپ دىۋىزاتلىرى بىلەن يەتتە يىل جەڭ قىپتۇ. مىڭكۇ باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى قىرىلىپ، ئىككى مىڭدەك لەشكىرى قاپتۇ. ئامالسىز ئۇ يۇر-
تىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە نۇرغۇن لەشكەر تەييارلاپ بېرىپ يەنە مەغلۇپ بوپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم تېخىمۇ نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن بېرىپ دىۋىزاتلارنى يوقىتىپتۇ. ئاند-
دىن كۆھىقاپنىڭ تۇمەيدان دېگەن يېرىگە بېرىپ ھېلىقى ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ مەخلۇقنى تېپىپتۇ. ئۇ مەخلۇق ئۈچ يۈز پۇتلۇق، قىرىق كۆزلۈك، بېشى يۇڭلۇق، ئۈچ كۇنلۇك يەردىكى نەرسىلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ - يۇركۇپ تۇرىدىغان بۇتىۋى دېگەن بەھەيۋەت بىر ھايۋانغا مىنىپ قې-
چىپتۇ، مىڭكۇ باتۇر قوغلاپتۇ. ئۇ قېچىپ بىر تاغنىڭ باغرد-
غا بارغاندا، ئادەمنىڭ كۆزىدەك بىر تۆشۈكتىن غارنىڭ ئىچد-
گە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇتىۋى يەرنى كولاپلا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مىڭكۇ باتۇر غارغا كىرەي دېسە تۆشۈكتىن پاتد-

ماپتۇ. شۇڭا ئۇ قىلىچلار بىلەن چېپىپ تۆشۈكنى يوغىنىـ
تىپ، بىر باتۇرنى ئۇ يەرگە كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ قىرىق گەز
چۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىـ
نىپ، قورقۇپ كېتىپ يېنىپ چىقىپتۇ. مىڭكۇ باتۇر يەنە
ئىككى پالۋاننى كىرگۈزۈپتۇ. ئۇلارمۇ ئەللىك - ئاتمىش گەز
كىرىپ: «ۋاي، پۇتىمىزنى بىرنەرسە تارتىپ كېتىپ باردۇ»
دەپ قورقۇپ يېنىپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە باتۇرنى
چۈشۈرۈپتۇ، ھەممىسى قورقۇپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئاخىر بولـ
ماي سەككىزىنچى قېتىم ئۆزى چۈشمەكچى بولۇپ:

— ئەي باتۇرلىرىم، ئەمدى مەن ئۆزۈم چۈشمىسەم بولـ
مىدى. مەن چۈشسەم ئۈچ كۈندە چىقىمەن، ئۈچ كۈندە چىقـ
مىسام ئۈچ ئايدا چىقىمەن، ئۈچ ئايدا چىقمىسام، مىڭكۇ باتۇر
ئۆلۈپتۇ، دەپ قايتىپ بېرىپ، بالا - چاقامغا بۇ خەۋەرنى
يەتكۈزمەستىن تۇرۇپ، ئوبدان ئادەمدىن بىرنى پادىشاھ قىلىپ
سايلاپ، بالا - چاقامغا ئوردىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بەرـ
سەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ. شۇ
گەپتىن كېيىن مىڭكۇ باتۇر
ئۈچ يۈز غۇلاچ چۇلۋۇر ئەشـ
تۈرۈپ، ئۇنى بېلىگە باغلاپ
غار ئىچىگە سىيرىلىپ چۈـ
شۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ چۈشۈپتۇ
- چۈشۈپتۇ. ئاخىر پۇتى يەرـ
گە تاقىشىپتۇ. ئۇ كۆزىنى
شۇنداق بىر ئېچىپ، ئۆزىنى
كەڭرى بىر جىلغىدا كۆرۈپتۇ.
قارىسا، غولى ئۆيدەك بىر سۆـ
گەتكە بىر ئېيىق باغلاقلىق



تۇرغۇدەك، ئۇ تۇكلىرىمۇ چۇشۇپ، كۆزلىرىمۇ كۆرمەس بولۇپ، چىشلىرىمۇ چۈشۈپ كەتكەن بىر قېرى ئېيىقكەن. مىڭكۇ باتۇر ئېيىقنىڭ يېنىغا بېرىشىغا، ئۇنىڭغا زوۋان كىرىپ:

— ئەي شاھزادە، نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ مىسران قىلىچىمنى ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ بىر مەخلۇق ئېپقېچىپ كەتكەنىدى، مەن شۇنى قوغلاپ كەلسەم، ئۇ مەخلۇق مۇشۇ تۆشۈكتىن كىرىپ كەتتى. مەن شۇنى قوغلاپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېيىق مىڭكۇ باتۇرغا:

— ئۇنداق بولسا سەن دەرھال مېنىڭ بۇرنۇمنى، قۇيرۇقۇمنى، پۇتۇمنى كەس، شۇ چاغدا مەن سېنىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ ئۇ مەخلۇقنى تېپىپ بېرىمەن. — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىڭكۇ باتۇر:

— ئەي ئېيىقزادە، سەن ماڭا زىيان سالمىساڭ، مەن نېمىشقا سېنىڭ بۇرنۇڭنى، قۇيرۇقۇڭنى ھەم پۇتۇڭنى كېسىمەن؟! — دەپ ئۇنىماپتۇ. لېكىن ئېيىق ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپتۇ:

— ئەي شاھزادە، ئۇنداق قىلمىساڭ ھاجىتىڭدىن چىقالمايمەن. دەرھال مەن دېگەندەك قىل. شۇ چاغدىلا مەن سېنىڭ ھاجىتىڭدىن چىقىمەن، — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئېيىقنىڭ بۇرنى، قۇيرۇقى، پۇتىنى كېسىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي دەرھال كېتىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئارقىسىغا قارىسا، بىر شاھزادە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ مىڭكۇ باتۇردىنمۇ قاۋۇل ئىكەن. مىڭكۇ باتۇر ئۇ شاھزادىدىن:

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ شاھزا-

دە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ:

— مەن بىر شاھزادە ئىدىم، بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇن جادۇگەرلەر مېنى جادۇ قىلىپ ئېيىق سۈرىتىگە ئەكېلىپ، مانا مۇشۇ غارغا ئەكىرىپ سىز كۆرگەن سۆگەتكە باغلىۋەتكەندى، سىز مېنى بۇ جادۇدىن ئازاد قىلدىڭىز. مەنمۇ بىر باتۇر. سىزنىڭ مىسران قىلىچىڭىزنى ئېلىپ قاچقان ھېلىقى مەخلۇق يەتتە باشلىق يالماۋۇز. سىز مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ، مەن ئۇنى قولغا چۈشۈرىمەن، — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ماقۇل بولۇپ ئۇ شاھزادىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە مىڭكۇ باتۇرغا:

— سىز مەن نەگە دەسسىسەم شۇ يەرگە دەسسەپ مېڭىڭ، ھەرگىز باشقا يەرگە دەسسىمەڭ، بىرەر تال گىياھ، بىرەر تال قۇمۇشقىمۇ تېگىپ كەتمەڭ. ئەتراپىمىزدا ئالتە قولاق تولا. بىرەر گىياھقا تېگىپلا كەتسەڭ، ئالتە قولاقلار بىزگە چاپلىشىۋالىدۇ، — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ماقۇل دەپ، شاھزادىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا بىر قېلىن ئورمانلىققا بارغاندا، مىڭكۇ باتۇر بىر دەرەخنىڭ شېخىغا تېگىپ كېتىپ، شاراق ـ شۇرۇق ئاۋاز چىقىپ كېتىپتۇ، شۇ ھامان نەچچە مىڭلىغان ئالتە قولاقلار ئۇلارغا چاپلىشىپتۇ. ئۇلار ئۈچ ئاي جەڭ قىلىپ، لەكمىڭ ـ لەكمىڭ ئالتە قولاقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاخىر بىر ئالتۇن ئوردا ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ئىنس ـ جىنىنىڭ تىۋىشىمۇ يوق ئىكەن. شۇ چاغدا شاھزادە مىڭكۇ باتۇرغا:

— ھەي يىگىت، سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئىچىگە كىرىپ چىقاي. بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ماكانى. ئەگەر ئۇ بولۇپ قالسا، مەن سىزنى چاقىرىمەن، بولماي قالسا يېنىپ چىقىمەن، — دەپتۇ. مىڭكۇ باتۇر ئوردا ئالدىدا

قاپتۇ. شاھزادە ئۇردا ئىچىگە كىرسە، ھېلىقى يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋېلىپ باللىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقۇدەك. مىسران قىلىچ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغۇدەك. شاھزادە دەرھال مىسران قىلىچنى ئېلىۋېلىپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىۋاپتۇ - دە، مىڭكۆ باتۇرنى چاقىرىپتۇ، مىڭكۆ باتۇر شۇ ھامان كىرىپتۇ ۋە:

— يالماۋۇز قېنى؟ — دەپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا:

— ئۇ مانا ماۋۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە، — دەپلا، دەرھال ساندۇقنى سىم تاناب بىلەن چەمبەرچاس تېڭىپتۇ، ئاندىن مىسران قىلىچنى مىڭكۆ باتۇرغا بېرىپتۇ.

ئىككىسى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى تۆشۈك بار جايغا كەپتۇ. شاھزادە: «كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ !» دەپتۇ، مىڭكۆ باتۇر كۆزىنى يۇمۇپتۇ، «كۆزىڭىزنى ئېچىڭ !» دەپتىكەن. ئۇ كۆزىنى ئېچىپتۇ. شۇنداق قارىسا، ئۇ ئۇستۇنكى ئالەمگە چىقىپ قاپتۇ. شاھزادە:

— يالماۋۇز بىلەن ئۇنىڭ باللىرىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇڭ. بولمىسا، ئالەمگە بالايىئاپەتتەر تېرىلىدۇ. سىز بىلەن ئەمدى مۇشۇ يەردە خوشلىشاي، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، — دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مىڭكۆ باتۇر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بولۇپ ئۆز شەھىرىگە كەپتۇ ۋە ئۇرۇق - تۇغقان. بالا - چاقىلىرى بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشۈپتۇ، ھەممىسى ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن مىڭكۆ باتۇر قىرىق بىر قات قەپەس ياسىتىپ، ساندۇقنى قەپەسنىڭ ئىچىگە بەند قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان يالماۋۇز كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغان بوپتۇ. مىڭكۆ باتۇرمۇ يۇرتىنى ئادىل سوراپ جاھاندىن ئۆتۈپتۇ.

# تۆرمەك چاقچان

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، بىر دەريا بويىدا بىر تۇل موماي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ تۆرمەك چاقچان دېگەن يالغۇز ئوغلى ۋە ئۈچ ئۆچكىسى بار ئىكەن. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۈچ ئۆچكىنى بېقىپ، ئۇنىڭ سۈتىنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا نان ـ پان، چاي ـ تۇز ئېلىپ جاھاندارچىلىق قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆرمەك چاقچان ئۆچكىلىرىنى بېقىپ يۈرسە، تاغ تەرەپتىن بىر كېيىك كېلىپ ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئوتلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ كېيىك شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئالتۇن، تۇيىقى كۈمۈش ئىكەن. كېيىك ئۆچكىلەر بىلەن كەچ كىرگۈچە ئوتلاپ، كەچتە تاغ تەرەپكە كېتىپتۇ، ئەتىسى يەنە كېلىپ ئۆچكىلەر بىلەن ئوتلاپتۇ. تۆرمەك چاقچان كەچتە ئۆيىگە بېرىپ، ئانىسىغا:

— بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسىغا چىرايلىق بىر كېيىك قوشۇلۇپ ئوتلاپ يۈرىدۇ. ئەتە سالما سېلىپ تۇتۇۋېلىپ يۇرتىمىزنىڭ پادىشاھىغا سوۋغات قىلىسام، ئانچە ـ مۇنچە ئىنئام بېرەمدىكىن دەيمەن، — دەپتىكەن، ئانىسى:

— ئۇنداق قىلما. كېيىكنىڭ ئۆچكىلەر ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرۈشى بىزگە ياخشىلىقتىن بېشارەت. بۇ كېيىكنى پادىشاھقا

سوۋغات قىلساڭ، ئۇ ئاچ كۆزدىن ھېچنېمە ئىنئام ئالالمايـ
سەن، تېخى ئۆزۈڭگە نورغۇن ئاۋارىچىلىك تېپىۋالارسەنمىـ
كىن، — دەپتۇ.

تۇرمەك چاققان كېپەكنى پادىشاھقا سوۋغات قىلىش نىـ
يىتىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، سالما بىلەن كېپەكنى تۇتۇۋاپتۇ.
ئەتىسى ئەتىگەندە كېپەكنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا
قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردا ئالدىغا كەلگەندە، ئوردىدىن چىقىۋاتقان
ئوڭ قول ۋەزىرگە يولۇقۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر تۇغۇلۇپ كۆـ
رۈپ باقمىغان بۇ كېپەكنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ ـ دە،
بالىدىن:

— بۇ كېپەكنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ نەگە ئەكېتىۋاتىسەن؟ —
دەپ سوراپتىكەن، بالا:

— بۇنى چۆلدىن تۇتۇۋالدىم. پادىشاھقا سوۋغات قىلاي
دەپ ئەكېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر:

— بۇ كېپەكنى ماڭا بەرگىن، نېمە دېسەڭ بېرەي، —
دەپتۇ. بالا ئۇنىماپتۇ. ۋەزىر:

— ئۇنداق بولسا، كېپەكنى ئۆزۈم پادىشاھنىڭ ئالدىغا
ئەكىرەي، سېنىڭ تىلەك ـ مەقسىتىڭنى يەتكۈزەي، — دەپتۇ.
بالا:

— كېپەكنى ئۆزۈم تۇتقان، پادىشاھقا ئۆزۈم سوۋغات
قىلاي، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بالىنى ئالداش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغاچقا،
كۆڭلىدە، سېنىڭ بۇ كېپەكنى سوۋغات قىلىپ ئىنئام ئالغىـ
نىڭنى كۆرەي، دەپتۇ.

بالا كېپەكنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.
ئوردا ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەلەمچى ـ قەلەمچىـ
لەر كېپەكنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران

بولغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىدىن:

— سەن بۇ كېپىكنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سوراپ-تۇ. بالا بولغان ئەھۋالنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ، كېپىكنى پادىشاھقا سوۋغات قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. پادى-شاھ بۇ بالىنى قانداق ئىنئام بىلەن رازى قىلىشنى ئويلاپ يېتەلمەپتۇ. شۇ ئارىدا ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھئالەم، بۇنداق كېپىك يەر يۈزىدە كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىغا ئوبدان ئىنئام بېرىشكە تې-گىشلىك، ئەمما كېپىك ئالتۇن مۆڭگۈز، كۆمۈش تۇياق ئى-كەن، بۇنىڭغا بىر ئالتۇن تەخت لازىم. تەختنىڭ بىر تەرىپى ئالتۇن، بىر تەرىپى كۆمۈش بولسا، كېپىك تەخت ئۈستىدە سەكرەپ ئويناپ تۇرسا، كېپىكنىڭ تېخىمۇ پەيزىنى سۆرگەن بولاتتۇق. سىلى بۇ بالىغا ئېيتسىلا، دەرھال ئالتۇن تەخت تېپىپ كەلسۇن، شۇ چاغدا تېخىمۇ ئوبدان رازى قىلايلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە بالىغا دەرھال ئالتۇن تەخت تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بالا كېپىك ئۈچۈن ئىنئاممۇ ئالالماي، بېشى چۈشكەن هالدا ئۆيگە قايتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— قانداق، بالام، كېپىكنى ئاپارمىغىن دېسەم ئۇنىمى-دىڭ، ئىنئاممۇ بەرمەپتىغۇ؟ — دەپتۇ. بالا پادىشاھنىڭ پەرما-نىنى بايان قىپتۇ، ئانىسى بىرمۇنچە كايىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، بالا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ساقىلى ئاقار-غان، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، بەستلىك بىر بوۋاي بالى-غا: «ئەي ئوغلۇم، ئالتۇن تەخت تېپىش ئۈچۈن، ئۆيۈڭدىن چىقىپ دەريا ياقىلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە ئۈچ كۈن ماڭساڭ، قويۇق ئورمان ئۇچرايدۇ. ئورمان ئىچىدە يەنە ئۈچ كۈن ماڭ-

ساڭ، بىر قىرى توغراق تۈۋىدە بىر جۈپ بۇلاق بار يەرگە بارىسەن. بۇ ئىككى بۇلاقنىڭ بىرىدىن ئالتۇن، يەنە بىرىدىن كۈمۈش قايناپ چىقىپ تۇرىدۇ. سەن بۇ بۇلاقتىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ماڭساڭ، بىر قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدا ھۈنەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىر خارەت[1] ئۇستامنى كۆرىسەن. سەن ئۆيدىن بىر تىللا ئېلىۋالغىن. ھېلىقى خارەت ئۇستامغا بىر تىللانى بەرسەڭ، گەپ - سۆز قىلماي ساڭا ياغاچتىن بىر تەخت ياساپ بېرىدۇ. سەن تەختنى ئېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى بۇلاق تۈۋىگە كېلىسەن، ياغاچ تەختنىڭ بىر قانىتىنى ئالتۇن بۇلاققا، يەنە بىر قانىتىنى كۈمۈش بۇلاققا چىلىغىن، پادىشاھ سەندىن تەلەپ قىلغان ئالتۇن تەخت تەييار بولىدۇ. سەن تەختنى قۇچاقلاپ: «ياپىرىم» دەپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ - ئاچساڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا بولىسەن» دەپتۇ.

تۇرمەك چاققان ئويغانسا، تاڭ سۈزۈلگەن چاغ ئىكەن. ئۇ دەرھال ئانىسىنى ئويغىتىپ، ئالدىراش ناشتا قىپتۇ ۋە ئانىسىدىن بىر تىللا ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى بوۋاي كۆرسەتكەن بويىچە دەريا ياقىلاپ بىر توغراقلىققا بېرىپتۇ. قىرى توغراق تۈۋىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بۇلاقتىن ئۆتۈپ، ھېلىقى خارەت ئۇستام بار جايغا بېرىپتۇ. بىر تىللانى بەرگەنىكەن، خارەت ئۇستام دەرھال بىر تەخت ياساپ بېرىپتۇ.

تۇرمەك چاققان بۇ تەختنى ئېلىپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش بۇلاققا يېتىپ كەپتۇ. تەختنىڭ بىر قانىتىنى ئالتۇن بۇلاققا، بىر قانىتىنى كۈمۈش بۇلاققا چىلىغانىكەن، ئالتۇن تەخت تەييار بوپتۇ. كۆزىنى يۇمۇپ: «ياپىرىم» دەپ كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى ئالتۇن تەخت بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ

---

1 خارەت — ياغاچچى.

ئالدىدا كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تەختنى كېپىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانىكەن. كېپىك ئالتۇن تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. كېپىك بىر سەكرىسە تەختنىڭ ئالتۇن قانىتىغا چۈشىدىكەن، يەنە بىر سەكرىسە كۈمۈش قانىتىغا چۈشىدىكەن. پادىشاھ ۋە پۈتۈن ئوردا ئەھلى بۇ كارامەتتىن ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ تورمەك چاققانغا ياخشىراق ئىنئام بېرىشنى ئويلاپ، ۋەزىرگە:

— بۇ بالىغا ئەمدى قانداق ئىنئام بەرسەك بولاركىن؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، بۇ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغان بالا ئىكەن. ھازىر ئۈزلىرىنىڭ ئالتۇن كېپىكلىرى ۋە ئالتۇن تەختلىرى بار بولدى، جاھانغا شۆھرەتلىرى تونۇلدى. ئەمدى ئويلاپ كۆرسىلە، يەنە نېمە كەم؟ — دېپتۇ. پادىشاھ بۇ سوئالغا بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا ۋەزىر:



— ھازىر ئۆزلىرىگە ئالتۇن دەرەخ لازىم. ئويلاپ باقسىلا، ئالتۇن كېيىك، ئالتۇن تەخت بار جايدا ئالتۇن دەرەخ بولمىسا بولامدۇ؟ ھېلىقى بالىنى دەرھال ئوردىغا چاقىرتسىلا، «ئۈچ ئاي ئىچىدە ئالتۇن دەرەخ تېپىپ كەل، ئاندىن سېنى رازى قىلاي» دېسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ دېگىنى بويىچە بالىغا ئۈچ ئاي ئىچىدە ئالتۇن دەرەخ تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. تۇرمەك چاقچاق ئوردىدىن چىقىپ، ئۆيگىمۇ بارماي، دەريا بويىدىكى توغراق كامىرىدا ئالتۇن دەرەخ ھەققىدە خىيال قىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ھېلىقى بوۋاي: «ئوغلۇم، تۇر ئورنۇڭدىن !» دەپتۇ. تۇرمەك چاقچاق كۆزىنى ئاچسا، ھېلىقى بوۋاي ئالدىدا تۇرغۇدەك، تۇرمەك چاقچاق بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي: «مۇشۇ جايدىن دەريا بويلاپ ئون بەش كۈن ماڭساڭ، بىر تاغقا يېتىسەن. تاغقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن تاغ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرسەڭ، بىر ساي بار. سەن سايغا قەدەم تاشلىشىڭ بىلەن بىر بوز توشقان ئالدىڭدا قاچىدۇ. سەن ئۇنى قوغلاۋەرگىن. توشقان سېنى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە باشلاپ كىرىدۇ ـ دە، كۆزۈڭدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ئۆڭكۈر قىرىق قاراقچىنىڭ ماكانى. ئۇلار سېنىڭ كەلگىنىڭنى كۆرۈپ، ئەتراپىڭنى قورشاپ، خەنجەر ـ يىچاقلىرىنى چىقىرىشىپ ساڭا ھەيۋە قىلىدۇ، سەن قىلچە قورقمىغىن. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى سەندىن: ‹سەن نېمە ئادەم؟› دەپ سوئال سورايدۇ. سەن: ‹مەن شۇنداق ئۇستا ئاشپەزمەنكى، جاھاندا ماڭا يېتىدىغان ئاشپەز يوق› دېگىن. ‹قانداق كارامەتلىرىڭ بار؟› دېسە، ‹مەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تاماق پىشۇرىمەن› دېگىن. قاراقچىلار سېنى سىناش ئۈچۈن بىر قازانغا گۆش سالىدۇ. سەن مانا مەن بەرگەن ماۋۇ ھاسىنى قازانغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، قاراقچىلارغا: ‹كۆزۈڭلارنى

يۇمۇڭلار› دەپ، ھاسىغا: ‹پىش تاماق لەختە ـ لەختە› دېگىن ـ دە، قاراقچىلارغا: ‹كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار› دېگىن، قاراقچىلار كۆزلىرىنى ئاچقاندا قازاندىكى گۆش پىشىپ بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار سېنى ئۆزلىرىگە ئاشپەز قىلىدۇ. قاراقچىلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا چىقىپ كەتكەندە، سەن ئۆڭكۈرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قارىساڭ، بىر ساندۇق بار، ساندۇقنى ئاچساڭ ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك قۇتا بار. قۇتىدىن بىر ئالتۇن ئاچقۇچ چىقىدۇ. ئاچقۇچنى ئال. يەنە بىر بولاق ئوغا بار، ئۇنىمۇ ئال ـ دە، ساندۇقنى ئېتىپ قوي. قاراقچىلار بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ قايتىدۇ. سەن ئەتمەكچى بولغان تاماققا ھېلىقى بولاقتىكى ئوغىنى سالغىن، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ. قاراقچىلار ئۆلگەندىن كېيىن ھېلىقى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، ساندۇق ئاستىدىكى تاشنى يۆتكىسەڭ، بىر ئالتۇن ئىشىك كۆرۈنىدۇ. ھېلىقى ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭساڭ، بىر يورۇقلۇققا چىقىسەن. بۇ يەر ئاستىدىكى ئالتۇن دەرەخلىك باغدۇر. سەن دەرھال بىر تۇپ ئالتۇن دەرەخنى قۇچاقلاپ: ‹ياپىرىم› دەپ كۆزۈڭنى يۇمۇپ ـ ئاچساڭ، ئالتۇن دەرەخ بىلەن ئۆزۈڭنى پادىشاھنىڭ بېغىدا كۆرىسەن» دەپتۇ ۋە بىر ھاسا قالدۇرۇپ غايىب بوپتۇ.

تۇرمەك چاققان ھېلىقى بېشارەت بويىچە دەريا ياقىلاپ ئون بەش كۈن يول يۈرۈپ، ھېلىقى بوۋاي ئېيتقان قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئالتۇن دەرەخنى تېپىپ پادىشاھنىڭ بېغىغا پەيدا قىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئالتۇن دەرەخنى تېپىپ كېلىپ باغقا تىكىپ قويغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر، ئوردا مۇلازىملىرى بىلەن باغقا

چىقىپ قارىسا، ئالتۇن دەرەخ كۆزنى قاماشتۇرۇپ ۋاللىداپ
تۇرغۇدەك. بۇ چاغدا ھېلىقى ۋەزىر يەنە:

— پادىشاھىئالەم، ھازىر سىلى پۈتۈن جاھانغا تونۇلدىلا. ئالتۇن كېپىكلىرى، ئالتۇن تەختلىرى، ئالتۇن دەرەخلىرى بار بولدى، لېكىن يەنە بىر مۇھىم نەرسە كەم تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇ نېمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئاڭلىسام، كۈنچىقىش تەرەپتە بىر مەملىكەتنىڭ داڭلىق پادىشاھى بار ئىكەنمىش. ئۇنىڭ ساھىبجامال كۈنبۇ-
ۋى دېگەن بىر قىزى بار ئىمىش. ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىكەن-
كى، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىدىن ئاسماندىكى كۈنمۇ خىجىل بولار ئىمىش. ئەسلىدە كۈن ھاۋادا مۇئەللەق توختاپ تۇرىدى-
غان قىلىپ يارالغانىكەن. كۈنبۇۋى كېچىسى ئويغاق، كۈندۈزى ئۇيقۇدا بولغاچقا، كۈنبۇۋى ئويغانغان ھامان كۈنمۇ خىجىل-
لىقتا ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ يوشۇرۇنىدى-
كەن. كۈنبۇۋى ئۇخ-
لىغاندا، ئاندىن ئۆز نۇرىنى يەر - زېمىنغا چاچالايدىكەن. كېچە بىلەن كۈندۈز شۇنىڭ-
دىن قاپتۇمىش! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:



— ئۇنى كىم

ئەكېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ھېلىقى تۇرمەك چاققان دېگەن يېتىم ئوغلاق يامان نېمىكەن، ئۆزلىرى مېنىڭ مەسلىھەتىم بويىچە ئۇچ قېتىم ئىشقا بۇيرۇۋىدىلە، جان - دىل بىلەن ئورۇندىدى. ئەمدى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ، سىلىق - يۇمشاق گەپ قىلىپ، ساھىبجامال كۇنبۇۋىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇسىلا، ئۇ چوقۇم ئەكېلەلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى تۇرمەك چاققاننى ئوردىغا چاقىرىپ، ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۇنبۇۋىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. تۇرمەك چاققان گەپ - سۆز قىلماي، ئوردىدىن چىقىپ: «يا تەۋەككۇل» دەپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ يول يۈرۈپ، بىر جاڭگاللىقتا كېتىۋاتسا، يول ئۇستىدە بىرەيلەن ياتقۇدەك. تۇرمەك چاققان:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەگەك قۇلاق باتۇر دېگەن مەن بولىمەن، كۇنچىقىش مەملىكىتىنىڭ قىزى ساھىبجامال كۇنبۇۋىنى ئالغىلى بىر يىگىت كېلىدۇ، دەپ ئاڭلاپ شۇنى كۈتۈپ ياتاتتىم، — دەپتۇ.

تۇرمەك چاققان ئۆزىنىڭ دەل كۇنچىقىش مەملىكىتىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىپتۇ. سەگەك قۇلاق باتۇر:

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن، سەن مېنى ئۆزۈڭگە قوشۇۋال، — دەپتۇ. تۇرمەك چاققان ماقۇل بوپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن ئۇزۇن چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ كېتىۋاتسا، بىر ھەيۋەتلىك تاغ كۆكتە ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچۈپ يۈرگۈدەك. بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىسا، بىر ئادەم تاغنى ئۇ قولىدىن - بۇ قولىغا ئېلىپ ئويناپ يۈرگۈدەك. بۇ

ئىككىيلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. ھېلىقى پالۋان دەرھال سالامنى ئىلىك ئېلىپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆرمەك چاقـقان مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پالۋان:

— تاغ باتۇر دېگەن مەن بولىمەن، كۆنچىقىش مەملىكـىتىگە بارىدىغانلارنى كۆتۈپ تۇرۇۋاتاتتىم، مېنىمۇ قوشۇۋېـلىڭلار، — دەپتۇ ـ دە، ئۇلارغا قوشۇلۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇلار يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يول ئۈستىدە ئىككى پۇتىغا بىردىن تۈگمەن تېشىنى ئېسىۋېلىپ، ئۇياقتىن ـ بۇ ـ ياققا يۈگۈرۈۋاتقان بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ. بۇ يۈگۈرۈك باتۇر ئىكەن. يۈگۈرۈك باتۇرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە بىر كۆل بويىغا يېتىپ كېلىپ قارىسا، بىر ئادەم كۆلنىڭ سۈيىنى دەم تارتىپ، يەنە ياندۇرۇۋاتقۇدەك، بۇ كۆل باتۇر ئىكەن. كۆل باتۇرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. بۇ بەش ئادەم قىرىق كۈن يول يۈرۈپ بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. تۆرمەك چاقـقان بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، سۇ ئىچمىش ئۈچۈن دەريا بويىغا بارسا، سۇ ئۈستىدە بىر ھەرە سۇدىن چىقالماي ۋاتقۇدەك. تۆرمەك چاقـقان دەرھال بىر تال قومۇشنى تاشلاپ بېرىپتىكەن، ھېلىقى ھەرە سۇدىن چىقىپتۇ ۋە زۇۋانـغا كىرىپتۇ:

— مېنى قۇتقۇزۇپ قويغىنىڭغا رەھمەت. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە: «ھەرە كۈنەك، ھەرە كۈنەك!» دېسەڭ، خىزمىتىڭـگە ھازىر بولىمەن، خەير ـ خوش، — دەپ غايىب بوپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. تاغ باغرىدىكى سايغا قارىسا، ئاپئاق بىر دۆڭ تۇرغـۇدەك. شۇ ئەسنادا تاغ باتۇر:

— ئاغىنىلەر، سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ دۆڭ ئادەم سۆڭەكـ

لىرىدۇر. بۇ ئادەم سۆڭەكلىرى شاھزادە، ئېسىلزادىلەرنىڭ سۆڭەكلىرى. ئۇلار كۈنچىقىش مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ قىزى ساھىبجامال كۈنبۈۋىنى ئالغىلى كېلىپ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە ئۇچرىغان. كۈنچىقىش مەملىكىتىنى پەقەت ئۇنىڭ سالپاڭ زىرەك دېگەن بىر ئىتى قوغدايدۇ. ھەرقانداق ئادەم كۈنچىقىش مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىغا يېقىنلاشقان چاغدا، ئىت ئۇنى ئاللىقاچان بىلىپ بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شۇ جايغا يېتىپ كېلىدۇ - دە، قانچە ئادەم بولسا يەپ تۈگىتىدۇ، — دەپتۇ.

— ۋاي يامان بولدى، سالپاڭ زىرەك كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ سەگەك قۇلاق. تاغ باتۇر دەرھال زور بىر تاغنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپتىكەن، سالپاڭ زىرەك يىراقتىن ئۇلارغا خىرىس قىلىپ يېتىپ كەپتۇ. تاغ باتۇر ھېلىقى تاغنى بىر ئاتقانىكەن، ئىت تاغ ئاستىدا يانجىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇلار تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كۈنچىقىش مەملىكىتى چېگرىسىغا ئاياغ بېسىپتۇ.

ئەمدى گەپنى كۈنچىقىش مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

كۈنچىقىش پادىشاھىنىڭ بىر ھەييارى بار ئىكەن، ئۇ ئالتە ئايلىق يەردىكى ۋەقەلەرنى بىلەلەيدىكەن. ئۇ پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ، بەش ئادەمنىڭ كۈنچىقىش مەملىكىتىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، سالپاڭ زىرەكنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالارنى يىغىپ جىددىي كېڭەش قىپتۇ. ھېلىقى ھەييار:

— سالپاڭ زىرەك ئىتىمىزنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ھېچكىم يېڭەلمىگەن. بۇ بەش ئادەمگە تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك. ياخشىسى، داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ

ئالدىغا چىقايلى، — دەپتۇ. كۆنچىقىش مەملىكىتىنىڭ پادى-شاھى قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر دەرھال يۇرتقا پەرمان چۈشۈرۈپ، ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباقلارنى ۋە بەش تەختىراۋان تەي-يارلاپ، بەشەيلەنىڭ ئالدىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كۈنچىقىش مەملىكىتىنىڭ پۇقرالىرى داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ بەشەيلەننى تەختىراۋانغا سېلىپ، پادىشاھ ئوردىسىغا ئەكەپتۇ. پادىشاھ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئۇلارنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. تۇرمەك چاققان بۇ جايغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ ھېلى-قى ھەييار جادۇگەردىن مەسلىھەت سوراپتىكەن، ھەييار: «بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە، شاھىم» دەپتۇ - دە، بەشەيلەنگە قاراپ:

— ساھىبجامال كۈنبۈۋى پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇلۇق قى-زى. سىلەر شۇنچە يىراق يەردىن مۇشۇ قىزنى ئېلىش ئۈچۈن كەپسىلەر، بوپتۇ، قىزنى بېرەيلى، ئەمما مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك شەرت بار، شۇنى بېجىرسەڭلار، قىزنى سىلەرگە بېرىمىز. بېجىرەلمىسەڭلار، بىزدىن ئاغرىنماڭلار، — دەپتۇ.

— قېنى، قانداق شەرت ئىكەن؟ — دەپتۇ تۇرمەك چاق-قان. ھېلىقى ھەييار:

— بىرىنچى شەرت: قىزىمىزنى مۇشۇ ئوردا ئىچىدە مە-لۇم بىر جايغا يوشۇرۇپ قويىمىز، تاپالىساڭلار ھېساب. ئىك-كىنچى شەرت: ئاراڭلاردىكى بىرەيلەن مەن بىلەن ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدە يۈگۈرۈشكە چۈشىدۇ، كىم بالدۇر يەللىگە كەلسە ھېساب. ئۈچىنچى شەرت: بۇ ئوردىدا ساھىبجامال كۈنبۈۋىدىن ئون ئالتىسى بار، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەقىقىي كۈنبۈۋىنى تېپىشىڭلار كېرەك. — دەپتۇ.

بىرىنچى شەرتنى ئورۇنداش باشلىنىپتۇ. كۈنبۈۋىنى يەت-

تە قات يەر ئاستىدىكى بىر ئۆيگە يوشۇرۇپ: «قېنى، تې-پىڭلار» دەپتىكەن، سەگەك قۇلاق باتۇر قۇلىقىنى يەرگە يې-قىپ: «كۈنبۇۋى يەتتە قات يەر ئاستىدىكى ئۆيدە ئىكەن. ھا-زىرلا تىكىش قىلىپ، يىڭنىسىنى ياستۇق ئۈستىگە قويدى» دەپتۇ. ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئەھۋال راست شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن بۇلار بىرىنچى شەرتنى ئادا قىلىپ ئۇتۇۋاپتۇ.

ئىككىنچى شەرتنى ئورۇنداش باشلىنىپتۇ. يۈگۈرۈك با-تۇر بىلەن ھېلىقى ھەييار ئىككى كۈن يۈگۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنگە يەتكەندە، ھېلىقى ھەييار يۈگۈرۈك باتۇرنى يېڭەلمەيدى-غانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ھەي باتۇر، مۇساپىمىز ئاز قالدى، بىرئاز ئارام ئې-لىپ، تونۇشۇپ، سىردىشىپ، ئاندىن يۈگۈرسەكمۇ پەللىگە يې-تەلەيمىز، — دەپتۇ.

يۈگۈرۈك باتۇر ھەييارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، بىر كۆل بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەييار يېنىدىن دورا بىھوشنى ئېلىپ، يۈگۈرۈك باتۇرغا بىرلا چېچىپتىكەن، يۈگۈرۈك باتۇر بىھوش بولۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ھەييار پۇرسەتنى تۇتۇپ، پەللىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەمدى گەپنى يۈگۈرۈك باتۇرنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئاڭلايلى:

سەگەك قۇلاق باتۇر قۇلىقىنى يەرگە چاپلاپ:

— ھەي ئاغىنىلەر، چاتاق بولدى. بىزنىڭ باتۇر بىر كۆل بويىدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، خورەك ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ. ھېلىقى ھەييار پەللىگە يېتەي دەپ قالدى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاغ باتۇر بىر نەرە تارتىپتىكەن، دورا بىھوشتا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان يۈگۈرۈك باتۇر دەس ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قارىسا،

ھېلىقى ھەييار يېنىدا يوق. «خەپ» دەپ، پۇتىغا باغلاقلىق ئىككى تۈگمەن تېشىنى يېشىپ تاشلاپ بىر يۈگۈرۈپتىكەن، ھەييارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن پەللىگە بالدۇر يې-تىپ كېلىپ، بۇ شەرتتىمۇ پادىشاھنى ئۇتۇۋاپتۇ.

ئەمدى پادىشاھ ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇنداشنى ئېيتىپتۇ. ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا بوي - تۇرقى، چىراي - شەكلى، كىيىنىشى ئوخشاش ئون ئالتە قىزنى تىزىپ قويۇپتۇ. شەرت بويىچە، ئالدى بىلەن تاغ باتۇر بۇ ئون ئالتە قىزنى بىر قاتار كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا ئۆتۈپ ھەقىقىي كۈنبۇۋىنى تاپالماپتۇ. سەگەك قۇلاق باتۇرمۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر تۇرمەك چاققانغا نۆۋەت كەپتۇ. تۇرمەك چاققان دەرھال يول ئۈستىدە ئۆزى قۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى ھەرىنى ئويلاپتۇ - دە: «ھەرە كۈنەك، ھەرە كۈنەك» دەپتىكەن، ئۇنىڭ باش ئۈس-تىدە ھەرە پەيدا بوپتۇ. تۇرمەك چاققان مەقسىتىنى ئېيتىپ-تىكەن، ھەرە:



— مەن قايسى قىزنىڭ بېشىغا قونسام، شۇنى قولىدىن تارتىپ چىقار، سەن ئىزدىگەن ھەقىقىي كۆنبۇۋى شۇ، — دەپتۇ. تۇرمەك چاققان سەپتە تۇرغان قىزلارنى ئارىلاپ بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا ئۇتتۇۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى ھەرە سەككىزىنچى قىزنىڭ بېشىغا قونۇپ تۇرغۇدەك. دەرھال ئىككەلەنمەي بېرىپ: «ھەقىقىي كۆنبۇۋى مۇشۇ» دەپ، قىزنى سەپتىن تارتىپ چىقىپتۇ. ھەقىقىي كۆنبۇۋى شۇ ئىكەن.

ئۇلار پادىشاھنى يىغۇۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ قىزنى بېرىدىغان بوپتۇ. ئاڭغىچە كەچ بوپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ھەييار پادىشاھقا:

— ھەي قۇدرەتلىك شاھىم، بۇ كىشىلەرگە قىزىمىز ساھىبجامال كۆنبۇۋى بىكار كېتىدۇ، بۇلارنى ئۆجۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— قانداق ئۆجۇقتۇرىمىز؟ — دەپتىكەن، ھەييار:

— ئوردىنىڭ كەينىدە بىر ئېغىز تۆمۈر ئۆي بار. ئۇلارنى شۇ يەرگە باشلاپ بارايلى ھەم ياتقىنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرايلى. كېچىچە پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ھەر ئادەمگە بىر ئۇلاغدىن ئوتۇن، ھەربىر ياغچىغا ئون قاپاقتىن ياغ ئالغۇزۇپ قويايلى، تۆمۈرچىلەر كۆرۈكلىرىنى ئەك[illegible] ئۇلار تازا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، بىز تۆمۈر ئۆي ئەتراپىغا ئوتۇن - ياغاچ دۈۋىلەپ، ياغچىلار ئەكەلگەن ياغلارنى تۆكۈپ، ئوت ياقايلى. كۆرۈكچىلەر تۇشمۇتۇشتىن كۆرۈك باسسۇن. شۇنداق قىلساق، قېنى ئۇلارنىڭ ئۆجۇقمىغىنىنى كۆرەي ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەييارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش بېجىرىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شەھەر خەلقى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، تاغدەك ئوتۇن دۈۋىلەپتۇ. ياغچىلارنىڭ يىغىمۇ ئىنتايىن كۆپ يىغىلىپتۇ. نەچچە مىڭ كۆرۈكچى تەييار بوپ-

تۇ. تۇرمەك چاققان قاتارلىق بەشەيلەننى ھېلىقى ئۆيگە ئو-
رۇنلاشتۇرۇپتۇ. تەڭ كېچە بولغاندا، يىغىلغان ئوتۇنلارنى تۆ-
مۇر ئۆي ئەتراپىغا دۆۋىلەپتۇ. ياغلارنى تۆكۈپتۇ - دە، ئوت
يېقىپتۇ. ئوت تازا ئۇلغايغاندا، نەچچە مىڭ كۆرۈكچى كۆرۈك
بېسىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى تۆمۈر ئۆي ئىچىدىكى بەشەيلەندىن ئاڭلايلى:

تەڭ كېچە بولغاندا، ئىسسىقنىڭ دەستىدىن بولالمىغان
تۇرمەك چاققان ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغىنىلىرىنى ئويغىتىپتۇ.
ئاغىنىلىرى ئويغىنىپ قارىسا، ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى ئوتقاش-
تەك قىزىرىپ كەتكەن. كۆل باتۇر دەرھال:

— ئاغىنىلەر، سىلەر خاتىرجەم ئۇخلاڭلار، — دەپتۇ -
دە، يول بويىدا يۇتۇۋالغان بىر كۆلنىڭ سۈيىنى تامغا پۈر-
كۈپتىكەن، تامدىكى قىزىللىق يوقىلىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ھەي-
يار پادىشاھقا:

— ئەمدى ئۇلار كۆيۈپ كۈل بولدى. يۈرسىلە، كۆرۈپ
كېلەيلى، — دەپ تۆمۈر ئۆينىڭ ئالدىغا بارسا، بۇ بەشەيلەن
ئۆيدىن چىقىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە بۇ كېچە كۆل باتۇر تاڭ ئات-
قۇچە تۆمۈر تامغا سۇ پۈركۈپ ياتقاچقا، ئۆي ئىچى سالقىن
تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ بەشەيلەننى كۆرۈپ سالام بېرىپتۇ. ھەييار
ھەيران قالغانلىقىنى بىلىندۇرمەي:

— ئاغىنىلەر، كېچىدىن ئوبدان ئۇخلىغانسىلەر؟ — دەپ
سوراپتۇ. تۇرمەك چاققان:

— ئۆمرۈمدە مۇنداق راھەتتە ئۇخلىماپتىكەنمەن، قالتىس
ئوبدان ئۇخلىدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ بەشەيلەنگە تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەسكەن، باخ-
شىسى قىزىمنى بېرەيلى، — دەپتۇ. بەش يىگىتنى ئوردىغا

چاقىرتىپ، توينى ئەتىدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، قىزنى ئالىدىغان يىگىتنىڭ تەييار بولۇشى لازىملىقىنى ئۇق-تۇرۇپتۇ. تۆرمەك چاققان پادىشاھقا:

— قىزنىڭ يىگىتى ئارىمىزدا يوق، — دەپ بېشىمدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ تۆرمەك چاققاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن توينى قىزغا خېرىدار بولغان پادىشاھنىڭ مەملىكىتىدە ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇپتۇ. داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، بەش يىگىت ۋە قىزى كۆنبۇۋىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈ-رۈپ، بىر جايغا بارغاندا، كۆل باتۇر دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ياشاپ كەلگەن كۆل بويىدا قاپتۇ. يەنە ئازراق مېڭىپ يۇگۇرۈك باتۇر قاپتۇ. شۇ تەرىقىدە تاغ باتۇر، سەگەك قۇلاق باتۇرلارمۇ بىر - بىرلەپ ئۆز جايلىرىدا قاپتۇ. ئاخىر تۆرمەك چاققان بىلەن كۆنبۇۋى بىللە يولغا چىقىپتۇ. كۆنبۇۋى تۆر-مەك چاققاننىڭ قىسمەتلىرىنى دادىسىدىن ئاڭلىغانىكەن. ئۇلار يول بويى گەپ - سۆز قىلماي مېڭىپتۇ. مەنزىلگە بىر كۈن قالغاندا بىر ئۆتەڭ ئۇچراپتۇ. كۆنبۇۋى تۆرمەك چاققانغا:

— مەن كۆنچىقىش مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسى، پادىشاھ-نىڭ ئالدىغا مۇنداق بارسام بولمايدۇ. مەن مۇشۇ ئۆتەڭدە تۇ-رۇپ تۇراي. سىز پادىشاھقا: «مەن سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىـ-چە كۆنچىقىش مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسىنى ئەكەلدىم، مۇشۇ جايغا بىر كۈنلۈك كېلىدىغان ئۆتەڭدە قالدى. پادىشاھ ئالدىـ-غا چىقسۇن، ئالدىمغا چىققاندا پادىشاھ ئالدىدا ماڭسۇن، ئۇ-نىڭ ئارقىسىدىن ۋەزىر ماڭسۇن، ئارقىدىن يۇرت خەلقى ماڭ-سۇن دېدى» دەڭ. — دەپتۇ.

مەلىكە ئۆتەڭدە قاپتۇ. تۆرمەك چاققان بىر كۈن يول يۈ-

رۇپ ئوردىغا بېرىپ، قىزنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا جاكارچى ماڭدۇرۇپ يۇرت خەلقىنى يىغىپ، ئۆزى ئالدىدا، ۋەزىرى كەينىدە، يۇرت خەلقىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆتەڭگە يېقىنلىشىپتۇ. مەلىكە ئۆيدىن چىقىپ، يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئاپتۇ - دە، بىرنېمىلەرنى دەپ سۈپكۆچلەپ بىرلا چاچقانىكەن، پادىشاھ بىر تاغىل بۆرىگە، ۋەزىر قىزىل قۇيرۇقلۇق تۈلكىگە ئايلىنىپتۇ. تۈلكە قېچىپتۇ، بۆرە قوغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بىر - بىرىنى قوغلاپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ.

كۈنبۇۋى يۇرت خەلقىگە تۇرمەك چاققاننى پادىشاھلىققا كۆرسىتىپ، ئۆزى بولسا پادىشاھنىڭ خانىشى بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. تۇرمەك چاققان بىلەن كۈنبۇۋى يۇرتنى ئادىل سوراپ، ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

# كەنجى باتۇر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر شەھەر بولغانىكەن. ئۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىرىق خوتۇندىن يەتمىش ئوغلى بولۇپ، بىرمۇ قىز بالىسى يوق ئىكەن. دۇنيادەپىنە، مال ـ مۈلۈك، كالا ـ قوي پادىلىرىنىڭ ھېسابى بولمىغاچقا، شەھەرىستان بويىچە بىردىنبىر غەمسىز كىشى ھېسابلىنىدىكەن، پۇقرالارمۇ خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، شەھەر ئەھلى پادىشاھنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن.

«تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە» دېگەندەك، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ غېمى ئىككى ئىكەن: بىرى، يەتمىش ئوغۇل كەينى ـ كەينىدىن چوڭ بولۇپ، ياش قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنى ئۆيلەپ قوياي دېسە، يەتمىش ئۆيلۈك بىلەن قۇدا بولۇشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇنداق بولۇپ قالسا، قۇدىلار بىلەن باردى ـ كەلدى كۆپىيىپ، شەھەرنى باشقۇرۇش، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىشكە ۋاقىت چىقمىغۇدەك. شۇڭا ئۆزىگە ئوخشاش يەتمىش بالىلىق، يەنە كېلىپ يەتمىشلىسى قىز بالا بولغان ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇشنى ئويلايدىكەن. لېكىن، بۇنداق ئائىلە نەدىدۇ؟ يەنە بىرى، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، شەھەرنىڭ

سۈيى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قۇرغاقچىلىق دەستىدىن پۇقرالار قەھەتچىلىكتە قاپتۇ. يېقىن ئەتراپتا سۇ مەنبەسى يوق ئىكەن، يېقىن دىگەنلىرىمۇ بەش - ئالتە ئايلىق مۇساپىنىڭ نېرىسىدا ئىكەن.

بۇ ئىككى غەمنىڭ دەستىدىن پادىشاھ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ. ئورۇقلاپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخانغا ئايلىنىپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئوردا ئۆلىمالىرىنىڭمۇ ئامالى بولماپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەنجى ئوغۇل پادىشاھ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— شاھ ئاتا، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، — قارىسام كۈندىن - كۈنگە ياداپ تۈگەشىپ كەتتىلە، سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگەيلا، داۋاسى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

يەتمىش ئوغۇلنىڭ ئىچىدە كەنجى ئوغۇل تولىمۇ زىرەك، چېچەن، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق بولۇپ، باتۇرلۇقتا يولۋاستىن قېلىشمايدىكەن. پادىشاھ ئۇنى ھەممىسىدىن بەك ياخشى كۆرىدىكەن. پادىشاھ ئوغلىنىڭ دىگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سەنلا ھەمىشە ھالىمغا يېتىسەن. بوپتۇ، دېسەم دەي، ئامال تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — شاھ شۇنداق دىگىنىدىن كېيىن، غەملىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ، — ھەممىدىن ئېغىرى پۇقرالارنىڭ سۇسىز قالغانلىقى. بۇنىڭغا مەن چىدىيالماي قالدىم. دەپ باقە، پۇقرا بولمىسا، شەھەر بولامدۇ؟ شەھەر بولمىسا، پادىشاھ دىگەننىڭ نېمە كېرىكى؟ پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتمىگەن مېنىڭدەك پادىشاھنى شاھ دىگىلى بولماس. شۇنداقمۇ، ئوغلۇم؟!

كەنجى شاھزادە دېگەنلىرى توغرا دېگەندەك قىلىپ بېشى-
نى ئېگىپتۇ ۋە بۇ غەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاھان كې-
زىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبلى-
رىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، جاھان كېزىشكە ئۆزىنى ئەۋەتىش-
نى ئىلتىجا قىپتۇ.

شاھ بۇ شاھزادىگە بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئاي-
رىلىشقا كۆزى قىيماي، باشقا شاھزادىلەرنى ئەۋەتمەكچى بوپ-
تۇ. لېكىن ئاتمىش توققۇز شاھزادىنىڭ ھېچقايسىسى كۆكرەك
كېرىپ چىقالماپتۇ. ئاقىۋەت شاھ كەنجى شاھزادىگە ئىجازەت
بېرىپتۇ.

كەنجى شاھزادە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، مەغرىب تامان مې-
ڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كەزمىگەن چۆل - جەزىرە، ئاشمىغان تاغ -
داۋان قالماپتۇ. بىراق بىرەر شەھەر تۇگۇل، يۇرت - مەھەل-
لىمۇ ئۇچرىماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بەل قويۇۋەتمەپتۇ. ئوزۇق -
تۈلۈكى تۈگىگەندە ئۆزى مىنىپ ماڭغان ئېتىنى سويۇپ يەپ-
تۇ، ئۇمۇ تۈگەپتۇ. ئاقىۋەت ئاچلىقتىن ماجالى قالماي ھال-
دىن كېتىپتۇ. ھارغىنلىق ئۇنى ئۇيقۇ دەرياسىغا سۆرەپ كى-
رىپتۇ. ئۇ شۇنداق بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقاندا بىرى چاقىرىپتۇ:

— ئادەمزاتمۇسەن ياكى جىن؟

كەنجى ئوغۇل كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا
بويى سەككىز گەز، توغرىسى قاپاق بىرەكمەك، ساقىلى بىر
باغلام بېدىدەك بىر بوۋاي كۈلۈمسىرەپ تۇرغۇدەك. كەنجى ئو-
غۇل ئوڭۇممۇ ۋە يا چۈشۈممۇ دەپ ئويلاپ، دەرمەھەل گەپ
قىلالماي قاپتۇ.

— ئەپتىڭدىن قارىغاندا ئادەمزات ئىكەنسەن. تەكتىڭ
ئېسىلزادىگە ئوخشايدۇ. ئېيتە، ئوغلۇم، قانداقسىگە بۇياقلارغا
كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

كەنجى ئوغۇل سەپەر سەۋەبلىرىنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بوۋايغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ دەپتۇ:

— گېپىڭنىڭ ئۇزايىدىن قارىغاندا، سەن چىمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى نۇردۇن شاھنىڭ كەنجى شاھزادىسى ئىكەنسەن. ئاتا - ئانىنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسانلاشتۇرماققا بەل باغلىغان ئوغۇل تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكۈسىدۇر. ئەمما، ئوغلۇم، سەن يامان يەردە ئۇخلاپ قاپسەن. بىلسەڭ، بۇ قۇملۇقنىڭ نامى تەكلىماكاندۇر. بۇ ياققا قەدەم باسقان ئادەم جېنىدىن يا تېنىدىن ئايرىلۇر. سەن ئاتاڭ ئۈچۈن جاپا چېكىشكە رازى بولغاچقا ئامان قاپسەن. ھېلىمۇ ياخشى يولۇڭ ئوچۇق. ئەمدى سەن كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭ. ئۇ ياقلاردا ئۇدۇن ئاتلىق بىر شەھەر بار. ئۇ يەرگە ئامان - ئېسەن بېرىۋالساڭ، مۇراد - مەقسىتىڭ ھاسىل بولغۇسى.

بوۋاي دەيدىغانلىرىنى دەپ بولۇپ، كەنجى شاھزادىگە: «مۇشكۇللۇككە يولۇقساڭ، مانا بۇ ئايەتنى ئوقۇغىن» دەپ،



بىر ئايەتنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ھەمدە بىر نان، ئىككى شەم-شەر تۇتقۇزۇپ قويۇپ غايىب بوپتۇ. كەنجى شاھزادە بوۋاي بەرگەن ناننىڭ يېرىمىنى يەپ قورسىقىنى توقلاپ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئارىدىن تالاي كۆنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كەن-جى شاھزادە بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. قورسىقى ئاچسا ھېلىقى ناننىڭ يېرىمىنلا يەپ، يېرىمىنى خۇرجۇنغا سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇماپتۇ. نانمۇ خۇرجۇنغا كى-رىپلا پۈتۈن بولۇۋېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل شۇ تەرىقىدە مېڭى-ۋېرىپ، بۇ چېتىدىن ـ ئۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز چوڭ بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. دەريا سۈيى تاغ كەبى ئۆركەش يا-ساپ، ئاتتەك كىشنەپ تاشقىن ھاسىل قىلغىلى تۇرغانىكەن. كەنجى شاھزادە ئۇلۇغ سۇدىن قانداق ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندا، بىردىنلا سۇ ئاستىدىن تەگرىتېغىنىڭ بىر پار-چىسىدەك بىر مەخلۇق بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھزادىنى دەم تار-تىپتۇ. شاھزادە بىرلا قاراپ ئۇنىڭ ئەجدىھا ئىكەنلىكىنى بى-لىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئەجدىھا دەريادا توغرىسىغا يېتىۋېلىپ، شاھزادىنىڭ دادىسى نۇردۇن شاھنىڭ شەھىرىگە بارىدىغان سۇنى توسۇۋالغانىكەن. شاھزادە دەرغەزەپكە كېپتۇ ۋە بوۋاي بەرگەن ئىككى شەمشەرنى توغرىسىغا چىشلەپ، قورام تاشنىڭ ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ چاغ ئەجدىھانىڭ ئىككىنچى قې-تىم دەم تارتىشى ئىكەن. كەنجى شاھزادە بىر نال غازاڭدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئەجدىھانىڭ ھاڭدەك ئاغزىغا ئۆرۈلۈپتۇ، ئۆرۈ-لۈپتۇيۇ، قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا شەمشەرنىڭ زەربى-سىدىن قوغۇن تىلغاندەك تىلىنىپ ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ، شۇ ھامان جان تەسلىم قىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە دەريا قىرغىقىغا ئاچىقىپ، قاغا ـ قۇزغۇنلار-غا يەم قىلىپ بېرىپتۇ. سۇ چىمەن شەھىرىگە قاراپ ھەيۋەت

بىلەن غارقىراپ، كۈن نۇرىدا پارقىراپ ئېقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە شاھ ئاتىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا خانىش ئانىسى بوينىغا ئېسىپ قويغان تىلتۇمارىنى سۇ بىلەن ئېقىتىۋېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى نۇردۇن شاھتىن ئاڭلايمىز:

كەنجى شاھزادە جاھان كەزگىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، پۇقرالار ھالىدىن كېتىپتۇ. نۇردۇن شاھ ئۇلارغا يېتەرلىك ئاشلىق، مال - مۈلۈك تەقسىملەپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەر سۇنىڭ ئورنىنى باسالماپتۇ. شاھ ئۆردىسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالماپتۇ. نۇردۇن شاھ دەرد - ئەلەمدىن ئاچچىق يۇتۇپ، ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. تېۋىپلار ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن تىلىغا قاراپ: «شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ كېسىلىنىڭ داۋاسى سۇ» دەپتۇ. سۇدىن بولسا ھېچ خەۋەر يوقكەن. ئاتىسىنىڭ ئوڭشىلىپ كېتىشىگە كۆزى يەتمىگەن شاھزادىلەرنىڭ بىردىنلا نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە تۆيدۇرماي شاھلىق تاجىنى كىيىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. چوڭ شاھزادە: «شاھلىقنىڭ ماڭا تېگىشىدە گەپ يوق. شۇنداقتىمۇ ئىنىلىرىمنى ئەپلەپ - سەپلەپ قوغلىۋەتمىسەم، ماڭا ياخشى كۈن بولماس» دەپ ئويلىسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شاھزادىلەر ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپتۇ. باشقا شاھزادىلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سوققان چوتى بار ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن شاھزادىلەر ئارازلاشقىلى تۇرۇپتۇ. خانىش ئانا جېدەل سوراپ ھارماپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر توپ سېغىزخان ئۆردا مۇنارىغا قونۇپ زوق - شوق بىلەن يېقىملىق سايرىغىلى تۇرۇپتۇ. شاھزادىلەر چالما ئاتسىمۇ ئۇچۇپ كەتمەپتۇ. شەھەر خەل-

قى سېغىزخاننى ياخشىلىقنىڭ ئەلچىسى دەپ بىلگەچكە، ئۇردا
ئالدىغا يىغىلىپ سېغىزخانغا تەلمۈرۈپ قارىشىپتۇ. شۇ ئەس-
نادا شاۋقۇن بىلەن سۈمۈ كېلىپ قاپتۇ. شادلىقتىن شەھەر
خەلقىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. قېرىلار ناغرا-
سۇناي چالسا، ياشلار ئۇسسۇل ئويناپتۇ. باللار سۆغا
چۆمۈلۈپ راسا پۇخادىن چىقىپتۇ. دەل-دەرەخ، گۈل-
گىياھلار يېڭىۋاشتىن ياپراق چىقىرىپ، شەھەرنى بوستان-
لىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. مال-ۋارانلار شوخ مەرىشىپ، ئىنگىلى-
رىنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشۇپتۇ. نۇردۇن شاھ ئورنىدىن
تۇرۇپ تەختكە چىقىپتۇ. شاھزادىلەر چاندۇرماي ئوردىغا كى-
رىپ ئاتىسىغا سالام بېرىشىپتۇ ۋە كەنجى شاھزادىدىن بىرەر
خەۋەر بار-يوقلۇقىنى سورىشىپتۇ.

— سۇنىڭ ئۆزى خەۋەر، — دەپتۇ نۇردۇن شاھ، — سى-
لەر شۇنىمۇ بىلمىدىڭلارمۇ؟

— شاھ ئاتا، سۇغۇ كەلدى، بىراق ئۇنى كەنجەمنىڭ
ئىلتىپاتى دېگىلى بولماس. بولمىسا، ئۆزى نېمىشقا سۇ بىلەن
بىللە كەلمىدى؟ — دەپ ناقايىللىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ شاھزا-
دىلەر. نۇردۇن شاھ ئۇلارنىڭ نادانلىقىغا كۈلۈپتۇ ۋە قويۇن
يانچۇقىدىن سۇدا ئېقىپ كەلگەن تىلتۇمارنى ئېلىپ كۆرسى-
تىپتۇ:

— بۇ ئۇنىڭ تەۋەررۇكى. ئۇ بۇنى ئەلچى سوپىتىدە ماڭا
ئەۋەتىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە سالام خەتمۇ بار تېخى.

نۇردۇن شاھ گېپىگە ئۇلاپ خەتنى شاھزادىلەرگە سۇنۇپ-
تۇ. چوڭ-كىچىك شاھزادىلەر خەتنى قولدىن-قولغا ئې-
لىپ، ئۇنى راستتىن كەنجى شاھزادىنىڭ يازغانلىقىغا ئىشى-
نىپتۇ. ئىچىدە بولسا بىر پاتماندىن ھەسەت ئوتى يېنىپتۇ،
شۇنداقتىمۇ ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، كەنجى شاھزادىنى بو-

لۇشىغا ماختاپ، ئۇردىدىن ھۇجرىلىرىغا قايتىشىپتۇ.

ئەمدى بىز كەنجى شاھزادىگە كېلەيلى:

پۇتكۇل شەھرىستان ئەنە شۇنداق شادلىق ئىلكىدە يايراۋاتقان كۈنلەردە، كەنجى شاھزادە تالاي قۇم - دەشتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، مۇنار - مۇنار توپا تاغلىق ئاجايىپ - غارايىپ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. تەقدىرنىڭ قىسمىتى شۇ بولسا كېرەك، ئۇ ھارغىن ئاياغلىرىنى سۆرەپ تۆپىلىككە قاراپ يامىشىپتۇ، يامىشا - يامىشا ئاخىر يۇقىرى پەللىگە چىقىپتۇ، چىقىپلا ھەيران قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەر ئاغمىخانىلار ماكانى بولۇپ، بويى تۆگىدەك، بوينى يەتتە غۇلاچ، تۇمشۇقى كانارىدەك، پۇتى قاقشال تېرەكتەك بىر قوش ئاغمىخانىلارنى ئىككى قانىتى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، بىر باشتىن يېگىلى تۇرغانىكەن، ئاغمىخانىلار بولسا زار - زار قاقشاپ تىپىرلاۋاتقۇدەك. كەنجى شاھزادە بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماپتۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلغىنى نېمىسى؟ ئۇ ياۋۇزنىڭ ئەدىپىنى بېرەي، دەپتۇ - دە، بوۋاي سوۋغات قىلغان شەمشىرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، بېشىدىن يەتتە ئايلاندۇرۇپ قوشنى چېپىپتۇ. شۇئان قوشنىڭ كاللىسى ئۇزۇلۇپ ياردىن پەسكە قاراپ دومىلاپتۇ، تېنى لاسسىدە بىر ياققا قىڭغىيىپتۇ. ئاغمىخانىلار دىكىلدىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ، كەنجى شاھزادىگە باش ئۇرۇپ، چۇرۇقلىشىپ رەھمەت ئۇستىگە رەھمەت ياغدۇرۇشۇپتۇ.

پانىي ئالەمدە بارلىق مەخلۇقنىڭ ئۆز سەركەردىسى بولغىنىغا ئوخشاش، ئاغمىخانىلارنىڭمۇ ئاقساقىلى بار ئىكەن، ئاقساقال ئۆز تەۋەسىدىكى جىمى ئاغمىخانىلارنى باشقۇرىدىكەن. ئۇ كەنجى شاھزادىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەككە يۇقىرا ئاغمىخانىلارنى سەپكە تىزىلدۇرۇپ، ئېھتىرام بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

ئاندىن بىردىنلا ئادەمدەك زۇۋانغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەلمىساقتىن بۇيان بىزنىڭ بۇياقلارغا ئادەمزات ئاياغ باسمىغان. لېكىن سىلى قانداقسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىلا؟ قېنى، ئېيتسىلا، قانداق ئارزۇ - تىلەكلىرى بار؟ ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شاھزادە بولمىش كېلىنلەرنى ئىزدەپ ئۇدۇن شەھىرىنى كۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاغمىخانلار ئاقساقىلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىپتۇ: مۇشۇ پەسىل ئاغمىخانلارنىڭ تازا كۆپىيىدىغان چاغلىرى ئىكەن. دەل ھەر يىلى مۇشۇ چاغدا ھېلىقى يىرتقۇچ قۇش كېلىدىكەن - دە، ئاغمىخانلارنى يەپ كېتىدىكەن. بەختىگە يارىشا ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلىرى ياندۇرقى يىلىغىچە ماكانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇرۇق قالدۇرۇپ ئاران ئۆلگۈرىدىكەن. ئەمدى ئۇلار كەنجى شاھزادىنىڭ ھىممىتىدە بالا - قازادىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپتۇ. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاغمىخانلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ.

— ھەي، ئادەملەرنىڭ ئېسىلى، ئاجىزلارنىڭ شەپقەتچىسى، — دەپتۇ ئاغمىخانلار ئاقساقىلى بايا قۇيرۇقىدىن يۇلۇۋالغان بىر تال تۈكنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — بۇنى ئېلىۋالسىلا. باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە كۆيدۈرسىلە، ھازىر بولىمىز. خەير، سەپەرلىرىگە ئاقىۋل بولغاي.

كەنجى شاھزادە تۈكنى ئېلىپ شەمشىرىنىڭ دەستىسىگە چىگىپتۇ - دە، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كېچىسى چولپان يۇلتۇزنى نىشان قىلىپ، كۈندۈزى ئوك - سولىنى چەنگە ئېلىپ بىر كەم توقسان كۈندە بىر جايغا كەپتۇ. كەپتۇيۇ، شاھزادىنى سۇر بېسىپتۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى چۈمۈلىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن باش قېيىپ، كۆڭۈل ئېلىشىدىكەن. بۇنى ئاز

دەپ، چۈمۈلىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ شاھزادىنى ئارىغا ئې-
لىۋاپتۇ. مېڭىۋېرەي دېسە، چۈمۈلىنى دەسسەپ تاشلىغۇدەك.
شاھزادە ئۇلاردىن يول بېرىشنى ئۆتۈنۈۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت
ھاۋا بۇزۇلۇپ قارا يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ - دە، چۈمۈلىلەر-
نى ئېقىتىپ مېڭىپتۇ. كەنجى شاھزادە كۆڭلىدە خۇشال بوپ-
تۇ، بىراق چۈمۈلىلەرنىڭ ئاھ - زارىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتماي
تۇرالماپتۇ. «بۇمۇ تەڭرى ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ بىرى، —
دەپتۇ شاھزادە يامغۇردا ئېقىپ كېتىۋاتقان لەكمىڭ - لەكمىڭ
چۈمۈلىگە قاراپ، — گەرچە ئۇلار يولۇمنى توسۇۋالغان بول-
سىمۇ، يەنىلا قۇتقۇزۇپ قويغىنىم تۈزۈك.»

كەنجى شاھزادە شۇنداق ئويلاپتۇ - دە، شەمشىرىنى چىـ-
قىرىپ ئاسمانغا قارىتىپ شىلتىپتۇ. شۇئان بۇلۇتلار توزغاق-
تەك توزۇپ شامالغا يەم بوپتۇ، ھاۋا ئېچىلىپ كۈن پارلاپتۇ.
يەر - زېمىن شاپپىدە قۇرۇپ ئەسلىگە كەپتۇ. چۈمۈلىلەر يې-
ڭىۋاشتىن ھاياتلىققا ئېرىشىپتۇ. ئۇلار بۇ شاپائەتنىڭ بايا
ئۆزلىرى يول بەرمىگەن ئادەمزاتتىن كەلگەنلىكىنى بىلگەنلى-
رىدە، خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرۈشەلمەي قاپتۇ. ئاندىن
قورسىقىنى ئاران سۆرەپ ماڭىدىغان بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ
ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە بىر تال تىرنىقىنى يۇلۇۋېلىپ شاھزادىگە
تەڭلەپتۇ. ۋاقتانىۋاق كېلىپ تىرناقنى كۆيدۈرسە ئۆزلىرىنىڭ
شاھزادىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كەنجى شاھزادە چۈمۈلە شاھىنىڭ
بۇ سوۋغىتىنىمۇ ھەشقاللا دەپ ئاپتۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى ئۇزى-
تىپ قاپتۇ.

كەنجى شاھزادە شۇ ماڭغانچە ئاخىر ئۇدۇن شەھىرىگە يې-
تىپ كەپتۇ ۋە بىر ۋەيرانە سارايغا چۈشۈپ ئارامىنى ئالماقچى
بوپتۇ. بىركەمدە كۈن ئولتۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇق



لىباسىنى كە-
يىشكە باشلاپتۇ.
بۇ چاغدا ئوردا
ئاسمىنىدا بىر
تالاي ئاي پەيدا
بوپتۇ. كەنجى
شاھزادە زەن قو-
يۇپ سانىغۇدەك
بولسا، يەتمىش
بىر ئاي چىقىپ-
تۇ. ئايلارنىڭ بى-
رىدىن بىرى
شۇنداق سوزۇك.
شۇنداق چىرايلىق ئىكەن. شاھزادە ھەيران بولۇپ سارايۋەندىن سوراپتۇ. سارايۋەن چۈشەندۈرۈپ دەپتۇ:

— ئايلارنىڭ ئىچىدىكى قاپ ئوتتۇرىدا تۇرغان بىرىلا ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسانلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن راست ئاي. قالغان يەتمىشى شاھىمىزنىڭ مەلىكىلىرىنىڭ سىيماسى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ خۇشلۇقتىن يۈرەكلىرى يايراپ كېتىپتۇ.

— ئاخىر تېپىپتىمەن، تېپىپتىمەن، مۇرادىم ھاسىل بوپتۇ، — دەپتۇ شاھزادە يېنىش - يېنىشلاپ. سارايۋەن ئۇ-نىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ:

— تاپقىنىڭ ئالتۇنمىدۇ ياكى كۈمۈش ۋە يا بولمىسا جە-بىر - جاپا ھەم نومۇس؟

— ئاغا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دەپتۇ شاھزادە.

سارايۋەن جاۋاب ئورنىغا ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ،

ئاسمانغا بىر هازا تىكىلىپتۇ. ئاندىن كەنجى شاهزادىنى ئـار-
قىسىغا سېلىپ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئەي نادان يىگىت، — دەپتۇ سارايۋەن سېپىـل قـو-
ۋۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭغا قارا، سەندەكلەرنىـڭ ئـا-
قىۋىتى تۇرۇپتۇ مانا.

كەنجى شاهزادە بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىغانىـكـەن،
كۆزىگە سانسىز قۇرۇق ئادەم كاللىسى كۆرۈنۈپتۇ. كـالـلـىـلار
ئايرىم - ئايرىم قەپەسكە قاچىلىنىپ، قوۋۇقلارغا ئېسىپ قو-
يۇلغانىكەن. سارايۋەن چۈشەندۇرۇپ دەپتۇ:

— بۇلارنىڭ بەرى سېنىڭدەك هاماقەتلەرنىڭ كاللىـلـىـسى.
ئۇلارمۇ هايات چېغىدا ساڭا ئوخشاش شاهىمىزنىڭ ئـاي سـۇ-
رەتلىك مەلىكىلىرىگە ئاشىق بىقارار بولغان. ئاقىۋەت جېنى-
دىن ئايرىلىشتى. شاه ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كال-
لىسىنى كېسىپ ئېسىپ قويدى. سېنىـڭـمـۇ بـۇ شـەهـەردىـن
چاپسانراق كېتىۋالغىنىڭ تۈزۈك.

سارايۋەننىڭ جاۋابىدىن يەنە شۇلار ئايان بوپتۇكى، ئۇدۇن
شەهىرىنىڭ پادىشاهى قەمەرىدىن شاهنىڭمۇ يەتمىش پەرزەنتـى
بولۇپ، هەممىسى قىز ئىكەن. قىزلار ۋاقتى - سائىتـى كـې-
لىپ بويىغا يېتىپتۇ. ئۇلار رەڭگى - رۇخسار، هۆسن - جـا-
مالدا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇ خەۋەر جاهانغا پـۇر
كېتىپتۇ، يىراق - يېقىندىن ئەلچىلەر يىغىپ كېتىپتۇ. قـە-
مەرىدىن شاه دەسلەپ ئۇلارنىڭ بىرىنى كەمبەغەل، بىرىـنـى
يـات ئەللىك سـاناپ ماقۇل كـۆرمەپتۇ، كېيىن قـورسـىـقـىـغـا
جىن كىرىپ، قىزلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ بايلىق توپلاش-
نىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شاه ئاۋۋال قىزلىرىنى ئارامباغقا ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ-
تۇ، ئاندىن باغنىڭ تۆت تېمىغا جاهان ئەينىكى بېكىتىپ،

ئۆلارنىڭ سىيماسىنى ئەينەك شولىسى ئارقىلىق ئوردا ئۈس-تىگە چۈشۈرۈپتۇ. كېيىنچە ئاسماندىكى ئاي قاتارىغا تىزىپ قويۇپتۇ. كەلگەن ئەلچىلەر ئۆلارنىڭ ئاي جامالىنى كۆرۈپ ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىدىكەن - دە، نۇرغۇن سوۋغا - سالام تەييارلاپ، شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ تەلىپىنى قويۇشىدى-كەن. ئاچ كۆز شاھ ئۇلار ئەكىرگەن ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېپقېلىپ، ئۈچ شەرت قويىدىكەن. بۇ شەرتلەر بىرىدىن بىرى ئېغىر بولغاچقا، يىگىتلەر ئورۇندىيالماي بىر - بىرلەپ كال-لىسىدىن ئايرىلىدىكەن. قوۋۇقتىكى كاللىلار مانا مۇشۇ تەرى-قىدە يىغىلغانىكەن.

كەنجى شاھزادە سارايۋەننىڭ ئۆزىنى كېتىشكە ئالدىرى-تىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپتۇ، شۇنداقتىمۇ بەخت - تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— تاغا، مەنمۇ ئورۇنۇپ باقاي دەيمەن. خوش بولۇپ كې-تەي، قەمەرىدىن شاھنىڭ ئۈچ شەرتىنى ئېيتىپ بەرسىلە.

— بۇنى سورىمايلا قوي، ئوغلۇم. بۇ شەرتلەرنى شاھنىڭ ئۆزى، ئاندىن قالسا مەلىكىلەردىن ئۆزگە بۇ شەھەردە ھا-ياتلاردىن بىلىدىغانلار يوق. ناۋادا ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا، قە-مەرىدىن شاھنىڭ ئۆزىدىن سورا. لېكىن ئۇ سىېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇڭنى كۆرۈپ، گەپ سورىمايلا ئۆلۈمگە بۇيرۇۋېتىدۇ، مۇنداقلار كۆپ بولغان.

— ئەمىسە قانداق قىلاي، تاغا؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ شاھزادە. سارايۋەن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مەسلىھەت بېرىپ دەپتۇ:

— قارىغاندا، پەيلىڭدىن يانمىغۇدەكسەن. ئامالىڭ بولسا مەلىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرگىن، ئۇلار سىېنىڭ ھا-لىڭغا يېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار سارايغا قايتىپتۇ. شاھزادە ئۆز ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپتۇ، بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ئاغمىخان ئاقساقىلى سوۋغا قىلغان بىر تال تۈك كەپتۇ. ئۇنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇئان بىر ئىسسىق سەلكىن شامال كۆتۈرۈلۈپ، ئاغمىخانلار ئاقساقىلى شاھزادىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. شاھزادە يولۇققان مۈشكۈلاتنى بايان قىلغانىكەن، ئاغمىخانلار ئاقساقىلى:

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. خاتىرجەم بولغايلا، شەپقەتچىم، — دەپتۇ ۋە ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ چىرقىراپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بېسىقماي تۇرۇپ، پۇقرا ئاغمىخانلار يېتىپ كەپتۇ - دە، كېچىلەپ سارايدىن ئارامباغقا قارىتىپ لەخمە كولاپتۇ. لەخمىنىڭ بىر ئۇچى چوڭ مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا تۇتاشتۇرۇلۇپتۇ.

كەنجى شاھزادە يۇيۇنۇپ - تارىنىپ جابدۇنۇپ، لەخمىگە كىرىپتۇ ۋە ھايال ئۆتمەي چوڭ مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپتۇ. شاھزادە جاھان ئەينىكىگە قاراپ، ئۆزىنى ياساۋاتقان پەرى يۈزلۈك، خۇمار كۆزلۈك نازىنىنىنى كۆرۈپ ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلىپتۇ - دە، تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەلىكىنىڭ تۆشىكىدە ياتقانلىقىنى، مەلىكىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ.

— ئەي يىگىت، ئادەممۇسەن ياكى جىن؟ ۋە يا بولمىسا تەڭرىنىڭ ئەلچىسىمۇ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ؟ — دەپتۇ مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ.

كەنجى شاھزادە كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغان - ئىشىتكەنلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئېيتىپ كېلىپ، مەقسىتىنى دەپتۇ. مەلىكە تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ. مەلىكىلەرمۇ

دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئادەمزاتتىن ئايرىپ قويغىنىغا نارازى ئىكەن. شۇڭا چوڭ مەلىكە ئىككىلىنىپ تۇرمايلا بۇ خەۋەرنى سىڭىللىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار كەنجى شاھزادىنى مەي-شارابلار بىلەن مېھمان قىلىپ بولۇپ، دادىسىنىڭ ئۈچ شەرتىنى ئاشكارىلاپتۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرى، ئوردىدا چوڭلۇقى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىن قېلىشمايدىغان، مىڭ بىر پۇتلۇق، ئاجايىپ سىرلىق بىر كۆتەك بولۇپ، ئۇنى قەمەردىن شاھ كۆرسەتكەن پالتا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يەتتە پارچە قىلىۋېتىش؛ يەنە بىرى، يەتتە تاغار قومغا يەتتە تاغار تېرىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنىكەن، ئۇنى ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە ئايرىپ، قومنى باشقا، تېرىقنى باشقا تاغارغا قاچىلاش؛ ئۈچىنچىسى، ئۇدۇن شەھرىنىڭ مەشرىق تەرىپىدىكى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاملىرى ئالتۇندىن، تەخت-راۋاقلىرى لەئەل-ياقۇتتىن بىر جۈپ چارباغى بار ئوردا بەرپا قىلىش ئىكەن. بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلالىسا، مەلىكىلەرنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدىكەن. مەلىكىلەر دەپتۇ:

— شەرتقۇ شۇ. بۇ شەرتلەرنى سىنىڭمۇ ئورۇندىيالىشىڭغا كۆزىمىز يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە چىرايلىقچە كېتىۋالغىن، يىگىت.

— ياق ! — دەپتۇ كەنجى شاھزادىمۇ بوش كەلمەي، — كەتمەيمەن، شاھ داداڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن. يا ئۇ سىلەرنى ماڭا قوشۇپ قويىدۇ، يا جېنىمنى ئالىدۇ شۇ. مەن ماڭدىم، ئەمىسە.

كەنجى شاھزادە مەلىكىلەرگە باش ئېگىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. مەلىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ.

ئىككى تەرەپ كۆز قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشىپتۇ. ئاڭ-

غىچە ھەر ئېھتىمالنى دەپ سارايۋەن بوۋاي بىر خۇرجۇن ئال-تۇن - كۈمۈش تەييارلاپ قويغانىكەن. كەنجى شاھزادە بوۋايغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، خۇرجۇننى يۈدۈپ ئوردىغا قاراپ قەدەم بېسىپتۇ. بۇ تېخى سەھەر بولۇپ، كەنجى شاھزادە ئوردىغا كەلگەنلەرنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. قەمە-ردىن پادىشاھ بۇنداق چاغدا قىزلىرىغا خېرىدار بولۇپ كەل-گەنلەرنى گەپ - سۆزسىز ئوردىغا يالاپ ئەكىرىشنى بەلگىلە-گەچكە، ياساۋۇللار شاھزادىگە ئىچ ئاغرىتىسىمۇ ئىبغىزلىرىدىن چىقىرالماي. شاھ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

شاھ سەلتەنەتلىك تەختتە ئولتۇرۇپ شاھزادىنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇمۇ شۇ كەمگىچە مۇنداق قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىتنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەن، شۇڭا بىرپەس سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ، بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ ھۆسن - جامالىنى تاماشا قىپتۇ ۋە بىردىنلا ئۇنىڭمۇ ئۆز قولىدا قەتل قىلىنىدىغانلى-قىنى يادىغا ئېلىپ، شاھزادىنى رايىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ. شاھزادە بولسا ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۆز ئۆۋالىڭ ئۆزۈڭگە، — دەپتۇ شاھ ئاخىر بولماي ۋە ئۈچ شەرتىنى بىرمۇبىر دەپ بولۇپ، شاھزا-دىنى ھويلىغا باشلاپ چىقىپتۇ. ئاندىن، — سەن يارىدىغان كۆتەك مانا شۇ، ئاۋۇ پالتىدىن خالىغان بىرنى تاللىۋال، — دەپتۇ بىر ياققا قاتار تىزىپ قويۇلغان پالتىلارنى كۆرسىتىپ.

كەنجى شاھزادە ئىككىلەنمەيلا قاپ ئوتتۇرىغا تىزىقلىق پالتىدىن بىرنى ئاپتۇ. بوۋاي ئۆگىتىپ قويغان ئايەتنى ئوقۇپ شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى سېھىرلەپ قويۇپ، پالتىنىڭ ئورنىغا شەمشىرنى ئىشلىتىپ كۆتەكنى يەتتە پارە قىلىۋېتىپتۇ. كۆتەك پارە - پارە بولۇش بىلەن تەڭ قايسى زامانلاردىدۇر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان

پاتمان ـ پاتمان ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر ـ ياقۇتلار شا-
رىلداپ تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھنىڭ كۆزلىرى شادلىق-
تىن پارقىراپ كېتىپتۇ.

كەنجى شاھزادە ئەمدى ئىككىنچى شەرتنى ئورۇنداشنىڭ
تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ئۇ چۈمۈلە شاھى تەقدىم قىلغان
تىرناقنى كۆيدۈرۈپتۇ. ھايال ئۆتمەي چۈمۈلىلەر خۇددى لەش-
كەرلەردەك سەپ تارتىپ پەيدا بوپتۇ. شاھزادە ئەھۋالنى بايان
قىلىپ كېلىپ، بولسا شۇ كۈنىلا قۇم بىلەن تېرىقنى ئايرىپ
بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— بۇنداق ئۇششاق ـ چۈشەك مەشغۇلاتلار بىزنىڭ
كەسپىمىز، ھەممىگە ئاياندۇر بۇ توغرىدىكى تەپسىلاتىمىز،
قېنى قۇم قاچىلانغان تاغار، تېزرەك كۆرسەتكەيلا، شەپقەتچى-
مىز، — دېيىشىپ پەرمانبەردار بوپتۇ چۈمۈلىلەر.

كەنجى شاھزادە ئۇلارنى تاغارنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپ-
تۇ. چۈمۈلىلەر ئۇلىشىپ بىردەمدىلا قۇمنى ئۇياققا، تېرىقنى
بۇياققا ئايرىپ تاغارلارغا قاچىلاپ بېرىپتۇ. قەمەردىن شاھ



بۇنىڭدىنمۇ رازى بوپتۇ، بىراق ئىچىدە شاھزادىدىن ھەم ھەيران بوپتۇ. ھەم ئۇنىڭ ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇندىيالماسلىقىنى ئۈمىد قىپتۇ، چۈنكى ئاخىرقى شەرت ئورۇندىلىپ قالسا، پادىشاھ ھەر كۈنى يىگىتلەردىن كېلىپ تۇرىدىغان ئالتۇن - كۈمۈشتىن قۇرۇق قالىدىكەن. شۇڭا، ئۇ دەرگۇماندا غەمگە پېتىپ، ئاچچىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

دېمىسىمۇ، دېڭىز ئۈستىدە ھەشەمەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش خىيالي چۈشتەكلا بىر ئىش ئىكەن. كەنجى شاھزادە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە ھېچ يېتەلمەي، مەلىكىلەردىن مەسلىھەت ئالماقچى بوپتۇ. مەلىكىلەر بۇنىڭمۇ ئامالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. كەنجى شاھزادە چوڭ مەلىكە بەرگەن ئۈچقۇر ھاسىغا مىنىپ، ئالتە ئايلىق سەپەرنى بىر كۈندىلا بېسىپ كۆھقاپقا يېتىپ كەپتۇ. بۇ بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولۇپ، جاھاندىكى دىۋىلەر مۇشۇ ماكاندا ياشايدىكەن. كەنجى شاھزادىنىڭ كىرىش يولىنى ئۆمۈچۈك توسۇۋاپتۇ. شاھزادىمۇ بوش كەلمەي، شەمشىرى بىلەن ئۆمۈچۈك تورىنى كېسىپ تاشلاپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دىۋىلەر ئۇۋىسىغا بېسىپ كىرىپتۇ. چوڭ مەلىكە دېگەندەك، بۇ چاغ دىۋىلەرنىڭ ئۇيقۇ مەزگىلى ئىكەن، ئۇلار كەنجى شاھزادىنىڭ تىۋىشىنى سېزەلمەپتۇ. شاھزادە پەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، دىۋىلەرنىڭ جېنى قاچىلانغان شىشىنى ئېلىۋاپتۇ. دىۋىلەر شۇئان ئويغىنىپ، يىلان كەبى تولغىنىپ ئورنىدىن تۇرالماي قېلىشىپتۇ، ياۋۇزلۇقتا مادارى يەتمەي يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. شاھزادە دىۋىلەر ئۇدۇن شەھىرىنىڭ يېنىدىكى دېڭىز ئۈستىگە قەمەرىدىن شاھ ئېيتقاندەك بىر شاھ ئوردىسى سېلىپ بەرمىگۈچە جان قاچىلانغان شىشىنى قايتۇرۇپ بەر-

مەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دىۋىلەر شاھى ماقۇل كۆرۈپ، قە-
سەم ئىچىپ ۋەدە قىپتۇ، شۇنداقتىمۇ شاھزادە دىۋىلەر شاھى-
نىڭ جېنىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنىڭ جېنىنى قايتۇ-
رۇپ بېرىپتۇ. ئۇقرا دىۋىلەر ئۆز شاھى ئۈچۈن پىداكارانە
ئىشلەپ. شاھزادە كۆرسەتكەن ئورۇنغا بىر سېھرىي شەھەر
ياساپتۇ. قەمەرىدىن شاھقا بۇ شەھەر شۇنداق ياراپ كېتىپتۇ-
كى، شۇ كۈنىلا كۆچۈپ بېرىپتۇ ۋە كەنجى شاھزادىنى ئوردى-
غا چاقىرتىپ، نۇردۇن شاھ بىلەن قۇدىلىشىشقا رازى بولغان-
لىقىنى، شاھزادىنىڭ دادىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى ئۇقتۇرۇپ-
تۇ، نۆكەرلىرىدىن ئۇننى شاھزادىگە قوشۇپ يولغا ساپتۇ.
نۇردۇن شاھ كەنجى شاھزادىنىڭ يولىغا قاراپ تەلمۈرۈپ،
كەلمىگەنسېرى ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەنىكەن. ئوغلىنىڭ ئامان -
ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قەۋەت خۇش بوپتۇ.
بېشىدىكى غەم بۇلۇتلىرىمۇ تارقىلىپ، چىرايى بۈلەكچىلا
ئوچىلىپ قاپتۇ. قەمەرىدىن شاھنىڭ يەتمىش مەلىكىسىنى
ئۆزىگە كېلىنلىككە بەرمەكچى بولغىنىنى ئاڭلىغاندا بولسا،
كەنجى شاھزادىنى باغرىغا بېسىپ، يۈز - كۆزىگە سۆيۈپ:
«رەھمەت ساڭا، ئوغلۇم، سەن ئەسلىدە كەنجى باتۇر ئىكەن-
سەن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر كەنجى شاھزاد-
نى «كەنجى باتۇر» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، نۇردۇن شاھنىڭ بۇياقتىن، يەتمىش مە-
لىكىنىڭ ئۇياقتىن غەم - غۇسسىسى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى
شاھ پۈتۈشۈپ، پۇقرالىرىنى ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا
تەكلىپ قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈپ بېرىپتۇ. نۇردۇن شاھنىڭ يەتمىش ئوغلى ياش قورا-
مىغا يېقىپ، قەمەرىدىن شاھنىڭ يەتمىش مەلىكىسىنىڭ ياش
قورامى بويىچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بوپتۇ.

# قەھرىماننىڭ قىسسىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كەيۇمەرسنىڭ ۋاقتىدا، ئۇنىڭ خەلقلىرىنى دىۋە قوشۇنلىرى چاپ ـ چاپ قىلىپ تۇتۇپ كېتىشتى. كەيۇمەرس تالاپەتتىن دىلى مەھزۇن بولۇپ، غار ئىچىدە ئورۇن تۇتۇپ ياتتى. شۇ تەرزدە بىر يىل توشتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى غار ئىچىدىن: «ئەي كىشى. ئەمدى پەريادىڭنى توختاتقىن. ھوشۇڭغا كەل، بۇ ئالەمنىڭ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغىن، تەقدىرى قىسمەتكە بويسۇنغىن. بۇ ئازاب كۆلبەڭدىن چىقىپ، لەشكىرى تەييارلىقلارغا تۇتۇش قىلغىن، يەر يۈزىنى مەلئۇنلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاك ئەتكىن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

كەيۇمەرس بۇنى ئاڭلاپ تەخىرسىز ھالدا غاردىن چىقتى، قولىنى كۆتۈرۈپ خۇدايىتائالاغا شۈكۈر ـ سانالار ئوقۇدى، ئاللادىن سىيامەكنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تىلىدى، ئاندىن كېيىن تولۇق تەييارلىنىپ، بىھېساب لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى.

سىيامەك شاھنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ئىسمى ھۇشەڭ ئىدى. كەيۇمەرس ھۇشەڭنى ئېلىپ ماڭدى. كىشىلەر بەئەينى چۈمۈلە توپىدەك سەپ تارتىپ، دىۋىلەر تەرىپىگە يول ئالدى. دىۋىلەرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىھېساب لەشكىرى كۈچ بىلەن جەڭگە تەييارلاندى.

ئىككى سەپ لەشكەرلەر قەھرى بىلەن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. ھەيھات ! پالۋانلارنىڭ باشلىرى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى. ھۇشەڭ دېۋىلەرگە دەھشەت سېلىپ قولى بىلەن يەرگە شۇنداق ئۇرغانىدى، زېمىنغا نەقىش پەيدا بولدى، قانلار دەريا ـ دەريا بولۇپ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلەندى. ئامان قالغان مەلئۇنلار ھۇشەڭدىن جان تىلىدى. كەيۇمەرس، ئۇلار ئۇزاق دەشتكە كەتسۇن، ئادەم ئىزى يوق جايدا قارار تاپسۇن، دەپ پەرمان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مەلئۇنلارنىڭ بەزىسى مازاندىرانغا، بەزىسى كۇھىقاپ ئىچىگە يول ئالدى. شۇ جەڭدە ھۇشەڭنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى بىلەن كەيۇمەرس تىنچلىققا يۈزلەندى، دۆلىتى ئەمىنلىكتە ئۇزۇن داۋاملاشتى. قازارا، بۇ پادىشاھ ئاخىر تىرىكلىك ئالىمى بىلەن خوشلاشتى. ھۇشەڭ كەيۇمەرسكە سادىق ئىدى. ئۇ كەيۇمەرسنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇردى، ئادالەت بىلەن دەۋران سۈرۈپ، جاھاننى ئاۋات قىلدى، دەريالاردىن ئېرىقلار چىقىرىپ سۇ باشلاپ، زىرائەت تېرىشنى ئەلگە ئۆگەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىرقانچە يېقىنلىرى بىلەن تاغدا سەيلە قىلىۋېتىپ، يىراقتىن بىر قارا نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. يېقىن بېرىپ بىلدىكى، ئۇ ناھايىتى بەھەيۋەت بىر يىلان بولۇپ، ئادەمنى كۆرۈپ قاچتى. ھۇشەڭ ئۇنىڭغا بىر تاشنى كۈچ بىلەن ئاتتى. تاش تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئوت ئۇچقۇنى زاھىر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوت پەيدا قىلىشنى بىلدى ۋە ئادەملەرگە تائاملارنى ئوتتا پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەتتى. ئۇ مەدەن تاۋلاپ تۆمۈرچىلىك ھۈنەرلىرىنى گۈللەندۈردى، تۆمۈردىن قورال ـ سايمانلار ياساتتى. يەنە ئۇ تۆگىنى، كالىنى، ئاتنى، ئېشەكنى، بۆركۈننى، قارچىغىنى ئۆز خىلى بىلەن ئايرىدى. ئەر ـ ئاياللارغا ئۆز خىللىرىدا

كىيىم كىيىشنى بۇيرۇدى. ئىشلار شۇ تەرتىپكە چۈ-
شۈپ، شاھنىڭ ئىشلىرى يىلدىن - يىلغا راۋاج تاپتى.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن
كېيىن كەيۇمەرسنىڭ ئەجدادىدىن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىدى.
ئىسمى تەھمۇرەس ئىدى. تەھمۇرەستىن كېيىن تەخمىرات پا-
دىشاھ بولدى. تەخمىراتنىڭ زامانىسىدا شەيتان بىلەن دىۋىلەر
ئادەم زاتىغا ناھايىتى كۆپ زۇلۇم سالدى. تەخمىرات فەرۋىن
مەھلاكنىڭ قېشىغا بىرىپ شەيتان بىلەن دىۋىلەرنىڭ ئۈستى-
دىن ئەھۋال مەلۇم قىلدى. فەرۋىن مەھلاك بولسا، ھەزرىتى
ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدىن ئىلمىي تەخسىراتنى ئۆگەنگەن
خەلىپە بولۇپ، تەخمىراتنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا ئىلمىي تەخسىراتنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن دىۋىلەر-
گە تاقابىل تۇرالايدىغان بىر مەرد مەيدانغا كېلىپ، دىۋىلەرگە
ئەلەم يەتتى. دىۋىلەر شەيتانغا دەرد ئوقۇشتى. ئىبلىس بىر
ئاھ ئۇرۇپ ئېيتتى:
— مەنمۇ ئادەمزاتتىن كۆپ ئازار يېدىم. سىلەر ئۇرۇشۇپ
ئۇلار بىلەن تەڭ بولالمايسىلەر. مەن سىلەرگە بىر ھىيلىنى
ئۆگىتىپ قوياي: سىلەرنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىڭلار فەرۋىن
خەلىپىدۇر، سىلەر ئۇنىڭ يېنىغا بارالمايسىلەر، چۈنكى ئۇ
بۇزرۇك ھەمىشە تائەتكە مەشغۇلدۇر، پەرىشتىلەر دائىم ئاڭا
ھەمراھتۇر. لېكىن، سىلەر تەخمىراتنىڭ پېيىدە بولۇڭلار،
چۈنكى ئۇ پادىشاھ ھەمىشە ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇلدۇر.
ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق بىر ئوغلى بار، ئېتى قەھرىمان، ئۇنى
قولۇڭلارغا كەلتۈرۈڭلار، شۇندىلا مەقسەتكە يېتىسىلەر.
دىۋىلەر بۇ مەسلىھەتنى خوپ كۆرۈشتى. تەخمىرات پادى-
شاھنىڭ ئوغلى قەھرىمان ئۈچ ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھۆسن -
قامەتتە تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇرۇش بابىدا ئەجدىھامۇ ئاجىز

كېلەتتى. تەخمىراتنىڭ بىر ئەۋرىسى بار ئىدى، ئىسمى قەھ-
تىران ئىدى. ئۇ قەھرىماندىن تۆت ياش چوڭ ئىدى. ئۇلار
ھەمىشە بىرگە ئوينايتتى. بىر كۈنى بۇ ئىككى شاھزادە چار-
باغدا ئويناپ يۈرگەندە، دىۋىلەر ئۇلارنىڭ قەستىگە چۈشتى.
قەھتىران چوڭ بولغاچقا تۇتۇق بەرمىدى. دىۋىلەر قەھرىماننى
تۇتۇپ كەتتى. شۇم خەۋەر تەخمىرات پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا
ئاڭلاندى. پادىشاھ قاتتىق بىئارام بولۇپ، يول - يولغا كىشى
قويۇپ، ھەر تەرەپتە ئىزدىدى، ئەمما تاپالمىدى. ئاخىر تەخ-
مىرات شۇ ھەسرەتتە ئالەمدىن ئۆتتى. تەخمىرات ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇرادىرى گەرشاسىپ ئورنىغا پادى-
شاھ بولدى.

دىۋىلەر قەھرىماننى كۆھقاپتىكى سەھرايى ھەيھات دېگەن
جايغا ئېلىپ باردى. دىۋىلەرنىڭ مەقسىتى ئۇنى پەرۋىش قى-
لىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئادەمزاتتىن ئۆچ ئېلىش ئىدى.
قەھرىمان دىۋىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئون ئۈچ ياشقا كىردى.
ئۇ شۇنداق پالۋان بولدىكى، ھېچكىم ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ
قارىيالمايتتى. ئۇ تۆمۈردىن ۋەزنى بەش يۈز پاتمان كېلىدىغان
بىر ئوموت، مىڭ پاتمان كېلىدىغان گۈرزىنى ياساتتى. ئۇ
قىرىق جۈپ ئۆكۈزنىڭ بويىنىغا زەنجىر باغلاپ، ھەممىسىنى
ئالدىغا تارتىپ كېلەتتى. گاھىدا زەنجىرنىڭ ئۇچىنى بېلىگە
باغلاپ، ئونلىغان پالۋاننى تارتقىلى سالاتتى. دىۋىلەر قەھرى-
ماننى ئەكېلىپ خېلى زامان پەرۋىشلەپ باقتى. ئۇنى بارلىق
ئامال - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۆزلىرىگە رام قىلىشنى
ئويلايتتى، لېكىن ئۇ رام بولمىدى. قەھرىمان دىۋىلەردىن
گۇمان بىلەن سورىدى:

— مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. راست سۆزلەڭلار. مەن
كىم بولىمەن؟ نېمىشقا سىلەر بىلەن بىرگە يۈرىمەن؟

دېۋىلەر جاۋاب بېرىشمىدى. دېۋىلەرنىڭ ھەممىسى، بۇ بەچچىخەر بىلىپ قالسا بىزنى تىرىك قويمايدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشتى. شۇ كۈنلەردە گەرشاسىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ھۇشەڭ شاھ بۇ سەلتەنەتنىمۇ قولىغا ئالدى. ھۇشەڭ شاھ قەھتىرانىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئالتە ئىقلىمنى تەسىرىگە ئالدى. كۆپلىگەن پادىشاھلار يۇرتىنى تاشلاپ ھىندىستانغا قېچىشتى. ئۇلار ھىندىستان پادىشاھى راي ھىندىگە ھۇشەڭنى يامانلاپ شىكايەت قىلىشتى. شىكايەتنى ئاڭلاپ راي ھىندى دەرغەزەپ بولۇپ، تەييارلىق قىلىڭلار، ھۇشەڭنى تەسلىم قىلماي قايتمايمەن، دەپ پەرمان قىلدى. تەييارلىقلار پۈتكەندە، يۈز مىڭ باھادىر ئوتتۇزمىڭ پىل بىلەن يولغا چىقتى. بۇ خەۋەر پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. پادىشاھ ھۇشەڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مېنىڭ مەقسىتىممۇ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەرلەرنى ئېلىش ئىدى، ئەمدى ياخشى باھانە بولدى، دەپ خۇشال بولدى ۋە دەرھال



لەشكەر باشلاپ ھىندىستان تەرەپكە ئاتلاندى. پادىشاھ راينىڭ خەلقلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ رەڭگىرويى سامان بولدى. راي ھىندى بۇلارنىڭ ئەپت ـ ھالىنى كۆرۈپ قەھ ـ قەھ ئېتىپ كۈلدى ۋە:

— ئەي خالايىق، ھودۇقماڭلار، مانا ئەمدى ھۇشەڭنىڭ ئەجىلى توشتى ! — دېدى.

ئەلقىسسە: ھۇشەڭ پادىشاھ ئۈچ يىللىق ئوزۇق ئېلىپ، دىۋىلەر قەھرىمانىنى ئېلىپ ماڭغان يول بىلەن يۈرۈش قىلدى. دەل شۇ مەنزىلدە ئاجايىپ تاسادىپىيلىق يۈز بەردى — قەھ- رىمان ئۇ يەردە يول ئېغىزىدا يالغۇز قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا رەڭمۇرەڭ ئەلەملەر نامايان بولدى. قەھرىمان كېلىۋات- قان ئەزىم لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇلارنى تاماشا قىلىپ تۇردى. ئۇ ئالدىدا سەكسەن مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىۋاتقان باھادىرنى كۆردى. ئۇ سىرىق كەركىدانغا مىنىۋالغان بولۇپ، تاج ۋە لىباسلىرى ناھايىتى ياراشقانىدى.



قەھرىمان تېخىمۇ قى- زىقىپ، يول- نىڭ ئېغى- زىدا قاراپ تۇردى. قەھ- رىمانىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن بىر باھادىر ئې- تىنى چاپ- تۇرۇپ ئۇ-

نىڭ قېشىغا كەلدى. باھادىرغا بۇ يىگىت يولىنى توسۇپ تۇرغاندەك، لەشكەرلەرگە غەزەپ بىلەن قاراۋاتقاندەك كۆرۈندى ۋە سورىدى:

— ئەي ئادەم، بۇ ئۇلۇغ لەشكىرىي ئەزىمدىن قورقماي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ !

قەھرىمان ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى، ئۇنىڭ دىلى ئازار يېگەندى. قەھرىمان دەرغەزەپ نەرە تارتىپ دەھشەت كەلتۈردى ۋە:

— ھەي ھارامزادە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى.

لەشكەر:

— ئەي يىگىت، بىردەم ئاشۇنداق تۇرغىن، ھازىرلا بىلىسەن، — دەپ قايتتى. قەھرىمان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ، ئۇنىڭ كەمەرىدىن تارتىپ ئاتتى-ن چۆشۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى لەختە - لەختە بولدى. لەشكەرلەر ھۇجۇم ياندۇرماقچى بولغانىدى، دەھشەت ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ، يەر - جاھان تىترىگەندەك مەلۇم بولدى. باھادىرلارنىڭ ئىچىدە كۆپنى كۆرگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئارىغا چۈشۈپ قەھرىمانغا مۇنداق دېدى:

— ئەي پالۋان، بىلگىنكى، شاھ ھۆشەڭدەك پادىشاھ بۇ زامانلاردا يوق. شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلماق ساڭا زىيانلىق. لەشكەرلىرىمىز ئىچىدە بىر باھادىر بار. ئۆزۈڭنى بىلىپ ئىش قىل، ئۇنىڭ ئېتى بەھرام جەبىلدۇر.

قەھرىمان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— ئەي يارامسىز، مەن بىلەن جەڭ قىلغىلى ئەجدىھا بولسىمۇ ئەكەلگىن. بەھرام، ھۆشەڭ دېگەنلەر نېمىتى؟ ! — دەپ جەڭگە كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي قەھرىمان كەركىدان مىنىۋالغان سەكسەن مىڭ لەشكەرنى قىرىپ تاشلىدى. بەھرام

بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇ بۇ غوۋغانى ئاڭلاپ كېلىپ كۆردىكى، لەشكەرلەر قېچىپ كېلىۋېتىپتۇ، بىر پالۋان يىگىت ئادەم ۋە نەرسىلەرنى گۈرزە بىلەن يەكسان قىلىپ، ئىككى قولىدا بىردىن ئادەمنى كۆتۈرۈپ پەلەكتە چۆرگىلىتىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ مەلەق ـ مەلەق قىلىۋېتىپتۇ. بەھرام ھوشىنى يىغىپ، ئوڭ قولىدا نەيزە، سول قولىدا قالقان تۇتۇپ كەركىدانىنى مەيدانغا سۈردى ۋە قەھرىماننىڭ بېشىغا توختىماي گۈرزە ئۇردى. قەھرىمان شۇ كەمگىچە بىر كىمدىن مۇنداق زەربە يېمىگەنىدى. ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، بەھرامغا ئارقا ـ ئارقىدىن گۈرزە ئۇردى. بۇ ئىككىسى شۇنداق ئۇرۇشۇپ كەتتى. شۇ چاغدا پادىشاھ ھۇشەڭگە بىرى خەۋەر بېرىپ:

— ئەي پادىشاھ، بەھرام يولىنىڭ ئېغىزىدا بىر جانباز بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بىزدىن مىڭلىغان كىشى زەخمىدار بولماقتا. لېكىن، ئۇ ئىككىسى توختىماي جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق جەڭ بولىۋەرسە، لەشكەرمۇ، بەھراممۇ تۈگىشىدۇ، — دېدى. پادىشاھ ھۇشەڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران بولدى ۋە:

— تۇۋا، تەنھا ھالدا ئۇلۇغ لەشكەرلەرگە جەڭ باشلىغان قانداق پالۋاندۇ ئۇ؟ بەھرام زامانەمدە يەتتە ئىقلىمنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن كۆپ ئۇرۇشتى، جاھاندا نۇرغۇن پالۋانلارنى ھالاك قىلدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. ئەمدى بۇ نېمە سەتچىلىك؟ ! ئەي پالۋانلار، باھادىرلار، بۇنىڭدىن ھەرگىز غاپىل بولماڭلار ! — دېدى. ھۇشەڭنىڭ پالۋانلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ كېڭەشتى. ئۇلار:

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر ھېكمەت بار. بولمىسا تەنھا بىر ئادەم بۇنداق ئۇلۇغ لەشكەرگە ھۇجۇم قىلالماس ئىدى. ئەي

پادىشاھ، ئەمدى بىزگە ئىجازەت بېرىڭ، ــ دېيىشتى. ھۇشەڭ:
ــ خۇداغا تاپشۇردۇم، بېرىڭلار، بۇ جەڭگە مەنمۇ باردىمەن، ــ دېدى. ئارىدىن قەھتىران پادىشاھنىڭ نەزەرىدە تۇرۇپ ساۋۇتلىرىنى كىيدى. پادىشاھقا تەزىم قىلىپ، ياخشىلاردىن دۇئا تىلىدى، ئاندىن پىلغا مىنىپ جەڭگاھقا كېلىپ كۆردىكى، بىر پالۋان بەھەيۋەت جەڭ قىلىپ تۇرۇپتۇ. كۆرگەن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قىرىق بەش گەز بويى بار بۇ پالۋان بەھرام بىلەن تېخىچە جەڭ قىلىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا قەھرىمان بەھرامنى ئاتتىن ئۈزۈۋېلىپ، بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، مەيداننى نەچچە ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇردى. لەشكەرلەر ئارىسىدا سەھراب دېگەن بىر پالۋان بار ئىدى. ئۇ نەرە تارتىپ مەيدانغا كىرىپ قەھرىماننىڭ بېشىغا بىر گۈرزە ئۇردى، قەھرىمان ئۇنىڭ گۈرزىسىنى ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ تاش ئاتقاندەك ئېتىۋەتتى. شۇ تەرزدە ئارقا - ئارقىدىن چۈشكەن پالۋانلار بىر زەرب بىلەن بىر - بىرلەپ ھالاك بولۇشتى. ھېچكىم قەھرىمانغا تەڭ كېلەلمىدى. پادىشاھ ھۇشەڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆزى ئېلىشماقچى بولدى. قەھتىران پادىشاھنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ:
ــ ئەي پادىشاھىئالەم، غاپىل بولما، ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن باراي، ــ دېدى. پادىشاھ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قارا ئېتىغا مىنىپ مەيدانغا قاراپ راۋان بولدى. قەھرىماننىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بەردى. قەھرىمان ھەم ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب بەردى. قەھتىران كۆردىكى، ئالدىدىكى يىگىتنىڭ يۈزىدە بىر خىل ئىللىقلىق زاھىر ئىدى. قەھرىمانمۇ قەھتىراننىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئىسسىقلىق ھېس قىلغاندەك بولدى. قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ چاغقىچە كىشىگە ئاشىنالىق بولمىغانىدى، ئەمما شۇ دەمدە ئۇنىڭ

دىلىدا مۇھەببەت پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇلار بىر ھازا قا-
رىشىپ تۇرغاندىن كېيىن:
— ئەي پالۋان. شۇنچە لەشكەرلەرنى قىردىڭ، قەستىڭ
نېمە؟ ئاخىر خىجىل بولارسەنمىكىن؟ ھۆشەڭ شاھقا دۈشمەن-
لىك قىلما. ئەي يىگىت، كەلگىن، سېنى پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ
خىزمىتىگە ئېلىپ باراي، گۇناھىڭنى تىلەپ، پادىشاھقا قە-
دىردان قىلاي. ئەمدى غەزەپلىنىشنى قوي، — دېدى.
قەھرىمان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:
— ئەي پالۋان، مەن كىشىنىڭ سۆزىگە كىرىپ باقمى-
غان. لەشكەرلەردىن قورقۇپ مەيداندىن يانمايمەن. مېنىڭ
مۇددىئايىم ئادەمزاتنىڭ قېنى بىلەن بۇ يەرنى بوياش، — دې-
دى. قەھتىران بۇ قانخورنى بىر ئەدەپلەپ قوياي دەپ، قەھرى-
مانغا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا گۈرزە ئۇردى. قەھرىماننىڭ
ئۇستىخانلىرى لەرزىگە كېلىپ بىھوش بولغاندەك بولدى.



قەھتىران كۆچ ئۈستىگە كۆچ يىغىپ قەھرىماننىڭ ئۈستىگە يەنە بىر گۈرزە ئۇردى. ئەگەر بۇ گۈرزە تاغقا تەگكەن بولسا تاغمۇ پارە ـ پارە بولار ئىدى، لېكىن قەھرىماننىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمىدى. پادىشاھ ھۇشەڭ بۇ باھادىرلىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە يا ھەزرەت، قەھتىرانمۇ بۇ قېتىم تەڭدىشىدىنى كۆردى، دەپ ئويلىدى. قەھرىمان تېخىچە گۈرزە ئۇرمىغاندى، ئۇ:

— ئەي نامدار پالۋانىم، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، — دەپ خىتاب قىلىپ گۈرزە ياغدۇردى. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ پالۋانلىرى قەھتىراندىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. قەھتىران تەۋەككۈلنى خۇداغا باغلاپ، گۈرزىسىنى قەھرىماننىڭ گۈرزىسىگە توغرىلاپ تۇتتى. قەھرىمان توساتتىن كەلتۈرۈپ بىر گۈرزە ئۇرغانىدى، قەھتىراننىڭ بېشىغا تاغ ئۆرۈلگەندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ جەڭ قىلدى. بۇ ئىككى پالۋاننىڭ قوراللىرى ئۇرۇلۇپ، پارچە ـ پارچە ئوتلار ھاۋاغا ئۆرلەيتتى.

قەھرىمان پادىشاھنىڭ قېشىغا تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ، دەھشەت بىلەن گۈرزە ئوينىتتى. ھەممەيلەننىڭ ئەس ـ ھوشى قېچىپ، يۈرىكى قېپىدىن قوزغالدى ۋە ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. پالۋانلار پادىشاھنى دالدىغا ئالدى. ئىككى پالۋان جان ئاچچىقى بىلەن ئەتىدىن ـ ئاخشامغىچە جەڭ قىلدى. ئاخىر قەھرىمان دەرغەزەپ بولۇپ قەھتىراننىڭ بېلىدىن تۇتتى. ھۇشەڭ شاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماي، قولىغا قىلىچ ئېلىپ تامام لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلاندى. قەھرىمان چەبدەسلىك بىلەن قەھتىراننى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ يەرگە تاشلاپ، لەشكەرلەرگە ئۆزىنى ئۇردى. بۇ كۈنى جەڭ ساق بىر كۈن داۋاملاشتى. تاڭ ئاتتى، ئەتىسى يەنە جەڭ تۈگىمىدى. قەھرىماننىڭ بەدىنى نەچچە يەردىن زەخمدار بولدى. ئۇ

نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، بىر چەتتە قاراپ تۇردى. لەشكەرلەردە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇدەك جۇرئەت قالمىغانىدى. يەنە كەچ بولدى. قەھرىمان غالىبانە ھالدا تاغ تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى، ساۋۇتلىرى قان بولۇپ كەتكەنىدى. قەھرىمان بىر بۇلاقنىڭ قېشىغا بېرىپ خەنجىرىنى تاشقا ئۇرۇپ ئوت ياندۇرۇپ سۇ ئىسسىتىپ ئۆزىنى يۇدى، ئاندىن جاراھەتلىرىنى تاڭدى.

پادىشاھ ھۇشەڭ ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كېلىپ تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ، سەركەردىلەرگە قاراپ:

— بىز ھىندىستان يولىدا شۇنداق بالايىئەزىمگە يولۇقتۇق، تەنھا بىر ئادەم شۇنچە لەشكەر بىلەن جەڭ قىلىپ، شۇنچە باھادىرلارنى ھالاك قىلىپ جەڭگاھتىن غەمسىز چىقىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى يىراق - يېقىندىكىلەر ئاڭلىسا، بىزگە سەت ئەمەسمۇ؟ ! — دەپ ھەسرەت چەكتى.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دېدى قەھتىران، — ئىجازەت بەرسىلە، غۇلاملار بىلەن بېرىپ ئۇ باھادىرنى خىزمەتلىرىگە كەلتۈرسەم.

پادىشاھ ئىجازەت بەردى. قەھتىران گەردان كەشان باشلىق بىرنەچچە ھەييارنى ئالدىن يولغا سېلىۋېتىپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ قارىسا، قەھرىمان بۇ جايدا بەخىرامان ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئۇلار قەھرىماننىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى، قەھرىمانمۇ بىر شەپىدىن ئويغىنىپ ئۇلارنى كۆردى. قەھتىران ئەدەپ بىلەن يىراقتىن سالام بېرىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. قەھرىمان ئۇنى كۆرۈپ دىلىغا مۇھەببەت ئوتى ئورۇلغاندەك بولدى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قەھتىراننىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن چىرايلىق كۆرۈشتى. قەھرىمان قەھتىراننىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىدا

ئولتۇرغۇزدى ۋە شىكار ئولجىلىرىنى پىشۇرۇپ ئۇلارنى مېھ-
مان قىلدى. غىزادىن كېيىن قەھرىمان سورىدى:

— سىلەر كىملەر؟ قايسى يۇرتتىن. قايسى تەرەپكە ماڭدىڭلار؟
قەھتىران ئەدەپ بىلەن:

— ئەي پالۋان، بىزلەر ئىران تەرەپتىن كەلدۇق. بىزنىڭ
پادىشاھىمىز ھىندىستان مەملىكىتىنى بويسۇندۇرۇشنى نىيەت
قىلغانىدى. بۇ يەردە ئۆزلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇق. ئۆزلىرىد-
نىڭ نام - نىشانىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟ — دېدى. قەھرىمان:

— راست سۆزۈم شۇكى، مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن، مەن
دىۋىلەرنىڭ ئارىسىدا، كۆھىقاپتا، سەھرايىھىماتتا چوڭ بول-
دۇم، — دېدى. قەھتىران بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چوڭقۇر بىر ئاھ
ئۇرۇپ:

— ۋاي جىگەر گۆشۇم، ئۆزلىرى كىمنىڭ نەسلىدىن؟ —
دەپ سورىدى.

— ئەي پالۋان، مەن بۇ يەرگە كەلگەندە ئۈچ ياشتا ئى-
دىم. ئەمدى بىلسەم، دىۋىلەر مېنىڭ ئاتامغا دۈشمەن ئىكەن.
ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ مېنى ئوغرىلاپ بۇ يەرگە ئەكېلىپتۇ.
ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاتامنىڭ ئىسمى پادىشاھ تەخمىرات ئى-
دى، — دېدى. قەھتىران بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئوتتا كۆيگەن-
دەك بىھوش بولۇپ قەھرىماننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، خېلىدىن
كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— ئەي قەھرىمان، ئەزىز تۇغقىنىم، مەن قەھتىران ئە-
مەسمۇ، مەن يادىڭدىمۇ؟ — دەپ ئۆزىنى قەھرىماننىڭ قۇچى-
قىغا تاشلىدى.

ئۇلار تونۇشۇپ قاتتىق يىغلاشتى. ھەييارلار ھەيران قېلىشتى.

— جىگەر گۆشۇم، ئەزىز پۇشتۇم، — دېدى قەھتىران. —
مانا ئەمدى دىدار كۆرۈشتۇق. سېنى پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا

باشلاپ باراي، بىز ساڭا مۇشتاق، پادىشاھىمىز ساڭا ئىنـ. تىزاردۇر.

قەھرىمان تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. قەھتىران بىر ھەييار. دىن پادىشاھقا خەۋەر يوللىدى. ھەييار يېتىپ بېرىپ، پادىشاھقا:

— جانابىي پادىشاھئالەم، ھېلىقى باتۇر تەخمىرات پادى. شاھنىڭ پەرزەنتى قەھرىمان ئىكەن، — دېدى. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن خەۋەر ئەكەلگەن ھەييارغا ئىنـ. ئام بېرىپ، بارچە پالۋان ۋە لەشكەرلەرنى ئېلىپ قەھرىماننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. قەھرىمان پاسىبانلار بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇ بەھرامنى كۆرۈپ قەھتىراندىن سورىدى:

— ئەي جىگەر گۆشۈم، بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟

— ئەي جىگەر گۆشۈم، ئۇنىڭ ئاتا نەسلى ئادەمزات، پا. دىشاھ زاتىدۇر. ئانا نەسلى پەرى نەسلىدۇر. بۇ پالۋان يىـ. گىرمە تۆت يىل تاش سۈرىتىدە ياتتى، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يەنە ئۆز ئەسلىگە كەلدى، — دېدى قەھتىران. قەھرى. مان سەۋەبىنى سورىدى. قەھتىران جاۋاب بېرىپ:

— ئۇ بىر قىزغا ئاشىق بولغان. بىر جادۇگەر ئۇنى مە. شۇقى بىلەن قوشۇپ سۈرەتكە مۇبەددەل قىلىۋەتتى. يىگىرمە تۆت يىل ئۆتكەندە گەردان كەشان ئۇ جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى، — دېدى. قەھرىمان گەردان كە. شاننىڭ كارامىتىگە ھەيران بولدى ۋە ۋاقتى كەلگەندە تەپسى. لىي سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. قەھتىران رازىلىق بىلدۈ. رۈپ قەھرىماننى ئاتتىن ئاۋايلاپ چۈشۈردى ۋە ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىشتى. پادىشاھ سەك. كىز پايىلىق تىللا، لەئەل - ياقۇت ۋە جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. يەتتە ئىقلىم پادىشاھ. لىرى يېرىم دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە

سولىدا يۈزلەپ ۋەزىر ۋە تاجدارلىرى بار ئىدى. قەھرىمان پا-
دىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى. پادىشاھمۇ تەختىدىن
چۈشۈپ قەھرىماننىڭ ماڭلىيىغا سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا ھەممىدىن
يۇقىرى ئورۇن بەردى. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە قەھتىران، ئۇنىڭ تۆ-
ۋىنىدە بەھرام جەبىل، ئاندىن يەتتە مىڭ يەتتە يۈز پالۋان
ئولتۇرۇشتى. ئاندىن شاھزادىلەر، ۋەزىرلەر، دانىشمەن - مۇ-
نەججىملەر رەت - رېتى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. قەھرىماذ-
نىڭ شەرىپىگە مول داستىخان ۋە شېرىن - شەربەتلەر تار-
تىلدى، نەغمە - سازلار، ئۇسسۇل - تاماشىلار ئەۋجىگە چىق-
تى. ئارىدا ھۇشەڭ شاھ قەھرىمانغا بىر يۈرۈش چېدىر -
بارگاھ، خەزىنە، تۇغ - ئەلەم، ياراغ - جابدۇق ۋە قىرىق مىڭ
لەشكەر ئىنئام قىلدى. قەھرىمان پادىشاھنىڭ بۇ كاتتا ئىل-
تىپاتلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— ئاۋۋال كۆھقاپ دىۋىلىرىنى يوقاتساق، ھىندىستاننىڭ ئىشى ئاسان بولاتتى، — دېدى قەھرىمان. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە قىرىق مىڭ لەشكەر قوشۇپ بەردى.

ئەلقىسسە: پالۋانلار گەردان كەشاننىڭ باشچىلىقىدا ئۇنى مۇبارەكلەشتى. قەھرىمان مىننەتدار بولۇپ بەزمە تۈزدى. شارابلار ئىچىلدى. قەھرىمان گەردان كەشاندىن بەھرامنىڭ دۇئايىبەت بولۇپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىش ۋەقەسىنى سورىدى. گەردان كەشان:

— ئەي پالۋان، بۇ ئاجايىپ بىر ھېكايە. — دەپ سۆز باشلىدى، — جەبىلى كىبىر دەپ بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ-
نىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئىسمى قەمەررۇخ ئىدى. ئۇرۇش ئە-
مەللىرىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. بۇ نازىنىننىڭ
شۆھرىتى ئالەمگە تارقالدى. شاھزادىلەر، پالۋانلار ئۇنىڭغا غا-
يىبانە ئاشىق بولۇشاتتى، ئەلچىلەر ئەۋەتىشەتتى. ئەمما بۇ

قىز قوبۇل كۆرمەيتتى. ئۇ كەلگەنلەرگە:

— ئەگەر كىم مېنى ئىختىيار قىلسا، ئۇ باھادىرلىق بىلەن مېنى يەڭسە، ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىمەن، — دەيتتى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ بولالماي قايتاتتى. گۈلىستانى ئېرەمنىڭ بىر پادشاھى بار ئىدى، ئىسمى شەھبال ئىدى. ئۇمۇ ئاشىقى بىقارار بولدى — دە، قېرى دەللەلەرنى ئىشقا سېلىپ، قىزنى بۇلاپ ئېلىپ قېچىپ ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋال-دى. قەمەررۇخ شەھبالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۆزىنى زۇلۇم بىلەن ئەكەلگىنىگە نارازى بولۇپ:

— مېنى نېمىشقا زۇلۇم بىلەن ئەكېلىسەن؟ ئەگەر ئاشىق بولساڭ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شەرتىمگە ئەمەل قىلمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مەلىكە، شەرتىڭ نېمە، قېنى ئېيتقىن ! — دېدى شەھبال.

— شەرتىم شۇكى، مېنى باھادىرلىقىڭ بىلەن يەڭ، ئاند-دىن ئىختىيارىمنى ساڭا بېرىمەن، — دېدى مەلىكە. شەھبال-مۇ پالۋان كىشى ئىدى. ئىككىسى شىددەت بىلەن جەڭلەر ئې-لىپ بېرىشتى. ئاخىر شەھبال غالىب كەلدى، قەمەررۇخ قايىل بولدى. شەھبال مەلىكىنى نىكاھىغا ئالدى. نەچچە زامانلار ئۆ-تۈپ، قەمەررۇخ شەھبالدىن ھامىلىدار بولدى.

كوھقاپتا بىر دىۋە بار ئىدى. ئۇ شەھبالغا دۈشمەن ئىد-دى. ئۇ شەھبالنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ قەمەررۇخنى ئېلىپ قاچتى. قەمەررۇخ يۈزىدىكى نىقابىنى يىرتىپ، بويى سەكسەن گەز كېلىدىغان بىر بەتبەشىرىنى كۆردى. دىۋە قەمەررۇخنى قاماپ قويدى. قەمەررۇخ قاماقتا بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئوغلىد-غا بەھرام جەبىل دەپ ئىسىم قويدى. دىۋە بۇنى ئاڭلاپ:

— بۇ بەچچىخەرنى دەرياغا تاشلاڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى.
دىۋىلەر بوۋاقنى ئەكېلىۋاتقاندا، سۇلتان ئەملەھاياتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى. ئەملەھايات بوۋاقنى دىۋىلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆز ۋىلايىتى — رۇبىئى مەسكۇنغا ئەكېلىپ ئى-نىكئانىنىڭ قولىغا بەردى. ئىنىكئانا ئۇنى پەرۋىش قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بەھرام دىۋە دەپ ئات قويدى. بەھرام بالاغەتكە يېتىپ شۇنداق پالۋان، بەقۇۋۋەت چوڭ بولدى. كېيىن دىۋىلەر ھۇ-جۇم قىلىپ كېلىپ، ئەملەھاياتنى ۋەيران قىلىپ بەھرامنى ئەكەتتى. شەھبال بالىسىنى ئەكېلىشكە پەرىلەرنى نەچچە رەت ئەۋەتكەن بولسىمۇ، دىۋىلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىدى. بەھرام ئۆزى تەنھا بولسىمۇ، دىۋىلەرگە تۇتۇق بەرمەي ئۇلارنى پاراكەندە قىلدى. دىۋىلەر ئاخىر بەھرامنى باشقۇرالمىدى.



بەھرام يالغۇز جەزىرىلەرنى كېزىپ، چىن ۋىلايىتىگە كەلدى. ئۇ چىن پادىشاھىنىڭ قىزىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولدى. بەھرام ئىززەت بىلەن شاھقا ئەلچى ئەۋەتتى. چىن پادىشاھى بۇنى زادى قوبۇل كۆرمىدى. بۇ ئىش بەھرامنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى ــ دە، پادىشاھ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ، قىزنى بىرىشكە قىستىدى. چىن شاھىنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق نومۇسى كېلىپ بىتاقەت بولدى ۋە ئەزرەق جادۇ دېگەن جادۇگەردىن مەدەت تىلەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەزرەق جادۇ لەشكەر تارتىپ چىن ۋىلايىتىگە كېلىپ سېھىر قىلىپ بەھرامنى تۇتۇۋالدى. پادىشاھ خۇشاللىقىنى باسالماي ئەزرەق جادۇغا ھېسابسىز مەدھىيە ۋە ئىنئاملارنى قىلدى. ئاندىن بەھرامنى ھالاك قىلساڭ، دەپ ئۆتۈندى. پادىشاھنىڭ قىزى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاقەت قىلالمىدى، چۈنكى قىزنىڭ يۈرىكىدە بەھرامغا بولغان مۇھەببەت قايناپ تۇراتتى. قىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغۇچە ئۆلگىنىم خوپتۇر، دەپ بەھرامنىڭ قوينىغا ئۆزىنى تاشلىدى. قىزنى شۇنچە زورلۇق بىلەن ئۇرۇپمۇ بەھرامدىن ئاجرىتالمىدى. ئەزرەق جادۇ، مەن بىر سېھىر قىلاي، بۇلار ئۆلگەندىنمۇ زىيادە بولسۇن، دەپ ئىككىسىنى يالىڭاچ قىلىپ بىر سەھرانىڭ يول بېشىدا بىر ـ بىرىگە قارىتىپ، ئىككىسىگە سېھرىي دەمىدە قىلىپ ئۇلارنى تاشقا ئايلاندۇردى.

بۇ ھېكايە قەھرىمانغا قاتتىق تەسىر قىلدى. بىرىپەس جىملىقتىن كېيىن، بىر پالۋان ھېكايىنى داۋاملاشتۇردى:

پادىشاھىمىز مۇھتەرەم ھۇشەڭ چىن ۋىلايىتىنى ئالماق بولۇپ لەشكەر تارتىپ كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە تاشقا ئايلانغان ئاشىقلارنى كۆرۈپ، بۇنىڭ نېمە ئىشلىكىنى سوراپ قالدى. پادىشاھ بۇ ھەقتىكى ھېكايەتلەرنى ئاڭلاپ چەكسىز

ئەپسۇسلۇق بىلدۈرۈپ:
— بۇلارنىڭ جېنى بارمۇ، يوق؟ — دەپ سورىدى. تۇر-غانلار ئېيتىشتى:
— جېنى باردۇر. بۇ ئىككى ئاشىق يىگىرمە تۆت يىلدىن بېرى مۇشۇنداق تۇردى. ئاپتاپ چىقسا مىدىرلاپ نالە - پەرياد قىلىدۇ. ئادەملەر بۇلارنىڭ نالىسىگە تاقەت قىلالماي يىغلىشىدۇ.
ئەلقىسسە: پادىشاھ ھۇشەڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كېچىسى بىر قىسما بولۇپ ياتتى. ئەتىسى ئاپتاپ چىقتى، تاشقا ئايلان-غان ئاشىقلاردىن پەرياد كۆتۈرۈلدى. لەشكەرلەرمۇ يىغلاشتى. ھۇشەڭ بۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ۋەزىرلىرىگە ئېيتتى:
— بۇ ئاشىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟
— پادىشاھىئالەم، بۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بەك مۇش-كۇلدۇر. ئەزرەق جادۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ ئاشىقلارنىڭ ئۇستىگە قېنىنى تېمىتسا ئەسلىگە يېنىشى مۇمكىن، — دېيىشتى ۋە-زىرلەر. پادىشاھ ھۇشەڭ بۇنى ئاڭلاپ:
— ھەركىم بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلسا، ئۇنىڭغا ھاياتلىقىم-نى سەرپ قىلىمەن، — دېدى. پادىشاھنىڭ مېھرىبانلىقىنى كۆرگەن شەھەر خەلقى، دەريايى مۇھىتنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۇھىئاتەشتە ھېلىقى جادۇگەر ئەزرەق بارلىقىنى، ئارىدا يەتتە دەريايى ئەزىم بولۇپ، ھەر دەريادا بىرقانچە بالا - قازا ۋە يوللىرىدا ئاجايىپ - غارايىپلار بارلىقىنى ئېيتىشتى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ، جادۇگەر ئەزرەقنى يوقىتىش ئۇچۇن تەييارلىنىشنى ئېيتتى ۋە:
— ئەي يارەنلىرىم، ئۇ لەئىن كىشىلەرگە شۇنچە زۇ-لۇملارنى قىلسا، مەن بىر پادىشاھ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىسام بولمايدۇ. — دېدى - دە، قار - يامغۇر يىغلىدى. ئارىدا شەرىپ ھەكىم دەپ بىر ھۆكۇما بار ئىدى. ئۇ:

— ئەي پادىشاھىم، بۇ ئىشقا مۇنچە كۆپ لەشكەرنى ئىشقا سېلىش لازىم ئەمەس. بىر جانبازنى ئەۋەتسەڭ، قانداق؟ — دې-دى. پادىشاھ شەرپ ھەكىمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گەردان كە-شانغا قارىدى. گەردان كەشان:

— مەن پانىي دۇنيادا بىر ياخشى ئىش قىلسام دەپ ئويلايتتىم. مەن نەچچە قېتىم ئۇ جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ قۇتۇلغان. ئۇ بىر قېتىم مېنى سېھىر بىلەن كور قىلدى. تۆت يىل ۋەيران يۈردۇم، كېيىن مېنى شەيتان قۇ-تۇلدۇردى. شۇنىڭدىن بېرى ئەزرەقنى دۈشمەن تۇتۇپ يۈرەت-تىم. كېيىن ئۇ مېنى يەنە بىر قېتىم سېھىرلىدى. شۇ ھالدا يەتتە يىل يۈردۇم. ئاخىر ئەتتار جادۇنىڭ ياخشىلىقى بىلەن غەمدىن خالاس بولدۇم. ئەي پادىشاھىم، مەن ئۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىپ باراي ۋە ئۇ جادۇگەرنى ئە-كېلەي، — دەپ پادىشاھتىن ئىجازەت سورىدى. ھۇشەڭ پادى-شاھ گەردان كەشاندىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ يەلكىسىنى ئۇزۇنغى-چە تۇتۇپ تۇردى. ئاندىن پادىشاھ ئېيتتى:

— ئەي گەردان كەشان، بارغىن، ساڭا نۇسرەت تىلەيمەن. ھوشيار بول، مەن سەن كەلمىگۈچە قوزغالمايمەن. بارغىن، كەشانىم، خۇدا ساڭا ياردۇر.

گەردان كەشان پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ شىربەچچە ھەيبارنى باشلاپ، بىر يىل يول يۈرۈپ شەھرى خەفتانغا يەت-تى، ئۇ يەردىن ئەتتار جادۇنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەلدى. گەردان كەشان ئەتتار جادۇنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئا-يىغىغا باش قويۇپ قوللىرىغا سۆيدى. ئەتتار گەردان كەشانغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە:

— ئەي بىچارە ئادەم. نېمە قىلىپ يۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي سېھىرلەر سۇلتانى، بۇ ئالەمدە سەندىن كۆپ ياخشىلىق كۆردۈم، ئەمدى قالغان ئۆمرۈمنى خىزمىتىڭدە ئۆتكۈزەي دەپ كەلدىم، — دېدى گەردان كەشان. ئەتتار:

— ئەي گەردان كەشان، ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماي مۇرادىڭنى دە، قولۇمدىن كەلسىلا، سېنى خۇشال قىلىمەن. — دېدى.

گەردان كەشان پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئۇنىڭغا يوللىغان مۇھەببەتلىك سالامىنى ۋە كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلدى. ئەتتار، ئەزرەق جادۇنى يوقاتقىلى بولارمۇ، دەپ ئويلاپ بىردەم جىم بولۇپ قالدى ۋە:

— ئەي ھەييارلار ئۇلۇغى، بەكمۇ چوڭ پىلاندا كېلىپسەن. ئەزرەق زور جادۇگەردۇر، ھەممە جادۇگەرلەر ئۇنىڭ شاگىرتىدۇر. خەيرىيەت، پادىشاھ ھۇشەڭ مېنىڭ بۇرادىرىمگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرسام دەپ يۈرەتتىم. ئەي گەردان كەشان، ئۇنداق بولسا تەييارلان، — دەپ ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىدى. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقىنى قىلىپ، تۆتىنچى كۈنى ئەتتار جادۇ گەردان كەشان بىلەن شىربەچچە ھەييارنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇلارغا دەممىدە قىلدى. ئۇلار سېھىرنىڭ كۈچى بىلەن شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك بولۇشۇپ كەتتىكى، بىر - بىرىنى كۆرۈپ قورقۇشۇپ كەتتى. ئەتتار جادۇ بۇركۈت سۈرىتىگە كىردى. ئۇچەيلەن پەرۋاز قىلىشىپ يەتتە دەريادىن ئۆتۈپ، كوھىئاتەشكە يېقىن چۈشتى. ئۇلار كۆردىكى، چەكسىز بىر دەشت تامام ئوت بولۇپ، ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇلار سېھىر بىلەن كوھىئاتەشتىن سالامەت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەتتار جادۇ گەردان كەشانغا:

— ئەي قەدىناس. مەن پەقەت مۇشۇ يەرگىچىلا كېلەلەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىما. بۇ يا ئوقىنى ئال. ئوتقا يې-



قىن بارغاندا بىر ئوققا ئەپسۇن ئوقۇپ ئات ۋە قورقماي ماڭ. ئۇنىڭدىن ئۆتسەڭ بىر سارايىنى كۆرىسەن، ئۇ يەردە ئاجايىپ ۋە غارايىپ سۇرەتلەر بار. يەنە بىر ئوققا ئەپسۇن ئوقۇپ ئات، سۇرەتلەر ساڭا قەست قىلىشىدۇ، قورقما. ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ يەنە بىر سارايغا دۇچ كېلىسەن، ئۇ يەردە ئاجايىپ جانىۋارلار بار. ئۇلارغا ئەپسۇن ئوقۇپ ئۈچىنچى ئوقنى ئات ۋە مېڭىۋەر. ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ بىر ئۇلۇغ ساراي بار، سارايدا بىر ئالتۇن تەخت بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈزى يولۋاسنىڭ يۈزىگە ئوخشاش، ئايىغى تۆگىنىڭ ئايىغىغا ئوخشاش بىرى ئۇخلاپ ياتىدۇ. ئەتراپىدا بىر ئەجدىھا ھالقا بولۇپ ياتىدۇ. ئۇ دەل ئەزرەق جادۇدۇر. ئۇ يىلىغا قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ. ئۇ ئۇخلىغىلى بۈگۈن ئوتتۇز كۈن بولدى. ئۇنىڭدىن ھودۇقماي، ئەپسۇن ئوقۇپ

تۆتىنچى ئوقنى ئات، ئاندىن تەختنىڭ ئۈستىگە قەدەم ئال ۋە ئۇنى دەرھال باغلاپ بۇ يەرگە ئەكەل ! — دەپ بۇيرۇدى.

گەردان كەشان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئەتتار جادۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئاخىر ئەزرەق جادۇنىڭ سارىيىغا سالامەت كىردى. دېگەندەك سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئالتۇن تەخت تۇرۇپتۇ، بىر ئەجدىھا تەختنى چۆرىدەپ ھالقا بولۇپ يېتىپتۇ. ئەجدىھا گەردان كەشاننى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى. گەردان كەشان تۆتىنچى ئوقنى ئېتىپ، تەختنىڭ ئۈستىگە قەدەم ئالدى. بۇ يەردە ئەزرەق جادۇ ئاغزىدىن زەھەر ئېقىتىپ ياتاتتى. گەردان كەشان يەتتە قېتىم ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇنى مەھكەم باغلاپ ئەتتار جادۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئەتتار جادۇ گەردان كەشاننىڭ بۇ كارامىتىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەتتار ئەزرەق جادۇنىڭ ئىككى كوكۇلىسىدىن كېسىپ ئېلىپ ئوتقا تاشلىغانىدى، غايەت زور بىر تۈتۈن ئۆرلەپ، تۈتۈننىڭ ئىچىدە زور بىر قەلئە نامايان بولدى. قەلئەدە خىلمۇخىل سۈرەتكە كىرگۈزۈلگەن ئادەملەر يۈرەتتى. بۇ بىچارىلەر ئەتتار بىلەن گەردان كەشاننى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ نىجاتلىق تىلەشتى. گەردان كەشان ئەتتارنىڭ سۆزى بويىچە بۇ بىچارىلەرنى ئەزرەق جادۇنىڭ كوكۇلىسى بىلەن ئۇرغانىدى، ئادەملەر ئەسلىگە كەلدى. ھېلىقى قەلئەدە يەنە نۇرغۇن جادۇگەرلەر يۈرەتتى، ئۇ جادۇگەرلەر تامام ئۆلتۈرۈلدى. ئۈچ مىڭ ئادەمزات نىجاتلىققا ئېرىشتى ۋە ئەزرەق جادۇنىڭ خەزىنىسىدىن ئۆز ئېھتىياجىغا يارىشا ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى ئېلىشتى. ئەتتار جادۇ بىر كاسە سۇغا ئەپسۇن ئوقۇپ، بۇ سۇ سىلەرنى يەتتە دەريادىن ئۆتكۈزىدۇ، دەپ ئۇلارغا بەردى ۋە يەنە بىر كاسە سۇغا ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە سۈرگەنىدى، ئۇلارغا قانات پەيدا بولدى. بۇ

ئادەملەر ئەتتار ۋە گەردان كەشانغا ئەگىشىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچتى. ئۇلار ئەزرەق جادۇنى ئىلىپ يەتتە دەريادىن ئۆتۈپ ئەتتار جادۇنىڭ ماكانىغا كەلدى. ئادەملەر ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بولدى. بۇ چاغدا ئەتتار جادۇ گەردان كەشانغا:

— ئەي گەردان كەشان، مەن سىينى مۇشۇ يەردە ئۇزىتىپ قوياي. پەخەس بولغىنكى، بۇ جادۇگەرنىڭ ئويغىنار ۋاقتى بولدى. مۇبادا غاپىل بولساڭ، ئۇ سىينى ھالاك قىلىدۇ. ئەگەر يولدا بۇنىڭ بىرەر ئاشىناسى ئۇچراپ قالسا ياكى بۇ ئويغىنىپ قالسا، بىر ئوچۇم تۇپراقنا ئەپسۇن ئوقۇپ يۈزىگە چاچ، ئۇ يەنە بەند بولىدۇ، — دېدى ۋە گەردان كەشاننى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

ئەلقىسسە: گەردان كەشان ئۇ يەردىن يۈرۈپ دەريايى چىندىن ئۆتۈپ بىر سەھراغا چۈشتى. ھاردۇق يەتكەن گەردان كەشاننى ئۇيقۇ تۇتۇپ كۆزى سەل يۇمۇلغانىدى، ئەزرەق جادۇ ئويغىنىپ قالدى. ئەزرەق كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزى بىر سەھرادا باغلانغان ھالدا تۇرۇپتۇ. بىتاقەت بولغان ئەزرەق جادۇ ئۇخلاۋاتقان گەردان كەشاننى تونۇدى ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانچە سېھرىي ئەپسۇن ئوقۇغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. شۇ ھالدا شىربەچچە ھەييار ئويغىنىپ، ئەزرەق جادۇ ئۆزى باغلانغان دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پەرياد كۆتۈردى، گەردان كەشان ئويغاندى. ئەزرەق جادۇنىڭ ھەربىر كۆزى جامدەك بولۇپ كەتكەنىدى. گەردان كەشان دەرھال بىر ئوچۇم تۇپراققا ئەپسۇن ئوقۇپ جادۇنىڭ يۈزىگە چاچتى. ئەزرەق جادۇ يەرگە يىقىلدى، ئۇنى يەنە مەھكەم باغلىدى.

گەردان كەشان شىربەچچە ھەييارنى پادىشاھ ھۇشەڭگە ئالدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن يولغا سالغانىدى، ئۇ شامالدەك

يۇرۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا بىرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ ھوشەڭ بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تاجدارلارنى باشلاپ گەردان كەشاننىڭ ئالدىغا چىقتى. ۋاقىتىكى گەردان كەشان يېتىپ كەلدى - دە، پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈردى. پادىشاھ گەردان كەشانغا مىڭ مەرتە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئاملار قىلدى.

ئەلقىسسە: ئەزرەق جادۇ يۈت - قولى باغلاقلىق ھالدا پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدى. كۆرگەنلەر بۇ مەخلۇقنىڭ قورقۇنچلۇقلۇقىدىن ھەيران قېلىشتى. ئاندىن ئۇ جادۇگەرنى ھېلىقى تاشقا ئايلانغان ئاشىقلارنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە ئۇنى بىرئاز ھوشىغا كەلتۈردى. ئەزرەق جادۇ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ، قەھرى بىلەن نەرە تارتتى. پادىشاھ ھوشەڭ ۋە دانىشمەنلەر ئەزرەق جادۇنى ياخشىلىقتا ئۇندەپ، تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئاشىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەم ئۇنى زۇلۇمدىن خالاس قىلىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئەزرەق جادۇ يامان نىيەتىدىن ئەسلا يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھوشەڭ گەردان كەشانغا ئۆلتۈر دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. گەردان كەشان قولىدىكى ئالماس قىلىچ بىلەن جادۇگەرنى چاپتى. جادۇگەرنىڭ تېنى ئىككى پارچە بولۇپ، يەر - جاھاننى لەرزىگە سالدى. گەردان كەشان ئۇنىڭ قېنىنى تاشقا ئايلانغان ئاشىقلارنىڭ ئۈستىگە تامدۇرغانىدى، ئۇلار گويا ئۇخلىغان ئادەم ئويغانغاندەك ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ئەسلىگە كەلدى. يىگىرمە تۆت يىل تاش سۈرىتىدە تۇرغان بىچارە بەھرام قېشىدا تۇرغان گەردان كەشاندىن نىمە كارامەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كىملىكىنى سورىدى. گەردان كەشان بەھرام جەبىلگە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، پادىشاھ ھوشەڭنىڭ

ئۇلارغا قىلغان شاپائىتى ۋە ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى، ئەزرەق جا-دۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بەھرام جەبىل گەردان كەشاندىن ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈ-سىز مەمنۇن بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى ۋە پادىشاھقا قاراپ:

— ئەي پادىشاھ ساھىبقىران، ھىممەت ۋە كەرىمىڭىز بىلەن بىز مۇپتىلالارنى ھالاكەت دوزىخىدىن خالاس قىلدىڭىز، بۇ شاپائىتىڭىز ئۈچۈن خۇدا سىزنى ھەممە مۇشەققەتلەردىن ئازاد، ئەندىشىلەردىن خالاس قىلسۇن، — دەپ يىغلاپ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا خىللانغان ئات، چېدىر - بارگاھ ئايرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن بەھرامدىن كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى سورىدى. بەھرام ئۆزى بىلىدىغان بارلىق ئەھۋاللارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. پادىشاھ بەھرامدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئە-كەلدۈردى. قىزنىڭ ئاتىسى — چىن پادىشاھىنىڭ رازىلىقى بويىچە ئۇلارنىڭ بىشىنى قوشۇپ قويدى. پادىشاھ ھۇشەڭ چىن شەھىرىنى بەھرامغا ئىنئام قىلدى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان بۇ ئاجايىپ ھېكايەتنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ئاندىن:

— شەھبال قەمەررۇخنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. گەردان كەشان ئېيتتى:

— شەھبال يۈز مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن قىرىق قېتىم باردى، لېكىن قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيمەن.

بۇ گەپ ۋاقتىنچە شۇ يەردە ئۈزۈلدى.

ئەلقىسسە: پادىشاھ ھۇشەڭ تەختكە ئولتۇردى. شاھلار، ۋەزىرلەر ۋە يۈز يىگىرمە لەك لەشكەر شاھنىڭ بارگاھىغا جەم بولغانىدى. پادىشاھ ھۇشەڭ قەھرىمانغا ئالىي تون -

سەرپايلارنى كىيدۈردى، ئاندىن پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە لەشكەرلەر ھىندىستان تەرەپكە قەدەم ئالدى. كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ سەككىزىنچى كۈنى بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەلـ ـدى، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىشتى. قوشۇن ئەمدىلا ئارامـ ـغا چۈشكەندە. بىر تەرەپتىن ئاجايىپ بىر غوۋغا چىقتى، گويا دەريا تېشىپ، يەر يېرىلغاندەك بولدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ لەشـ ـكەرلەر ساراسىمىگە چۈشتى. ئاتلار چۇلۋۇرلىرىنى ئۈزۈشتى، پىللار ئۈركۈپ كەتتى. سەركەردىلەر ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشـ ـلىدى. بىر كەملەردە شىربەچچە ھەييار يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆـ ـدۈل پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي پادىشاھىم، دەريا ئىچىدىن بىر جانىۋار ئويناپ چىقىپ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپ ئات ـ پىللار ئۈركۈپ سەھرا تەرەپكە قېچىشتى. ھېلىقى جانىۋار لەشكەرلەر تەرەپكە ئىز بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇ خەۋەر ـ



نى ئاڭلاپ سەركەردىلەرگە قاراپ:

— بۇ نېمە ئەھۋال؟ يۈرۈڭلار ! — دەپ، پالۋان - سەر-كەردىلەر بىلەن دەريا لېۋىگە كەلدى. پادىشاھ كۆردىكى، كۆزى يىلغا، قۇيرۇقى تاۋۇسنىڭ قۇيرۇقىغا، كۆكرىكى يولۋاسنىڭ كۆكرىكىگە، ئارقىسى ئەجدىھانىڭ ئارقىسىغا ئوخشاش، پېشا-نىسىدە چوغلانغان نەيزىدەك بىر تال مۈڭگۈزى بار. مىسلى ياقۇتتەك تۆت كۆزلۈك، ئۆزى قارا، قۇلىقى ئاتنىڭ قۇلىقى-دەك، ئالتە ئاياغلىق بىر غەلىتە جانىۋار ئىز بېسىپ كېلىۋې-تىپتۇ. بۇ جانىۋار ھېچ پەرۋا قىلماي لەشكەرلەر توپىغا ئۆزى-نى ئۇردى، دۇچ كەلگەننىڭ ھەممىسىنى ئۇسۇشتىن ئۆتكۈز-دى. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارلىق لەشكەرلەر جانىۋارغا قاراپ ئات سالدى. دەھشەتلىك ئاۋازلار ئالەمگە پۈر بولدى. ھېلىقى جانىۋار كەلگەنچە پالۋانلارنى بىرلا ئۇسۇپ ھالاك قىلدى. پالۋانلار ئۇرغان شەمشەرلەر ئەگەر تاغلارغا تەگكەن بولسا تاغلار تالقان بولاتتى، ئەمما ئۇ جانىۋارغا زەربە كار قىلمىدى. تىغلار سۇندى، كۆپ باھادىرلار ھالاك بولدى.

پالۋانلارنىڭ پولات گۈرزىلىرى جانىۋارغا تېگىپ، تاشقا تېگىپ يانغاندەك قاڭقىپ كەتتى. پالۋانلار نائۇمىد كەينىگە داجىشقا مەجبۇر بولۇشتى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، سىرتـ-ماقچىلىرىنى چاقىرتتى. مەخلۇق تۆت يۈز سىرتماقنى سۆرەپ دەريا تامان راۋان بولدى. ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ پەرىشان بولۇپ، ۋەزىرلىرىگە ئېيتتى:

— ئەي يارەنلار، بۇ ئاجايىپ جانىۋار دەريادىن چىقىپ، شۇنچە باھادىرلىرىمىزنى ھالاك قىلىپ يەنە بەخىرامان يېنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى يىراق - يېقىندىكىلەر ئاڭلىسا، بىزگە نېمە سەتچىلىك؟ !

پادىشاھنىڭ بىتاقەت ھالىنى كۆرۈپ، قەھرىمان چاچراپ

ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كەركىدانغا مىنىپ ھېلىقى جانىۋارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا سىرتماق تاشلىدى، سىرتماق ئىلىندى. قەھرىمان كەركىداندىن چۈشۈپ سىرتماقنى چىڭ تارتىپ تۇردى. جانىۋار قانچە زورۇقۇپمۇ بوشىنالمىدى، ئاخىر قەست قىلىپ قەھرىمانغا ئېتىلدى. بۇ چاغدا قەھرىمان پۈتۈن ۋۇجۇدىغا كۈچ يىغىپ دەھشەتلىك نەرە تارتتى. جانىۋار قورقۇپ قاچماقچى بولدىيۇ، قەھرىماندىن قۇتۇلالمىدى. قەھرىمان سىرتماقنى ئالدىغا تارتىپ ئۇ مەخلۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يەرگە نىقتاپ باستى ۋە ئىككى قولىقىدىن چىغرىق چۆرۈگەندەك تولغىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ياپراقتەك تىترەشكە باشلىدى. قەھرىمان ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى زەنجىرلىدى، ئاندىن ئۇنى قويۇپ بېرىۋىدى، ئۇ قىمىرلىيالمىدى. قەھرىمان ئۇنىڭ بوينىدىن زەنجىرلەپ سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ ۋە بارلىق باھادىرلار قەھرىماننىڭ پالۋانلىقىغا سۆيۈنۈپ ئاپىرىن ئوقۇشتى.

— ئەي قۇدرەتلىك يېگانە دەۋران، — دېدى پادىشاھ، — بەختىڭ، شۆھرىتىڭ زىيادە بولسۇن!

پادىشاھ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىنئام ۋە تارتۇقلارنى بەردى. قەھرىمان پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇشال بولدى. شۇ سائەتتىن باشلاپ ھېلىقى جانىۋارنى ئۆزىگە كۆندۈرۈۋالدى ۋە ئېگەرلەپ مىنىپ ئوينىدى.

پادىشاھ ھۇشەڭ يۈرۈشكە پەرمان بەردى. قەھرىمان ھېلىقى جانىۋارغا مىنىپ ماڭدى. كېچىلىرى جانىۋارنىڭ مۈڭگۈزىدىن نۇر چېچىلىپ يولنى يورۇتاتتى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە قىرىق كۈن يول مېڭىپ، بىر دەريايى ئەزىمدىن كېمىلەرگە چۈشۈپ ئۆتۈپ، يەنە بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سىراندىپ تېغىغا چىقتى. ئۇ يەردە ھەزرىتى ئادەم ئەلەي-

ھىسسالامنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلماق بولۇپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىشتى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى راي ھىندىدىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ راي ھىندىنىڭ يولغا قارىتىپ قويغان قاراۋۇل-لىرى پادىشاھ ھۇشەڭ باشلاپ كەلگەن بۇ لەشكىرىي ئەزىمنى كۆرۈپ، پادىشاھقا ئەندىشىلىك خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ راي ھىندى بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەي پالۋانلار، مەن ئەسلىدە پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئۈستىگە بېرىپ بارماقچىدىم، مانا پادىشاھ ھۇشەڭ ئۆزى كەپتۇ، يولۇم قىسقىراپتۇ، — دەپ كۆرەڭلىدى. راي ھىندى-نىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدا پادىشاھ ھۇشەڭ تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن بىرنەچچە بەگلىكنىڭ پادىشاھلىرى بار ئىدى، ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئېگىز يەرلەرگە چىقىپ، پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ قوشۇنلىرىغا ھەيران بولۇپ قاراشتى. كۆرەڭلەپ كەتكەن پادىشاھ راي ھىن-دى جىمى ئەركانلىرىنى ئېلىپ، پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ لەشكەر-لىرىنى تاماشا قىلىشقا چىقتى. ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ ـ توزانلار ئالەمنى قاپلاپ كېلىۋاتات-تى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، پىل ۋە كەركىدانلارنىڭ ئاۋاز-لىرى لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇراتتى. ئوتتۇز بەش گەزچە ئېگىزلىكتىكى تۇغقا ئەگىشىپ تۆت پالۋان كەركىدانغا مىنىپ كەلمەكتە. پادىشاھ راي ھىندىنى ئالدىدا كېلىۋاتقان پالۋاننىڭ قىياپىتى ھەيران قالدۇردى. ئۇ سىرىق كەركىدانغا مىنگەن بولۇپ، گۈرزىسىنى تاغقا ياندىپ قويغاندەك، ئېگەرنىڭ ئالدىغا قويۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولىدا بىھېساب پالۋانلار ياندىپ ماڭغانىدى. ھىندىستان خەلقى بۇ تەرتىپلىك لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قىلىشتى. راي ھىندىنىڭ

قېشىدا ئىراندىن قېچىپ كەلگەن بىر يادىشاھ بار ئىدى، ئىس-
مى كەيۋان شاھ دېيىلەتتى. راي ھىندى كەيۋانغا قاراپ:

— ئەي كەيۋان، ئاۋۇ پالۋاننى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ئېتى بەھرام جەبىلدۇر. ئۇ دىۋە دېگەن نام
بىلەن مەشھۇر. ئۇ مېنىڭ ھەممە پالۋانلىرىمنى ھالاك قىل-
غان، — دېدى كەيۋان ۋە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ
بەردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر چوڭ سەپ پەيدا بولدى.
ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پالۋان كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ بويى قىرىق
گەز، ئالتە ئاياغلىق بىر جانىۋارغا مىنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قىياپى-
تى تاغقا مىنىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. راي ھىندى بىتاقەت بول-
غاندەك بولدى. ئارقىدىن يەنە بىر چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى،
ئۇنىڭ ئىچىدە سەكسەن ئەلەم كۆرۈندى، ھەربىر ئەلەمنىڭ
تۇۋىدە مىڭدىن باھادىر بار ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە سەك-
سەن ئەلەم كۆرۈندى. ھەربىر ئەلەم تۇۋىدە سىرىق رەڭلىك



كىيىم كىيگەن مىڭلىغان ئادەم بار ئىدى. بۇ ئۈچ سەپتىكى سەركەردىلەر شۇ يەرگە كېلىپ پادىشاھنىڭ بارگاھىنى تىكىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. سەپ ئالدىدا يان - يانلىرىغا كامان ۋە ساداق ئاسقان، قوللىرىغا تۈۋرۈكسىمان نەيزە ئالغان بىر پالۋان كۆرۈندى، ئۇ تەبەرىستان پادىشاھى بەھرام سەڭگى ئىدى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ مەرغىبە يەتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پادىشاھ فەلەك تۈمەن مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا راي ھىندىنىڭ كۆزى يەتمىش گەز بويى بار بىر پالۋانغا چۈشتى. راي ھىندى:

— بۇ پادىشاھ ھۆشەڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ بىر پالۋىنىدۇر. ئۇنىڭ گۈرزىسى يەتتە مىڭ پاتمان كېلەرمىش. ئۇنىڭ ئېتى قەھتىران ئىبنى تەغماجدۇر. — دېدى كەيۋان. ئۇنىڭدىن كېيىن قىرىق



مىڭ جاۋاھىرپۇرۇش. ئۇنىڭ كەينىدىن يەتمىش مىڭ چە-
ۋەنداز، ئۇنىڭ كەينىدىن پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ بىردىنبىر ئايالى
ۋە ئۇنىڭ خاس چۆرىلىرى كەلدى، ئاندىن يەنە يۈز ئەلەمدار
پەيدا بولدى، ئەلەمدارلارنىڭ بېشىدا شاھلىق تاج بار ئىدى.
ئارقىدىن پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ نەچچە يۈز پىل كۆتۈرگەن سا-
يىۋىنى كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆلىمالار، ھۆكۇمالار، مەھ-
رەملەر، ھاپىزلار كېلىۋاتاتتى. گەردان كەشان بىلەن شىر-
بەچچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. پادىشاھ راي ھىندى
ھەمراھلىرىغا قاراپ:
— ئەگەر بۇ ئىككى ھەيۋەننى — دۆزەپەر بىلەن شىكار-
گەرنى ئەۋەتسەم، ھۇشەڭنىڭ يەتتە ھەيۋەننى بىر كېچىدە
ھالاك قىلىپ، سىلەرنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ، — دەپ، پا-
دىشاھ ھۇشەڭنى ياراتمىغان ھالدا ئوردىسىغا ياندى ۋە ۋەزىر-
لىرىنى چاقىرىپ كېڭەش تۈزدى. كېڭەشتە ھەر خىل گەپلەر
بولدى، خۇداغا ئىلتىجالار قىلىشتى، ئاندىن ئۇلار ئوتنىڭ
ئەتراپىغا بېرىپ سەجدە قىلىشتى. راي ھىندى باش قويۇپ:
— ئەي ئۇلۇغ مەبۇدەم، ھۇشەڭ شاھ لەشكەرلىرى بىلەن
كەلدى، بۇنىڭ ئىلاجى نېمە؟ ماڭا ئەمر قىلغىن ! — دېدى.
ئاندىن شەيتان ئوت ئىچىدىن مۇلايىم ئاۋاز بىلەن نىدا قىلدى:
— ئەي قۇلۇم، قورقمىغىن، مەن بار، لەشكىرىي تەييار-
لىقلارنى قىل !
راي ھىندى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قى-
لىشقا كىرىشتى.
ئەمدى سۆزنى پادىشاھ ھۇشەڭدىن ئاڭلايلى:
ھۇشەڭ پادىشاھ بارگاھىغا چۈشتى. تاجدارلار پادىشاھقا
ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئولتۇرۇشتى. داستىخان تارتىلدى. كەچ
كىردى، بۇ چاغدا گەردان كەشاننىڭ خىيالىغا پادىشاھ راي

ھىندىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ باقاي دەيدىغان ئوي كەلدى ۋە پا-
دىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئىجازىتى بىلەن يول ئالدى.

پادىشاھ راي ھىندىمۇ ئۆزىنىڭ شىكارگەر ۋە دۆزەپەر دې-
گەن ئىككى ھەييارىنى چاقىرىپ، سىلەر ھۇشەڭنىڭ ئوردى-
سىغا بېرىپ بىر خەۋەر ئەكەلسەڭلار، دەپ يولغا سالدى. بۇ
ئىككى ھەييار پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ يولغا چىقىش-
تى ـ دە، ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىغا كىرىۋالدى. بۇ
ئىككىسى ئىلگىرى نەچچە قېتىم گەردان كەشانىنىڭ زەربىسى-
نى يېگەنىدى، شۇڭا ئۇلار گەردان كەشاندىن قورقاتتى. ئىككى
ھەييار گەردان كەشانىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھۇشەڭنىڭ
ئوردىسىغا كىرىشتى. بۇ يەردە بارلىق ھەييارلار قىلىچلىرىنى
باش ئاستىغا باستۇرۇپ خىرامان ئۇخلاپ يېتىپتۇ. پادىشاھ
ھۇشەڭ تەخت ئۈستىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەچچە شاھ ۋە پا-
سىبانلار ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئىككى ھەييار بۇلارنىڭ ھەممىسى-
نى بىھوش قىلدى، ئاندىن پادىشاھ ھۇشەڭنى كۆتۈرگەنچە ئې-
لىپ يولغا چىقتى. بۇنى ئىنس ـ جىن تۇيمىدى. ئىككى
ھەييار خۇددى شامالدەك كېتىپ قالدى.

گەردان كەشان پادىشاھ راي ھىندىنىڭ ئوردىسىغا كىر-
دى. پەملىدىكى، شىكارگەر ھەييار بىلەن دۆزەپەر ھەييار يوق
ئىدى. گەردان كەشان، بۇ مەلئۇنلار شاھىمنىڭ ئوردىسىغا
كەتكەن بولمىسۇن، دەپ دەرھال ئارقىسىغا ياندى. ئۇ كېلىۋې-
تىپ ئىككى ئادەمنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ بىر خىلۋەتكە
يوشۇرۇنۇپ، قىلىچىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ تەييارلىنىپ تۇر-
دى. شۇ ئارىدا، لەشكەر ئىچىدە گەردان كەشان يوق ئىكەن،
ئىشىمىز ئاسان بولدى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا چاتاق بولات-
تى، مانا ئەمدى پادىشاھ ھۇشەڭ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتى،
دېگەن گەپلەر ئاڭلاندى. گەردان كەشان غەزەپتىن ۋارقىرىدى:

— ھەي ھارامزادە، مانا مەن گەردان كەشان !

ئۇلار شۇ گەپتىن كېيىن جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، باياۋان تەرەپكە قېچىشتى. گەردان كەشان ئۇلاردىن شىكارگەرنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ يەرگە يىقىتتى ۋە ئۇنىڭغا مىنىپ ئولتۇرۇپ پۇت - قوللىرىنى باغلىدى. پادىشاھ ھۇشەڭ تېخى بىھوش ئىدى. گەردان كەشان پادىشاھنى ھوشيار قىلدى. پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى بىر غارنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ، گەردان كەشاندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى، باغلانغان بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى سورىدى. گەردان كەشان ئەھۋالنى بايان قىلدى ۋە:

— ئەي پادىشاھىم، تاڭ يورۇپ قالدى، تېزرەك بولايلى، — دېدى. ئاندىن گەردان كەشان پادىشاھ بىلەن شىكارگەرنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، لەشكەرلەرگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن شامالدەك يورۇپ پادىشاھنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئوردىنى نالە - پەرياد قاپلىغانىدى. گەردان كەشان ئۇلارغا بولغان ئەھۋالدىن خەۋەر بەردى. لەشكەرلەر، سەركەردىلەر پادىشاھنىڭ سالامەتلىكىنى ئاڭلاپ خۇداغا شۈكۈرلەر ئوقۇشتى ۋە گەردان كەشاننىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى چاچقۇ قىلدى. لېكىن، لەشكەرلەردە تاقەت قالمىغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لەشكەرلەر بىراقلا ھۇشەڭ شاھ تۇرغان جايغا قاراپ يول ئالدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى قەھرىمان ھېلىقى جانىۋارغا مىنىپ تاغ تەرەپكە راۋان بولغانىدى.

ئەلقىسسە: دۆزەپەر ھەييار گەردان كەشاندىن قۇتۇلۇپ پادىشاھ رايىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بىز يەم بىلەن بېرىپ ھۇشەڭ پادىشاھنى ئوغرىلاپ ئەكېلىۋاتساق، تاغدا گەردان كەشان ھەييار ئۇچراپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ مەن تاغ تەرەپكە قاچتىم. ئۇ شىكارگەرنىڭ ئار -

قىسىدىن قوغلاپ كەتتى. مەن شۇ قاچقانچە ھۇزۇرلىرىغا كەل-
دىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، گەردان كەشان بىز تەرەپكە كەلگەن
ئوخشايدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ راي ھىندى غەزەپلىنىپ:
— ئىككى ئادەم بىر ئادەمدىن قاچسا، بۇ نېمىدېگەن
رەسۋاچىلىق! — دېدى.
— ئەي پادىشاھىم، گەردان كەشانغا ھېچبىر كۈچ تەڭ
كېلەلمەيدۇ. بىز ئىككىمىز ئۇنىڭغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالاي-
مىز؟ — دېدى دۆزەپەر. راي ھىندى كەھبال ھىندىنى ئۈچ
يۈز مىڭ باھادىر بىلەن تاغ تەرەپكە يولغا سېلىپ، ئۆزى بار-
لىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.
ئەلقىسسە: پادىشاھ ھۇشەڭ غار ئىچىدە ئۆز لەشكەرلىرى-
نىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ بىتاقەت بولۇۋاتاتتى. ھىندى
ئەسكەرلىرى كېلىپ غارنىڭ ئەتراپىنى تامام قورشىۋالدى. پا-
دىشاھ بۇلارنى تونۇدى. پادىشاھ ھۇشەڭ دەرھال شىكارگەر
ھەييارنىڭ قورالىنى ئېلىپ غاردىن چىقىپ، بىقىياس لەش-
كەرلەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، تەنھا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. پا-
دىشاھ ھۇشەڭ باھادىر پالۋان ئىدى. ئۇ قىلىچ بىلەن ئۇرسا،
تەنلەر تۆت پارە بولاتتى. پادىشاھ ھۇشەڭ لەشكەرلەرگە خۇددى
بۆرە قويغا ئېتىلغاندەك ئۆزىنى ئۇراتتى. ھىندى لەشكىرى
قات - قات بولۇپ چەمبىرەك ياساپ پادىشاھنى ئارىغا ئې-
لىۋالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا قەھرىمان يېتىپ كەلدى. ئۇ پادى-
شاھنىڭ پىيادە شۇنچە لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى-
نى كۆرۈپ، ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئۇ غەزەپ بىلەن
نەرە تارتىپ ئۆزىنى ھىندى لەشكەرلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇ-
رۇپ، لەشكەرلەرنى سۈرۈپ ھەيدەپ پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ قې-
شىغا باردى. قەھرىماننىڭ ئارقىسىدىن قەھتىران، بەھرام جە-
بىل، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جىمى سەركەردە ۋە پالۋانلار، لەش-

كەرلەر ھىندى لەشكەرلىرىگە تاشلاندى. شۇ ۋاقىتتا گەردان
كەشان پادىشاھنىڭ ئىتىنى ئەكەلدى، پادىشاھ ئىتىغا مىندى.
شۇ ئارىلىقتا پادىشاھ راي ھىندى لەشكەرلىرى بىلەن كې-
لىپ ھۇشەڭ شاھنىڭ لەشكەرلىرىگە تىغ ئۇرۇشقا باشلىدى.
قەھرىمان ئالتە ئاياغلىق جانىۋارنى مىنىپ جەڭ ئاچتى. ھىندى
لەشكەرلىرى بۇ قىيامەتتىن قورقۇپ، ۋارقىرىشىپ توپ - توپ
بولۇپ قېچىشتى. قەھرىمان ئالدىغا كەلگەن ھەممىنى تىغدىن
ئۆتكۈزدى. قەھرىمان ئەڭ جاھىل رەقىب كەھبالنىڭ كوكۇلى-
سىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇنى نەيزىگە ئۆتكۈزۈپ يەرگە ئۇردى، ئاد-
دىن قورقۇپ جان تىترىكىدە قالغان بارلىق لەشكەرلەرگە جەڭ
ئېچىپ، سانسىز كىشىنى ھالاك قىلدى. ساراسىمە ئىچىدە قال-
غان راي ھىندى كەيۋاندىن:

— بۇ زادى كىم؟ — دەپ سورىدى. كەيۋان ئېيتتى:

— ئەي پادىشاھ، بۇ قەھرىمان قاتىلدۇر.



ئەلقىسسە: راي ھىندى
كاناي چالدۇرغاندى، ھىندىلار
بويۇنلىرىنى قىسىشىپ جۆ-
نەشتى. جەڭ توختىدى. پاد-
شاھ راي ھىندى ئۆلگەن
لەشكەرلىرىنى رويخەتكە ئال-
دۇرغاندى، ئوتتۇز ئۈچ مىڭ
كىشى ئۆلگەنلىكى مەلۇم بول-
دى. پادىشاھ راي ھىندى چى-
دىيالماي چوڭقۇر ئاھ ئۇردى.
يارىدارلارنىڭ سانى يوق ئىدى.
پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ لەشكەر-
لىرىدىن ئون مىڭ كىشى

ئۆلگەندى. ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ دەپنە قىلدى.

ئەلقىسسە: راي ھىندى دوستى كەھبالنىڭ ئۆلۈكىنى بىر تاۋۇتقا ئالدۇرۇپ، بۇرادىرى ئىسپەندىيارنىڭ جايى — ئوممان شەھىرىگە ئەۋەتتى. ئىسپەندىيار بويى توقسان گەز كېلىدىغان، ئۈچ مىڭ پاتمان گۇرزە ئىشلىتىدىغان باتۇر ئىدى. ئۇ راي ھىندىنىڭ قىزى سەرۋى خىرامانغا ئاشىق ئىدى. ئۇ قىز: «ھەركىم مېنى چېلىشتا يەڭسە، شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن» دەيتتى. مەلىكىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلاپ جاي ـ جايلاردىن پالۋانلار، شاھزادىلەر كېلىپ جانلىرىدىن ئايرىلىشتى. ئىسپەندىيار قىزنىڭ ئالدىغا بارغۇسى بار ئىدى. لېكىن قورقۇپ ساراسىمە ئىچىدە يۈرەتتى. شۇنداق كۈنلەردە كەھبالنىڭ تاۋۇتى يېتىپ كەلدى. ئىسپەندىيار ئۇنى پادىشاھ راي ھىندىنىڭ تەلىپى بويىچە دەپنە قىلدى. پادىشاھ راي ھىندى مۇنداق بىر پارچە خەت يازغانىدى: «دوستۇم، پادىشاھ ھۇشەڭ ۋە قەھرىماندىن داد! ئۇلار ئىران ۋە تۇراندىن نۇرغۇن لەشكەر ئېلىپ ھىندىستان ۋىلايىتىگە بېسىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم، كۆپ پالۋانلىرىم زەبۇن بولدى. ئەي ئىسپەندىيار، ئىككىمىز بىرلىشىپ پادىشاھ ھۇشەڭ بىلەن قەھرىماننى يوقاتساق، قىزىم سەرۋى خىرامانى ساڭا بەرگەن بولاتتىم. لەشكەر باشلاپ كەلگەيسەن!»

ئەلقىسسە: راي ھىندى كەھبالنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈردى. تاڭ ئېتىپ كۈن يورۇدى، ئىككى تەرەپنىڭ نەرىلىرى ياڭرىدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى تىغ ـ گۇرزىلىرىنى تۇتۇپ، پادىشاھلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ھۇشەڭ تەرەپتىن قەھرىمان ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالتە ئاياغلىق جانىۋارغا مىندى. ئاندىن ھۇشەڭنىڭ ھەممە سەركەردە ـ پالۋان ۋە لەشكەرلىرى

جەڭگە تەقەززا بولۇپ تۇرۇشتى. پادىشاھ ھۇشەڭ ساۋۇتىنى كىيدى، ئاندىن ئېتىنى مىنىپ جەڭگاھقا ماڭدى، پالۋانلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

راي ھىندىمۇ ھەيۋەت بىلەن كېلىپ مەيداندا تۇردى. ھىندىلار تەرىپىدىن بەھرام ھىندى مەيدانغا كىردى. ھۇشەڭ تەرەپتىن بەھرام جەبىل مەيدانغا كىردى. بۇ ئىككى باھادىر بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشتى. بەھرام جەبىل بەھرام ھىندىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ تارتىپ، ئۇنىڭ بويىنىنى مىسلى تۇمۇچۇقنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن كەھتىلان ھىندىنىڭ تاقىتى بوزۇلۇپ، دەرھال پىلنى بوراپ، غەزەپ بىلەن كېلىپ بەھرامنىڭ بېشىغا گۇرزە ئۇردى. گۇرزىلەردىن ئوت ياندى. بەھرام جەبىل گۇرزىلەرنى چاققانلىق بىلەن ياندۇردى ۋە مەردلىك بىلەن رەقىبىنى ئاگاھلاندۇردى - دە، گۇرزىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ كەھتىلان ھىندىنى شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ تىن تارتماي ئۆلدى. بۇنى كۆرگەن ھىندى پالۋانلىرى غەزەپ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كىرىشتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئامان قالمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈنى بەھرام جەبىلنىڭ قولىدا بىر يۈز ئاتمىش ھىندى پالۋان ھالاك بولدى. ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان ھىندىلار بىراقلا ئات سېلىپ كېلىشتى. بەھرام بۇلارنى كۆرۈپ ئالەمچە كۈچ بىلەن نەرە تارتىپ يەنە جەڭگە چۈشتى. پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى بەھرامغا ئەگىشىپ جەڭگە كىردى. ئىككى تەرەپنىڭ بىقىياس لەشكەر دېڭىزى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سالدى، ئالەمنى چاڭ قاپلىدى، ئادەملەرنىڭ قېنى زېمىننى بوياپ، ئېقىن بولۇپ ئاقتى. پادىشاھ راي ھىندىنىڭ سەھراپ دېگەن پالۋىنىنىڭ قولىدا ھۇشەڭنىڭ ئون ئىككى باھادىرى ھالاك بولدى. قەھتىران بۇ جاھىل ئەبلەخكە تاشلاندى. ئەتە-

دىن ـ ئاخشامغىچە ئېلىشتى، لېكىن ھېچقايسىسى غالىب كېلەلمىدى. ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپتىن كانايلار چېلىنىپ، جەڭ ۋاقتىنچە ئاخىرلاشتى.

ئەلقىسسە: پادىشاھ ھوشەڭ ئون ئىككى باھادىرنىڭ جەسەتىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى.

پادىشاھ راي ھىندى جەڭدىن يېنىپ ئۆز بارگاھىغا كەلدى، سەھراپقا تون كىيدۈردى. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، جەڭ يەنە باشلاندى. ھىندىلار تەرىپىدىن سەھراپ ھىندى مەيدانغا كىردى. پادىشاھ ھوشەڭ بىر پالۋاننى مەيدانغا چىقاردى. ئەپسۇس، ھايال ئۆتمەي ئۇ پالۋان ھالاك بولدى. قەھرىمان بۇ ھالنى كۆرۈپ مەيدانغا كىرەي دەپ تۇرغاندا، بەھرام جەبىل مەيدانغا كىرىپ بولدى. بەھرام جەبىل سەھراپقا بىر گۈرزە ئۇرغانىدى، سەھراپ ھىندىنىڭ ئېتىنىڭ بېلى سۇنۇپ يەرگە يىقىلدى. ھىندىلار سەھراپقا بىر كەركىدان ئەكېلىپ بېرىشتى.



سەھراپ كەركىدانىنى مىنىپ بەھرامنى قوغلاپ گۇرزە ئۇرغاندى، بەھرام قالقان بىلەن توسۇۋالدى. بۇ ئىككىسى ئېلىشا ـ ئېلىشا ئاخىر قۇچاقلىشىپ قالدى. بىر ـ بىرىنىڭ بەللىرىدىن تۇتۇپ ئېتىشتى. ھەيھات، بەھرام سەھراپ ھىندىنىڭ بېلىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇردى. مىدىر قىلالمىغان سەھراپنى ئۆز ئادەملىرى مەيداندىن ئاچىقىپ كەتتى. ئەمدى بەھرامغا تەڭ كەلگۇدەك بىرەر پالۋان چىقمىدى. ھىندىلار بۇ ئىشقا چىدىماسلىق قىلىپ، بەھرامنى ھالاك قىلىش ئۇچۇن مىڭ پىلنى قويۇپ بەردى. پىللار بەھرامغا ئېتىلىشقا باشلىدى. بەھرام بىر گۇرزە بىلەن بىر پىلنى يىقىتاتتى ۋە پىللارنىڭ خارتۇملىرىدىن تۇتۇپ ھىندىلار توپىغا ئاتاتتى ـ دە، نەچچە ھىندى بېسىلىپ ئۆلەتتى. ھىندىلار بەھرامنىڭ بوي بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كامان ئاتقىلى تۇردى. قەھرىمان بەھرامنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئاسماننىڭ قەرىنى يارغۇدەك نەرە تارتتىكى، ئادەملەرنىڭ يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ، تاغ ـ تاشلار گۇلدۇرلەپ چۇشكەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئالتە ئاياغلىق جانىۋارغا مىنىپ كېلىپ، لەشكەرلەرنى بۆزۈپ ئوڭنى سولغا، سولنى ئوڭغا ئۇردى. ھۇشەڭ شاھ قەھرىمان، ھېسابسىز دۇشمەن ئارىسىدا يالغۇز يۈرسە بولماس دەپ، نەچچە پالۋاننى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇردى. پالۋانلار قەھرىمانغا يېتىشتى. قەھرىمان ئادەتتىن زىيادە قەھرلىنىپ كەتكەندى.

راي ھىندىنىڭ يەتتە يۈز سەپ لەشكىرى دېڭىزدەك چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ مەيدانغا كىرىشتى. راي ھىندى ئوتتۇز مىڭ پىلنى ئەتراپىغا سېپىل قىلىپ، پىللارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كۆزىتىپ تۇراتتى. قەھرىمان ئۇنى شۇنچىلىك ھاكاۋۇر ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان پىللارنى ئۇرغىلى تۇردى. پىللار قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ھىن

دىلار ئۇتتۇز مىڭ ئۇمۇتنى ئۇيىنتىپ قەھرىماننىڭ ئۇستىگە بېسىپ كېلىشتى. پادىشاھ ھۇشەڭ قەھرىماننىڭ ئارقىسىدىن دۈشمەن توپىغا ئۆزىنى ئۇردى. ئەمما ھەرقانچە قىلىپ قەھرىمانغا يېقىن بارالمىدى. ھىندىلار تۇيۇقسىز سەكسەن زەنجىرنى ھالقا قىلىپ قەھرىماننىڭ بوينىغا تاشلىدى ۋە يۈز پالۋان پىل ئۈستىدە تۇرۇپ قەھرىماننىڭ بوينىدىكى زەنجىرنى تارتتى. قەھرىمان دەرغەزەپتە زەنجىر تۇتقان يۈز پالۋاننى پىل ئۈستىدىن زەرب بىلەن تارتىپ يەرگە ئۇردى. ھىندىلار جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، پىللارنى قاتمۇ قات قىلىپ قەھرىماننى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇ كۈنى ئاخشامغىچە قاتتىق جەڭ بولدى. كېچە ئۆتۈپ، تاڭ ئاتتى، لېكىن قەھرىمان پىللارنىڭ قورشاۋىدىن تېخىچە چىقالمىغانىدى. ھۇشەڭ شاھ بىتاقەت بولۇپ، بارلىق پالۋانلارنى جەڭگە چاقىردى. پالۋان - لەشكەرلەر ئۆزلىرىنى پىللار سېپىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ھالدا قەھرىمان ئەمدى راي ھىندىنىڭ ئۈستىگە تاشلىناي دەپ تۇراتتى، بىر تەرەپتىن سەرخىل ئاتلارغا مىنىشكەن، جاۋاھىر تونلارنى كىيگەن مىڭدەك كىشى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لەئەل - ياقۇتقا غەرق بولغان ئاجايىپ بىر گۈزەل ساھىبجامال كېلىۋاتاتتى. ھەممە ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئاخىر مەلۇم بولدىكى، ئۇ راي ھىندىنىڭ قىزى — سەرۋى خىرامان ئىدى. سەرۋى خىرامان دادىسىنىڭ شۇنچە كۆپ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇشەڭ تەرىپىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى، بىر پالۋان ئالتە ئاياغلىق، تۆت كۆزلۈك ھايۋانغا مىنىۋېلىپ پىللارنىڭ سېپىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالغانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ قان بىلەن بويالغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ، پىللارنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇپ قەھرىمانغا يېقىنلاشتى، ئاندىن قەھر بىلەن شىددەتلىك

ئاۋازدا نەرە تارتتى. راي ھىندى قىزنى يىراقتىن كۆردى. ئۇ نازىنىن كېلىپ قەھرىماننىڭ بېشىغا بىر گۇرزە ئۇردى. قەھرىمان تەستە ئۆزىنى ئېلىپ قاچقانىدى، يەنە گۇرزە ئۇرۇلدى. ئالاھازەل قەھرىماننى كۆز ئاچقىلى قويمىدى. قەھرىمان بىردىن ئاگاھ بولۇپ، گۇرزىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇ قىزنىڭ بېشىغا نەچچىنى سالدى. قەھرىماننىڭ ئۇرغان گۇرزىسىنى سەرۋى خىرامان پالۋانلىق بىلەن ياندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتى ئاغزىغا كەلگەندەك بولدى. بۇ ئىككىسى ئاخشامغىچە جەڭ قىلىشتى. سەرۋى خىرامانىنىڭ ئىنىكئانىسى بىتاقەت بولۇپ، ئۈچ لەك لەشكەر بىلەن قەھرىماننى ئارىغا ئېلىۋالدى. راي ھىندى قىزنىڭ غەيرىتىدىن ئىلھاملىنىپ، ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇرۇلدى. ئىككى تەرەپ ئەتىدىن - كەچكىچە شۇ يوسۇندا جەڭ قىلىشتى. كەچ كىرىپ جەڭ ئاخىرلاشتى. دەم ئارىلىقىدا پادىشاھ ھۇشەڭ قارىسا، قەھرىمان باشلىق ئون ئىككى مىڭ لەشكەر يوق. پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ پەرمانى بويىچە گەردان كەشان پالۋانلارنىڭ خەۋىرىنى ئالغىلى راۋان بولدى. گەردان كەشان بېرىپ بىلدىكى، ئون ئىككى مىڭ پالۋان شېھىت بوپتۇ. لېكىن شېھىتلار ئىچىدە قەھرىماننىڭ جەسىتى يوق ئىدى. ئۇنى قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى.

ئەمدى گەپنى قەھرىماندىن ئاڭلايلى:

قەھرىمان سەرۋى خىرامان بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، جىمى لەشكەرلەر مەيداندىن چىقىشتى. قەھرىمان بىلەن سەرۋى خىرامان ئېلىشا - ئېلىشا ھىندى تېغىغا چىقىپ قالدى ۋە كېچىچە جەڭ قىلىشتى. ئاخىر قەھرىمان پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر گۇرزە ئۇردىكى، قىزنىڭ دۇبۇلغىلىرى پارچە - پارچە بولۇپ، كوكۇلىلىرى ھەريانغا تۆكۈلدى. قەھرىمان بۇ گۈزەل

ساھىبجامالغا يېقىن كېلىپ قارىغانىدى، بەدەنلىرى بوشاشقان- دەك، يۈرىكىگە ئىشق تەپكەندەك بولدى. قەھرىمان قانداقتۇر بىر خىل تۈيغۇ ئىچىدە ھېلىقى جانىۋارنى مىنىپ ئۆز لەشكە- رى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ يولدا گەردان كەشان بىلەن ئۇچ- رىشىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى. بۇ چاغدا ئەسىرلەرنى پا- دىشاھ ھوشەڭنىڭ ئالدىغا ئەكىرىشتى. ئۇلار پادىشاھتىن گۇ- ناھلىرىنى تىلەشتى، پادىشاھ ھوشەڭ ئۇلارنى ئازاد قىلدى ۋە كەيۋان شاھقا پادىشاھلار قاتارىدا ئورۇن بەردى. سەھراپىنى بەھرامغا، شىكارگەر ھەييارنى گەردان كەشانغا قوشۇپ بەردى.

ئەمدى سۆزنى ئۇ تەرەپتىن ئاڭلايلى:

راي ھىندى، سەرۋى خىرامان كەلمىدى، دەپ تولىمۇ بى- ئارام بولدى. ھىندىلار پاتىپاراق بولۇشتى. ئۇلار شۇنداق بى- تاقەت بولۇپ تۇرغاندا، سەرۋى خىرامان يېتىپ كەلدى. ئى- نىكئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلىنىپ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. سەرۋى خىرامان بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ:

— ئۇ پالۋان مەندىن غالىب كەلدى. ئەمدى بۇ ئالەم بى- لەن خوشلاشسا كېرەك، — دېدى.

— ئەي نازىنىن، ئۇ پالۋان سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈپ چوقۇم بىقارار بولغان بولسا كېرەك. ئۇ سېنى تاشلاپ كې- تەلمەيدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى ئىنىكئانىسى.

ئەتىسى كەچتە سەرۋى خىرامان دۆزەپەر ھەييارنى چاقىر- تىپ كېلىپ:

— ئەي ھەييار، بۇ كېچە ماڭا ھەمراھ بول. مەن بىرىپ ھېلىقى پالۋاننىڭ بېشىنى ئەكېلەي، — دېدى.

— ئەي نازىنىن. پادىشاھ ھوشەڭنىڭ لەشكىرى ئىچىدە گەردان كەشان دەيدىغان بىر ھەييار بار. ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق

تەس، — دەپ ھودۇقتى دۆزەپەر. سەرۋى خىرامان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەسخىرە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، سەرۋى خىرامان، ئىنىكئانا، دۆزەپەر ھەييار ئۇچەيلەن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار قەھرىماننىڭ چېدىرىغا يېقىن باردى. شۇ چاغدا دۆزەپەر ھەييار ئۆزىنىڭ گەردان كەشاندىن قورقىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىزھار قىلدى. سەرۋى خىرامان تەنھا ئۆزى لەشكەرلەر ئاردىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن يۈرۈپ، ئاخىر قەھرىماننىڭ بارگاھىغا باردى. پاسىبانلار، غۇلاملار ئۇنى چۆرىدەپ يېتىپتۇ. سەرۋى خىرامان ئۇلارنىڭ دىماغلىرىغا بىھوش دورىسى پۈركۈدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولدى. سەرۋى خىرامان خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، قەھرىماننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشنى ئويلىدى، ئەمما ئۇخلاپ ياتقان قەھرىماننى كۆرۈپ تىغ تۇتقان قوللىرى بوشىشىپ، خەنجىرى يەرگە چۈشتى — دە، بىر «ئاھ» تارتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپ، قەھرىماننىڭ ياستۇقىغا باش قويۇپ ياتتى، بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قەھرىماننىڭ جامالىغا قاراپ ئولتۇردى. سەرۋى خىرامان ئاشىق بولغانىدى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى بىر پارچە خەتكە يېزىپ، قەھرىماننىڭ بېشىغا خەنجىرى بىلەن باستۇرۇپ قويدى، قەھرىماننىڭ ئۈزۈكىنى يەم بىلەن ئېلىپ ئۆز قولىغا سېلىۋالدى، ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى قەھرىماننىڭ قولىغا سېلىپ قويدى. سەرۋى خىرامان ئۇ يەردىن چىقىپ پادىشاھ ھوشەڭنىڭ بارگاھىغا بېرىپ كۆردىكى، پاسىبانلار غەمسىز ئۇخلاپ يېتىپتۇ. سەرۋى خىرامان ئۇلارنىڭ دىماغلىرىغا بىھوش دورىسى پۈركۈدى. پادىشاھ ھوشەڭ تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتاتتى. بۇ يەردە گەردان كەشان يوق ئىدى.

دەل شۇ چاغدا گەردان كەشان ئۆز چېدىرىدا قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دەرھال يولغا چىقىپ

پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ بارگاھىغا كېلىپ قارىسا، بىرقانچە پاسىبان ئۆلۈپتۇ. ئۇ كۆردىكى، سەرۋى خىرامان قولىدا خەنجەر تۇتقان ھالدا پادىشاھنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماققا تەمشىلىپ تۇرۇۋاتقۇدەك. گەردان كەشان ۋارقىرىدى:

— ئەي جۇۋان بەرنا، ھېزى بول، مەن گەردان كەشان!

گەردان كەشان ئالماس تىغىنى سەرۋى خىرامانغا شىلتىدى. سەرۋى خىرامان لاچىندەك تېز ئۇچۇپ كېلىپ گەردان كەشاننىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرغانىدى، گەردان كەشان خۇددى كەپتەردەك بېرىپ يەرگە يىقىلدى. سەرۋى خىرامانىنىڭ گەردان كەشاننى ھالاك قىلىشقا كۆڭلى بارمىدى بولغاي، چىقىپ كەتتى. بۇ غوۋغادىن ھەممە لەشكەرلەر ئويغىنىپ قارىسا، سەرۋى خىرامان شامالدەك تېز كېتىۋاتقۇدەك. ئۇنى خېلىغىچە قوغلاپ باققان بولسىمۇ يېتىشەلمىدى.

پادىشاھ ھۆشەڭ بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قاتتىق بىئارام بولدى. بولۇۋاتقان پاراڭ - سۆرەنلەر قەھرىماننى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ سەرۋى خىرامان يېزىپ قويغان خەتنى كۆردى - دە، خەنجەر بىلەن خەتنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى. بىر ۋەزىر خەتنى ئوقۇدى، خەتتە: «ئەي پالۋان، مەن بۇ كېچىدە سېنى ھالاك قىلغىلى كەلگەنىدىم. قارىسام، تېخى ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماپتۇ، رەھىم قىلدىم. سۆزۈم شۇكى، غەپلەتتىن ئويغىنىپ، پادىشاھ ھۆشەڭنى ئېلىپ، پادىشاھ رايىنىڭ خىزمىتىگە بارغىن. پادىشاھ راي ھىندى پالۋانلارنىڭ قەدرىنى قىلىدۇ. ياق دېسەڭ ھېزى بول، جېنىڭدىن جۇدا قىلىۋېتىمەن» دېيىلگەنىدى. بۇ خەتتىن ھەممىسى ھەيران قېلىشتى. قىزنىڭ قەھرىماننى ئۆلتۈرمەي خەت يېزىپ قويۇپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ قەھرىمانغا ئاشىق بولغانلىقىنى پەملەشتى.

ئەلقىسسە: ئەتىسى جەڭ ناغرىسى چېلىندى. ئىككى تام لەشكەرلەر مەيدانغا كىردى. ھىندىلار تەرىپىدىن سەرۋى خىرامان ئالتۇن رەخلىك كىيىم كىيگەن ھالدا كەركىدانغا مىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇنداق كىيىم كىيگەن ۋە كەركىدانغا مىنگەن ئەللىك كىشى كىرىپ كەلدى. پادىشاھ ھۆشەڭ تەرەپتىن بەھرام جەبىل نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا كىردى، ئۇ چوقان كۆتۈرۈپ، نەيزىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئوينىتىپ تۇتۇۋالدى. ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلىدى. سەرۋى خىرامان بەھرامنىڭ نەيزىسىنى تۇتۇۋېلىپ كۈچ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالدى ۋە كەركىدان ئۈستىدە تۇرۇپ بەھرامنىڭ كۆكرىكىگە قاتتىق پەشۋا ئۇردى، بەھرام كەركىداندىن يىقىلدى. ھىندى ھەييارلىرى دەرھال يېتىپ كېلىپ ئۇنى باغلاپ كېتىشتى. سەرۋى خىرامان مەيداندا تۇرۇپ: «ئەر بارمۇ؟!...» دەپ ۋارقىرىدى. ھۆشەڭ تەرەپتىن پالۋان زەنجىرزەن مەيدانغا كىرىپ سەرۋى خىرامانغا گۇرزە شىلتىغاندى. سەرۋى خىرامان ئۇنىڭ گۇرزىسىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆكرىكىگە بىر تېپىپ كەيتەردەك موللاق ئاتقۇ-



زۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئىغىز ـ بۇرنىدىن قان راۋان بولدى. ھەي-
يارلار ئۇنىمۇ باغلاپ ئاچىقتى. ئارقىدىن قادىر خارەزمى دېگەن
پالۋان مەيدانغا چۈشتى. سەرۋى خىرامان ئۇنىڭ قولىنى تىغ
بىلەن تۇتۇۋېلىپ كۆچەپ قىسقانىدى، ئۇنىڭ بارماقلىرى
خەنجىرى بىلەن تەڭ يەرگە چۈشتى. سەرۋى خىرامان پالۋاننى
ئاتتىن ئۆزۈۋېلىپ، بېلىدىن تۇتۇپ ئاتتى. ھەيیارلار ئۇنى
ھەم باغلاپ ئەكەتتى. ئاردىن بىر پالۋان چىقىپ سەرۋى
خىرامانغا گۈرزە ـ گىران ئۇردى. سەرۋى خىرامان بېشىغا
قالقان تۇتتى. پالۋان ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇردى، قالقاننىڭ
قۇببىلىرىدىن يالقۇن ئۆرلىدى. سەرۋى خىرامان تۇيۇقسىز
قولىغا گۈرزىسىنى ئېلىپ، پالۋاننىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ سال-
دى. پالۋان پىل بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە چاپلاشتى.

ئەلقىسسە: ئەتىدىن كەچكىچە ھۆشەڭ تەرەپتىن سەكسەن
تۆت پالۋان ھالاك بولدى. سەرۋى خىرامان قەھرىماننىڭ
مەيدانغا كىرىشىنى تەقەززا قىلمۇاتاتتى. يۈرەكنى يارغۇدەك
دەھشەت ئاۋاز بىلەن قەھتىران ئېبنى تەغماج مەيدانغا كىر-
دى. قەھتىران ھەيۋەت بىلەن سەرۋى خىراماننىڭ قېشىغا
كەلدى ۋە:

— ئەي بىئەدەپ، مەيداندىن يانماي يەنە نېمىگە تۇرىسەن؟
ھېزى بول! — دېدى.

سەرۋى خىرامان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپكە تولدى ۋە:

— ئەي پالۋان. يولۋاسنىڭ ئەركىكىمۇ يولۋاس، چىشى-
سىمۇ يولۋاس. سەنمۇ ھېزى بول! — دەپ كەركىدانغا قامچا
ئۇرۇپ مەيداننى نەچچە ئايلاندى، ئاندىن سەرۋى خىرامان قو-
لىدىكى نەيزىسىنى قەھتىرانغا قارىتىپ ئاتتى، قەھتىران قال-
قان تۇتۇۋالدى. نەيزە قالقاندىن ئۆتۈپ قەھتىراننى ھالاك
قىلغىلى تاس قالدى. قەھتىران بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆزىنى

ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئالدى. سەرۋى خىرامان يەنە نەيزە ئۇردى،
نەيزە قالقاننى پارە - پارە قىلىۋەتتى. گەردان كەشان قەھ-
تىرانغا تېزلىكتە قالقان يەتكۈزۈپ بەردى. سەرۋى خىرامان
قولىغا گۇرزە - گىراننى ئېلىپ قەھتىرانغا قارىتىپ ئاتتى.
گۇرزە كېلىپ قالقانغا تېگىپ ئوتلار چېقىلدى. سەرۋى خىرا-
مان قەھتىراننى كۆز ئاچقىلى قويماي، تۆپە - تۆپىلەپ گۇر-
زە ئۇردى. قەھتىران ئاخىرقى غەيرىتىنى يىغىپ، گۇرزە -
گىراننى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋېلىپ، سەرۋى خىرامانغا قارى-
تىپ ئاتتى. سەرۋى خىرامان قالقان تۇتۇۋالدى. ئەمدى سەرۋى
خىرامانىنىڭ غەزىپى تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ تىغنى قولىغا ئېلىپ
ۋارقىرىدى:

— ئەي قەھتىران، سەن قەھرىمانىنىڭ تۇغقىنى ئىكەن-
سەن، ساڭا قەھرىمانىنىڭ يۈزىنى قىلىۋاتىمەن. ئاگاھ بول!

دەل شۇ چاغدا قەھتىران سەرۋى خىرامانىنىڭ بېشىغا يە-
نە بىرنى ئۇردى، سەرۋى خىرامانىنىڭ قالقىنى پارە - پارە بو-
لۇپ كەتتى. قەھتىران ئۇنى ئەمدى تۈگەشتى دەپ تۇراتتى،
سەرۋى خىرامان لاچىندەك چەبدەسلىك بىلەن قەھتىراننىڭ
ئارقىسىدىن قىلىچ كۆتۈرۈپ باردى. بۇنى كۆرگەن گەردان
كەشان:

— قەھتىران، ھېزى بول! — دەپ پەرياد كۆتۈردى.
قەھتىران دەرھال بېشىغا قالقان تۇتتى. كىشىلەر قەھتىران-
دىن ئاللىقاچان ئۈمىد ئۈزۈشكەنىدى، لېكىن سەرۋى خىرامان-
نىڭ رەھمى كېلىپ ئۇنى قىلىچىنىڭ ئارقىسى بىلەن چاپتى.
قەھتىران ئۆزىنىڭ ساق قالغانلىقىغا گۇمان قىلغاندەك بول-
دى. قەھتىران ئۆزىنى ئوڭشاپ سەرۋى خىرامانىنىڭ بېلىدىن
قۇچاقلاپ تارتىپ باقتىيۇ، ئاتتىن ئالالمىدى. بۇ ئىككىسى
تەڭ ئاتتىن چۈشۈپ بەلمۇبەل ئېلىشتى، كىيىم - ساۋۇتلىرى

پارچە ـ پارچە بولدى. ئاخىر سەرۋى خىرامان قەھىرىمانىنى يەردىن ئۆزۈۋېلىپ، دادىسىنىڭ توغى قادالغان جايغا كۆتۈرۈپ بېرىپ يەرگە ئۇردى. ئىككى تام لەشكەرلەر ئارىسىدىن چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى.

پادىشاھ ھۇشەڭ تاقەت قىلالماي، ئۈچ يۈز مىڭ تۈرك لەشكىرىنى سەرۋى خىرامان تەرەپكە ئاتلاندۇردى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھالاكەت ئىلكىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تىغ ئوينىتىپ، ئۆزىنى ھىندى لەشكەرلىرىگە زەرب بىلەن ئۇردى. ئىككى تەرەپ قىزىق جەڭ ئىچىگە غەرق بولدى. سەرۋى خىرامان ئاتىسىنىڭ توغى ئاستىدا تۇرۇپ، قەھرىماننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھالاكەت ياغدۇرۇپ ئۆزلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۇساتتىن ئۇ تەرەپتىن بىر بوغۇناق نامايان بولدى. بوغۇناق ئىچىدىكى ئىككى يۈز پالۋان ئارىسىدىن بىر پالۋان ئاۋۋال راي ھىندى تەرەپكە كەلدى ۋە راي ھىندىگە:

— ئەي پادىشاھىم، ئىسپەندىيار كەلدى. ئەمدى دۈشمىنىڭدىن غەم يېمە، سۆيۈنچە بەر، — دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان راي ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئاملار قىلدى. ئىسپەندىيار ئىككى يۈز مىڭ ئومان لەشكىرى بىلەن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇلار پادىشاھقا سالام ئادا قىلىپ بولۇپ، پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىگە تاشلاندى.

ئەلقىسسە: ھىندى لەشكەرلىرى قۇۋۋەت تېپىپ، ئۆزلىرىنى قايتىدىن جەڭگە ئاتتى. ھەركىم ئىسپەندىيارغا دۈچ كېلىپ قالسا، گۈرزە يەپ پارە ـ پارە بولۇپ چۈشەتتى. ئىسپەندىيارنىڭ بىر پالۋىنى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قىلىچ ئۇرۇپ، بىر لەشكەرنى بىر تاش بىلىپ ھەر تەرەپكە ئاتتى. پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدىمۇ بىر پالۋان بار

ئىدى. ئىسمى كەھلۇن كۆھ دېيىلەتتى. بۇ پالۋان ئىسپەندى-
يارغا دۆچ كەلدى ـ دە، دەرھال تۇپراققا بەند بولدى. ئاندىن
پەررۇخ زادىمۇ يەرگە ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن مەنتۇش ئەرە-
بىمۇ يەر چىشلىدى. جەڭدە ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىگە پەلەك
تەتۈر بولدى.

ئەمدى گەپنى قەھرىماندىن ئاڭلايلى:

سەرۋى خىرامان نىقاب بىلەن جەڭگە كىرگەنىدى. ئۇ
قەھرىمان بىلەن بىر كۈن كەچكىچە ئۇرۇشتى. قەھرىمان ئا-
خىر سەرۋى خىرامانىنى جەڭدىن توختاتتى. سەرۋى خىرامان
يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىۋېتىپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى، ئاندىن
قەھرىمانغا:

— ئەي پالۋان ساھىبقىران، پالۋانلىقىڭغا ئاپىرىن، قول
بەردىم. بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە جەڭ نېسىپ بولمىغاي، ئىك-
كىمىز جەڭنى قويايلى، ئەسىرلەردىن غەم يېمە، — دەپ يو-
لىغا راۋان بولدى. بۇ چاغدا ئىككى سەپ لەشكەرلەر ئۇر -
چاپتىن يېنىشتى، ئىككى پادىشاھمۇ ئۆز قارارگاھلىرىغا بې-



رىشتى. قەھرىمان ئۆز پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ سالام ئادا قىلدى. ھەممەيلەن ئۆز جايلىرىغا بېرىشىپ ئىستىراھەتكە مەشغۇل بولۇشتى. قارىسا. سەكسەن تۆت پالۋاننىڭ ئورنى بوش تۇرغۇدەك. بۇ ھالنى كۆرۈپ قەھرىماننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى. قەھرىمان شۇنداق غەزەپلەندىكى، ئۇرغان دەم ـ نەپەسلىرىنى كىشىلەر ئاڭلاپ تۇرۇشتى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان پادىشاھنى غەمكىن ھالدا كۆرۈپ، ئۆز بارگاھىغا ياندى. گەردان كەشان قەھرىماننىڭ ئارقىسىدىن بارگاھقا كىرىپ قەھرىماننى كۆردىكى، ئۈستىگە قارا لىباسلارنى كىيىپتۇ. گەردان كەشان ئېيتتى:

— ئەي پالۋان. بۇ كېچىدە قارا لىباس كىيىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

قەھرىمان جاۋاب بەردى:

— مۇشۇ ھالىتىم بىلەن پادىشاھ راينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەسىرلەرنى خالاس قىلىمەن.

— ئەي قەھرىمان، بۇ بەك خەتەرلىك، — دېدى گەردان



كەشان.

— ئەي گەردان كەشان، قەھتمران باشلىق سەكسەن تۆت نامدارلار ھىندىلارنىڭ قولىدا تۇرسا. مەن قانداقمۇ ئارام ئالىمەن. مەن بېرىپ ئۇ لەئىنلەرنى ۋەيران قىلىمەن، — دېدى قەھرىمان. گەردان كەشان بۇ سۆزدىن ھاياجانلىنىپ ئۆزىمۇ قارا لىباس كىيدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى يولغا راۋان بولدى. پادىشاھ راي ھىندى جەڭدىن يېنىپ ئۆز بارگاھىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئىسپەندىيارغا ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ تون كىيدۈردى. بۇ چاغدا ئىسپەندىيار:

— ئەي پادىشاھ راي، مېنىڭ بۇرادىرىم كەھبال قېنى؟ — دېدى. پادىشاھ ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەي پالۋان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر پالۋان بار، ئىسمى قەھرىمان قاتىلدۇر. بۇرادىرىڭنى ئەنە شۇ ھالاك قىلدى، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىسپەندىيار:

— قانداق قەھرىمان ئىكەن ئۇ؟ ئۇنى ماڭا نېمىشقا كۆرسەتمىدىڭ؟ ئۇنىڭ جېنىنى تۇپراققا ئۇراتتىم، ئۇستىخانلىرىنى ئۇن - تالقان قىلاتتىم. ۋاي بۇرادىرىم، — دەپ پەرياد كۆتۈرۈپ ياش تۆكتى ۋە، — ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلار! — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان سەرۋى خىرامان كۈلۈپ قويدى.

ئەلقىسسە: راي ھىندى: «ئوت يېقىڭلار» دېگەنىدى، ئوت يېقىلدى. بۇ چاغدا قەھرىمان بىلەن گەردان كەشان بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار يىراقتىن ئەھۋالنى كۆزەتتى. ئوت ئىچىدىن: «ئەي غۇلام راي، بۇگۈن دۈشمىنىڭ قەھتمرانىنى قولۇڭغا تۇتقۇن قىلىپ بەردىم. يەنە ئىسپەندىياردەك پالۋاننى ساڭا ياردەم بەرگىلى كەلتۈردۈم. ئەمدى قەھتمراننى ئۆزۈڭگە دەۋەت قىل، ئەگەر قوبۇل بولسا مەيلى، بولمىسا ھالاك قىل...» دېگەندەك سادا چىقتى. ھىندىلار خۇشال بولۇشتى.

قەھرىمان بۇ ھالنى كۆرۈپ گەردان كەشانغا ئېيتتى:

— بۇ ئوتنىڭ ئىچىدىكى كىم؟

گەردان كەشان ئېيتتى:

— ئۇ شەيتاندۇر.

ھىندى جاللاتلىرى قەھتىران باشلىق جىمى سەردارلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتى. قەھرىماننىڭ كۆزى قەھتىرانغا تىكىلىپ، ئۆزۈمنى ئاشكارىلايمۇ، قانداق، دەپ ئالدىرىدى. گەردان كەشان ئۇنى توستى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇيدۇرماي جاللاتلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ تۇردى. پادىشاھ راي ھىندى دۆزەپەر ھەييارغا: «قەھتىراننى ماڭا مايىل بولۇشقا دەۋەت قىل» دېدى. دۆزەپەر ئېيتتى:

— ئەي قەھتىران، بۇرۇن پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ خىزمىتىنى كۆپ قىلدىڭ. ئەمدى ماڭا ئەسىرگە چۈشتۈڭ. ئۇ سېنى ياد ئېتىپمۇ قويمىدى. بۈگۈن كۆردۈڭمۇ، پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھالى نېمە بولدى؟ ئەمدى پادىشاھ رايغا غۇلام بول، شۇنداق قىلساڭ جېنىڭ ئامان قالىدۇ.

قەھتىران بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. قاراپ تۇرغان قەھرىماننىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ، گەردان كەشانغا:

— ئەي ھەييار، مېنى مۇنچە توسمىغىن، ئەمدى ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلمىسام، مەردلەر قاتارىدىن نامىم ئۆچىدۇ، — دەپ مەيدىسىگە نەچچىنى ئۇردى. راي ھىندى جاللاتلىرىغا ئەمر قىلدى:

— بۇلارنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

جاللاتلار تىغ تارتىپ ئەسىرلەرگە قاراپ مېڭىشتى. ئەسىرلەر جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆزئارا رازىلىق ئېلىشتى. بىر جاللات ئاۋۋال قەھتىراننىڭ بېشىغا تىغ ئۇرماقچى بولغاندى، بۇنى كۆرگەن قەھرىمان تولىمۇ بىتاقەت بولۇپ تىغنى

غىلاپتىن سۇغۇرغىنىچە بىرىپ جاللاتنىڭ بېشىغا ئۇردى. جاللاتنىڭ بېشى ئۇزۇلۇپ يەرگە چۈشتى. گەردان كەشان قولىغا تىغ ئېلىپ ھىندى لەشكەرلىرىگە تاشلاندى. قەھرىمان قەھتىمرانىنى زەنجىر - كىشەنلەردىن ئازاد قىلدى. گەردان كەشان سەكسەن تۆت پالۋاننى كىشەندىن ئازاد قىلدى. پالۋانلار ھىندى لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئىسپەندىيار ئۇيقۇدا ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىز پادىشاھ رايىنىڭ بارگاھىدىن ئاجايىپ غوۋغايى ئەزىمنى ئاڭلاپ ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، ئىككى يۇزمىڭ ئۇممان لەشكىرىنى سەپلەپ، ئالدىدىكى قايسى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماي تامامىي ئادەمگە تىغ ئۇردى. قەھرىمان بولسا مىسلى ئەجدىھادەك ھىندى لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، دۈشمەنلەرنى ھەر تەرەپكە سۈرەتتى. بۇ كېچە شۇنداق بەلەن جەڭ - جەھەد بولدىكى، راي ھىندى بىلەن ئىسپەندىيار لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى يەردە يېتىشتى. راي ھىندى دەرھال ئەمر قىلىۋىدى، تەبىل چېلىنىپ، ھەممىسى ئۇرۇشتىن قول يىغدى. قەھرىمان جىمى سەركەردىلىرىنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار شاھقا سالام بەجا كەلتۈرۈشتى. پادىشاھ خۇشاللىقىنى باسالماي ۋاپادارلىرىنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈپ ئۆتتى، ئاندىن قەھرىمانغا شەھەر ۋە كۆپ مال ئىنئام قىلدى. قەھرىمان پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىگە تەشەككۇر بىلدۈردى.

ئەمدى سۆزنى ئۇ تەرەپتىن ئاڭلاڭلار:

پادىشاھ راي ھىندى تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. قالغان سەركەردىلەرمۇ ئۆز جايلىرىغا بىرىشتى. ئارىدا ئىسپەندىيار سۆز باشلىدى:

— بۇ كېلىشمەسلىك ئەجەب بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدىغۇ؟

— ئەي ئىسپەندىيار، — دېدى راي ھىندى، — بۇ غوۋ-

غانى تېرىغان بىر كىشى بار، ئۇ قەھرىمان.

ئەلقىسسە: كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. ئىككى سەپ يەنە بە-ئەينى ئېقىن دەريادەك جەڭگە هازىر بولۇشتى. سەركەردىلەر ئا-دەملىرىنى سەپراس قىلىشتى. ئۇ تەرەپتىن ئىسپەندىيار مەيدانغا كىردى، پادىشاھ هۇشەڭ تەرەپتىن مەنتۇس مەيدانغا كىردى. ئۇ بىرىپ ئىسپەندىيارغا نەيزە - گىرانلارنى شىلتى-دى. ئىسپەندىيار ئۇنىڭ ھەربىر نەيزىسىنى رەت قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇردى. بۇنى كۆرۈپ ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىسىدىن غەلىيان كۆتۈرۈلدى. ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە يەنە بىر پالۋان بار ئىدى، ئىسمى خىتاي گۇرزە گىران دېيىلەتتى. ئۇ كىرىپ گۇرزە ئۇرۇشقا باشلى-دى، ئەمما ئىسپەندىيار ئۇنىڭ گۇرزىسىنى قولى بىلەن قو-شۇپ تۇتۇۋېلىپ، ئاتتىن ئۈزۈپ كۆتۈرۈپ ھۇشەڭنىڭ سېپى



تەرەپكە چۆرۈپ ئېتىۋەتتى. ئۇ پالۋان ھالاك بولدى. بۇنى كۆر-
گەن پادىشاھ ھۇشەڭ تولىمۇ مەيۈسلەندى. ئىسپەندىيار بەك
مەغرۇرلىنىپ، مەيدىسىنى يوغان كېرىپ لاپ ئۇرۇشقا باشلى-
دى. تاقىتى تاق بولغان قەھرىمان دەرھال ئالتە ئاياغلىقنى
مىندى. بۇنى كۆرگەن بەھرام جەبىل قەھرىمانىنى توسۇپ ئات
سۈرۈپ مەيدانغا كىردى. ئىسپەندىيار بۇنى كۆرۈپ:

— سەن قەھرىمان قاتىلمۇ؟ — دېدى.

— مېنىڭ ئېتىم بەھرام جەبىلدۇر.

— شەھرى چىنىنىڭ پادىشاھىمۇسەن؟

— ھەببەللى !

— ئەي بەھرام، كەل ! مېنىڭ غۇلامىم بول، سېنى ئۆ-
لۈمدىن ئازاد قىلاي. مەن قەسەم ئىچىپ كەلدىم، پادىشاھ
ھۇشەڭنىڭ لەشكەرلىرىدىن ھەركىم قولۇمغا چۈشسە ھالاك
قىلماي قويمايمەن. بۇرادىرىم كەھبال ئۈچۈن ئىنتىقام ئالى-
مەن، — دېدى ئىسپەندىيار. بەھرام:

— ئەي ئىسپەندىيار، مۇنچە مەغرۇر بولمىغىن. كۆرۈپ
قوي، سەن تەلەپ قىلغان غۇلام ئەمدى نېمە ئىشلارنى قىلار-
كىن؟ ! — دېدى ۋە قولىغا بەھەيۋەت گۇرزە ئېلىپ، — ئەي
لاپخور، ھېزى بول ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئىسپەندىيار بېشىغا
قالقان تۇتتى. بەھرام ئارام بەرمەي گۇرزە ئۇردى. ئىسپەندى-
يارنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، بېشىغا ئۇزۇلمەي گۇرزە
ئۇرۇلدى. ئىسپەندىيار گۇرزىلەرنى رەت قىلىپ، زور بىر
گۇرزىنى ئېلىپ كۈچ بىلەن بەھرامغا قارىتىپ ئۇردى. ھۇ-
شەڭنىڭ لەشكەرلىرى بەھرامدىن ئەنسىرەيتتى. ئىسپەندىيار
بەھرامنىڭ يەنە ساق تۇرغىنىغا غەزەپلىنىپ يەنە بىر گۇرزە
ئۇرغاندى، بەھرامنىڭ ئۇستىخانلىرى لەرزىگە كەلگەندەك
بولدى، لېكىن ھېچنېمە بولمىدى. ئاندىن ئىسپەندىيار قولىغا

نەيزە ئېلىپ ئېتىلدى، ئۇمۇ كار قىلمىدى. شەمشەر ئېلىپ ئېتىلىشقا باشلىدى، شەمشەرمۇ پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

ئەلقىسسە: ئىسپەندىيار لەشكەرلىرىگە ئىشارەت قىلغاندى، ئۇنىڭغا ئومۇت كەلتۈرۈپ بېرىشتى. ئومۇت كېلىپ بەھرامنىڭ قالقىنىغا تەگدى. بەھرام چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. بۇنى كۆرگەن ئىسپەندىيار غەزەپ بىلەن ئومۇت ئۇرۇشقا تەييارلاندى. دەل شۇ دەم قەھرىمان مەيداننى چاك - چاك قىلىۋەتكۈدەك ئاۋاز چىقىرىپ، ئالتە ئاياغلىققا مىنىپ نەرە تارتىپ ئىسپەندىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسپەندىيار دەھشەت ئىچىدە قەھرىماننى كۆردى. قەھرىمان مەيداندا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گەردان كەشان خەنجەر تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. كىشىلەر توپى تىپتىنچ كۆرۈنەتتى. بۇ ھالنى سەرۋى خىرامان كۆرۈپ تۇردى. ئىسپەندىيار:

— ئەي پالۋان، ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى.

قەھرىمان جاۋاب بەرمىدى. گەردان كەشان ئېيتتى:

— ئەي دىۋە بەچچە، ئاگاھ بول ! بۇ شۇنداق بىر پالۋاندۇركى، ئېتى قەھرىماندۇر !

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىسپەندىيار خۇن - جىگىرى بىلەن پەرياد ئۇردى، ئاۋازى جاھاننى قايغۇغا سالدى. كىشىلەر تەئەججۇپكە چۈشۈشتى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ:

— سەن قەھرىمان قاتىلمۇ؟ مېنىڭ كەھبالىمنى ھالاك قىلغان سەنمۇ؟ — دەپ ھۆركىرىدى. قەھرىمان:

— ئەي لەئىن، سېنىمۇ بۇرادىرىڭنىڭ ئارقىسىدىن يولغا سالىمەن ! — دېدى. ئىسپەندىيار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ غەزىپى تېشىپ، تېنى يېرىلاي دېدى. ئۇ چىدىماي شۇنداق پەرياد كۆتۈردىكى، ئالەم مالەم بولغاندەك بولدى. ئۇ ئومۇتنى قولىغا ئېلىپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ قەھرىمانغا ئېتىلدى. تامامى

كىشىلەرنىڭ كۆزى قەھرىماندا قالدى. قەھرىماننىڭ ئوڭ قو-
لىدا تىغ، چەپ قولىدا قالقان بار ئىدى. ئىسپەندىيار توختىماي
تىغ ئۇردى، ئەمما قەھرىمان بىرەر زەربىنىمۇ ئۆزىگە يېقىن
كەلتۈرمىدى. بۇ كارامەت ھەيۋەتنى كۆرگەنلەر قەھرىمانغا ئا-
پىرىن ئوقۇشتى. ئىسپەندىيار تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ ئومۇت
ئۇردى، قەھرىمان ئۇنى قالقان بىلەن رەت قىلدى. ئەمدى نۆۋەت
قەھرىمانغا كەلدى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن دەھشەت سېلىپ
بارغىنىچە ئىسپەندىيارنىڭ بېشىغا ئۇردىكى، ئاسمان كۆمتۈ-
رۈلگەندەك بولدى. ئىسپەندىيارنىڭ كاللىسى ھەسسە - ھەسسە
بولۇپ يەرگە چۈشتى. بۇ ھالنى سەرۋى خىرامان كۆرۈپ، ئى-
چىدە قەھرىمانغا مەدھىيە ئوقۇدى.

شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇركى، قەھرىمان ئىسپەندىيارنى
ھالاك قىلغاندىن كې-
يىن مەيداندا تۇرۇپ:

— ئەر بارمۇ؟ —
دەپ ۋارقىرىدى. مەيدان
ئىمتاس بولۇپ كەتتى.
ھېچ كىشى مەيدانغا
چىقمىدى. پادىشاھ
راينىڭمۇ ئەقلى لال
بولدى. ئۇ قىزى سەرۋى
خىرامانغا قاراپ:

— ئەي جىگەر
گۆشۇم، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ
تاقابىل تۇرغىن، —
دېدى. سەرۋى خىرا-
مان:



— ئەي دادا، ھەممە ئەھۋال مەلۇم بولدى. قەھرىمان ئىسپەندىيارنى ئۆلتۈردى. ئەمدى بولدى قىلايلى. قالغان بىچارىلەر ئۆلۈمدىن خالاس بولسۇن. پادىشاھ ھۇشەڭ بىلەن سۇلھى يولىنى ئىزدەڭ، ھەممىمىز ئازاد بولايلى، — دېدى. راي ھىندى ئېيتتى:

— ئەي جىگەر گۆشۇم، بۇ ئىش باشتا شۇنداق بولسا بولاتتى، ئەمدى بولمايدۇ، چۈنكى مۇنچە پالۋان - لەشكەرلەر ھالاك بولدى، دۈشمەنلىشىش چەكتىن ئاشتى، پۇرسەت ئۆتتى، يارىششىنىڭ ئورنى قالمىدى.

سەرۋى خىرامان دېدى:

— ئەي دادا، سۇلھى قىلماقنىڭ يولىنى مەن ئىزدەي.

سەرۋى خىرامان بىرقانچە ئاكابىرلارنى ئېلىپ ھۇشەڭ پادىشاھنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. ئۇلار قەھرىماننىڭ قېشىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، قەھرىمانغا تەزىم قىلدى. بۇنى كۆرگەن قەھرىمان ئېيتتى:

— ئەي مەلىكەزادە، جەڭ ئارزۇسى بىلەن كەلدىڭمۇ ياكى سۇلھى ئارزۇسى بىلەن كەلدىڭمۇ؟

سەرۋى خىرامان ئېيتتى:

— ئەي ساھىبقىران، شەپقەت تىلەپ كەلدىم. لۇتفى - ئېھسانىڭ بىلەن بىزلەرنىڭ يۈز - خاتىرىمىز ئۈچۈن ئاتامنىڭ گۇناھىنى پادىشاھ ھۇشەڭدىن تىلىۋالارسەنمۇ؟ مېنىڭ ئارزۇيۇم — ئىككى پادىشاھنى سۇلھى قىلدۇرساڭ.

سەرۋى خىرامان يۈزىدىكى نىقابنى ئېلىۋېتىپ، قەھرىمانغا جامالىنى تولۇق كۆرسەتتى. قەھرىمان سەرۋى خىراماننىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ۋۇجۇد زېمىنلىرىدا زىلزىلە پەيدا بولدى. ئاندىن ئېيتتى:

— ئەي نازىنىن، سەن بىلەن كىممۇ ياراشمىغاي؟!

قەھرىمان قىلىچلىرىنى غىلاپقا سالدى، ئاندىن پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ قېشىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە:

— ئەي شەپقەتلىك پادىشاھ، پادىشاھ رايىنىڭ قىزى سەرۋى خىرامان ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ كەپتۇ، — دېدى. پادىشاھ ھۆشەڭ:

— ئەي پالۋان، ساھىبقىرانىم، مەن سەرۋى خىرامانىنىڭ ياخشىلىق ئەكەلگەنلىكىنى سېزىۋاتىمەن. سۇلھىنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ۋە مەلىكىلەر سەرۋى خىرامانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ مەرھابا ئوقۇشتى ۋە سەرۋى خىرامانى ھۆشەڭ شاھنىڭ بارگاھىغا ئەكىرىشتى. سەرۋى خىرامان ھۆشەڭ شاھقا ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلدى ۋە تەزىمدە تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. قەھرىمان باشلىق باشقا پالۋانلارمۇ راي ھىندىنىڭ گۇناھىنى تىلىشىپ بەردى. سەرۋى خىرامان بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئېيتتى:

— ئەي پادىشاھى جاھان، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، مەن كېنىزەكلىرى ئاتام ئۈچۈن خىزمەتلىرىگە كەلدىم. لۇتفى قىلىپ ئاتامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە.

پادىشاھ ھۆشەڭ ئېيتتى:

— ئەي نازىنىن، سېنىڭ يۈز - خاتىرەڭدىن داداڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم ھەم ئۆز شەھرىنى ئۆزىگە بەردىم.

ئەلقىسسە: سەرۋى خىرامانىنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت تەييارلاندى. كۆڭۈللەرنى خۇشاللىق قاپلىدى. قىممەت باھالىق ئالىي لىباس كەلتۈرۈلۈپ سەرۋى خىرامانغا كىيدۈرۈلدى، قولىغا ئالتۇن ئېگەرلىك ئات تۇتقۇزۇلدى. مەلىكە چەكسىز مىننەتدارلىقى بىلەن پادىشاھقا ئۆزۈنغىچە تەزىمدە تۇردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئۇلۇغ شاھىم ئىجازەت بولسا، ئەمدى ئاتامنىڭ ئال-

دىغا بارسام، شاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ مەرھەمىتىنى خوش خەۋەر قى-
لىپ يەتكۈزسەم، — دەپ ئۆتۈندى. سەرۋى خىرامان يولغا چى-
قىش ئالدىدا، پادىشاھ ھۆشەڭ ئەڭگۈشتەر زۇننارىنى ئۇنىڭغا
بەردى، گەردان كەشاننى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن
ھەمراھ قىلدى. ئۇلار ئىكرام بىلەن ھۆشەڭنىڭ بارگاھىدىن
ئايرىلىپ، راي ھىندىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار
شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم ئادا قىلدى، ئاندىن سەرۋى
خىرامان گەردان كەشانغا مۇناسىپ جاينى كۆرسىتىپ بېرىپ،
ئۆزى بىر جايغا بېرىپ ئولتۇردى. راي ھىندى:
— ئەي جىگەر گۆشۈم، پادىشاھ ھۆشەڭدىن ماڭا نېمە
خەۋەر ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. سەرۋى خىرامان ئورنىدىن
تۇرۇپ بوينىدىكى ئەڭگۈشتەر زۇننارنى كۆرسەتكەندى، ھەمە-
مىسىنىڭ كۆڭلى خۇشاللىققا چۆمدى. چۈنكى ھىندىستان دى-
يارى ئۇرۇش دەستىدىن خاراب بولۇپ كەتكەندى. سەرۋى
خىرامان دادىسىغا:
— سۆيۈنچە بەر، دادا، پادىشاھ ھۆشەڭ يالغۇز ساڭىلا ئا-
مانلىق بەرگىنى يوق، جىمى ھىندىستان ۋىلايىتىگە. ئۇنىڭ
ھەممە پۇقرالىرىغا ئامانلىق بەردى، — دېدى ھەمدە ئۇلارنىڭ
ياخشىلىق ۋە پەزىلەتلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ ئۆتتى.
پادىشاھ راي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ روھلىنىپ كەتتى، ئاندىن
ئۆزىگە تەۋە ۋىلايەتلەرگە خوش خەۋەر يەتكۈزدى ۋە پادىشاھ
ھۆشەڭگە مىننەتدارلىق سوۋغىلىرىنى تەييارلىدى.
پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ دەرگاھىدا كىشىلەر شادى ئىشرەتكە
مەشغۇل بولۇشتى. قەھرىمان بولسا بۇ ئىشرەتتىن تەرك بو-
لۇپ، سەرۋى خىرامانىڭ ئىشقىدا خىيال سۈرەتتى. پادىشاھ
ھۆشەڭ قەھرىماننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ تولا بىئارام بولدى
ۋە تەئەججۈپلەندى. گەردان كەشان پادىشاھقا قەھرىماننىڭ

سەرۋى خىرامانغا ئاشىق بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ بۇلارنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىش ئۇچۇن پادىشاھ رايىغا ئادەم ئەۋەتىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سەرۋى خىرامان قەھرىماننىڭ ئىشقىدا بىتاقەت - بىئارام ئىدى. ئۇ ئۇستىگە لىباسىنى كىيىدى ۋە ئىنىكئانىسىغا:

— ئەي ئانا، ماڭا ھەمراھ بولغىن، پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ بارگاھىغا بېرىپ تاماشا قىلايلى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھۇشەڭنىڭ بارگاھىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئەلقىسسە: ئۇلار قەھرىماننىڭ بارگاھىغا يېقىن كەلگەندە گەردان كەشان بىلەن ئۇچراشتى. گەردان كەشان مەلىكىگە سالام بەجا قىلدى ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئۆز ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى. ئىززەت - ئىكرامدىن كېيىن سەرۋى خىرامان يۈزىدىكى نىقابىنى كۆتۈرگەنىدى، قاراڭغۇ كېچە روشەن بولدى. بۇ ھالدا ھەركىم ئۇنىڭ جامالىغا قارىسا ئەقلى لال بولۇپ قالاتتى. گەپنى گەردان كەشان ئالدى:

— ئەي نازىنىن، گۇمانىم شۇكى، سەن ئاشىقلىقتا ئەسىردەك تۇرىسەن، بۇ ھالنى ماڭا بايان قىل. بىمار دەردىنى تېبىپتىن مەخپىي تۇتسا خوپ ئەمەس، — دېدى.

سەرۋى خىرامان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى - دە:

— ئەي گەردان كەشان، مېنىڭ ھالىمنى ئىنىكئانامدىن باشقا بىر دىركىم بىلگەن ئەمەس، — دېدى ۋە سۆيۈنچە ئۇچۇن مەملىكەت باراۋىرىدە ئىككى دانە گۆھەرنى گەردان كەشاننىڭ ئالدىغا قويدى. گەردان كەشان سەرۋى خىرامانغا تەزىم قىلىپ، خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلىدى. گەردان كە-

شانغا ئىنىكىئانا باشقىچە ــ گويا ئاپتاپتەك كۆرۈندى. گەردان
كەشان كۆزىنى ۋە تامامىي ئەقىل ـ ھوشىنى ئۇنىڭغا بېرىپ
قويدى. گەردان كەشان سىرىنى ئىمكان بار پىنھان تۇتقان
بولسىمۇ، ئەقىللىق سەرۋى خىرامان گەردان كەشانىنىڭ روھىـ
ـدىكى ئۆزگىرىشنى پەملەپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئەتىسى
گەردان كەشان پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ سەرۋى خىرامان
بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەھرىمانغا كۆڭۈل بەرگەنلىـ
ـكىنى ئېيتتى.

ئەلقىسسە: راي ھىندى ئون ئىككى مىڭ پىلنىڭ ئۈستىـ
ـگە تەخت ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئۈچ مىڭىغا بىردىن ساھىبجامالـ
ـنى ئورۇنلاشتۇردى، قالغان توققۇز مىڭىغا داڭلىق شايى نەـ
ـقىشلەرنى كۆتۈرگەن غۇلاملار ئورۇنلاشتى. يەنە بەش مىڭ تۆـ
ـگىگە خەزىنە، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھىندىستان ماللىرى ئارـ
ـتىلدى. پادىشاھ راي خىزمەتچى، سەركەردىلىرى بىلەن تۆگە
تەخت قىلىپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. شۇ ھەشەمەت بىلەن
پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ قارارگاھىغا قاراپ كەلدى. بۇنى پادىشاھ
ھۆشەڭ ئاڭلاپ: «جىمى سەركەردىلەر، پالۋانلار، كېنىزەكلەر،
ساھىبلار پادىشاھ راي ھىندىنىڭ ئالدىغا چىقسۇن !» دەپ
ئەمر قىلدى.

ئەلقىسسە: جىمى پېشۋالار پادىشاھ راينىڭ كېلىشىنى
كۈتۈپ ھۆرمەتتە تۇردى. ھەر ئىككى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن
تەرتىپ ساقلىغۇچىلار ئادەملەرنى سۈرۈپ يوللارنى خالىي قىـ
ـلىپ، پادىشاھ راينى پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ بارگاھىغا يەتكۈزدى.
پادىشاھ راي كىرىپ كۆردىكى، بارگاھنىڭ ئىچىدە ئالتۇن
تەختنى ئەزىم بولۇپ، تەخت ئۈستىدە پادىشاھ ھۆشەڭ ئولـ
ـتۇراتتى. پادىشاھنىڭ تەختىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تەخت ۋە
ئون مىڭ ئالتۇن كۇرسى، ئون تۆت مىڭ كۈمۈش كۇرسى بار

ئىدى، ئون ئىككى مىڭ غۇلام قول باغلاپ تۇراتتى. پادىشاھ-نىڭ ئەتراپىدا ئۈچ يۈز ۋەزىر ۋە دانىشمەن ئولتۇراتتى. ۋە-زىرلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا شەرق ھەكىم بۇزرۇك ئولتۇرات-تى. پادىشاھ ھۇشەڭ شايى لىباس كىيگەن بولۇپ، بېشىدا گۆھەر تاج ئاجايىپ ھەشەم بىلەن نۇرلىناتتى. ئۇنىڭ ساقىلى ئاقىرىپ سىنەسىگە چۈشكەنىدى. بىر قاراشتىلا ئۇ جەمشىت سۈرەت، ئىسكەندەر سۈپەت، سۇلايمان شەۋكەت ئادەم ئىكەنلى-كى نامايان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا خاس پاسىبانلار سەپ تار-تىپ تۇراتتى. پادىشاھ راي بۇ سەلتەنەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. بۇ چاغدا، ئىران، تۇران، كەيۋە شاھلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھ راينى پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. پادىشاھ ھۇشەڭ تەختتىن چۈشۈپ، پادىشاھ رايغا شاھلىق ئىكرامىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەممە پادىشاھلاردىن يۇ-قىرىراق ئورۇن بەردى. پادىشاھ راي بىلەن ئىران، تۇراندىن قېچىپ كەلگەن پادىشاھلار، داۋۇت شاھ، مىران شاھ، خىتاي شاھى، كەشمىر شاھى ۋە خۇراسان شاھلىرى بىللە كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە پادىشاھ ھۇشەڭدىن قېچىپ، راي ھىندىنىڭ خىزمىتىگە كەتكەنلەر ئىدى. بۇلارمۇ بۇگۈن نا-ئىلاجلىق بىلەن كۆپ خىجالەت بولۇشۇپ، پادىشاھ ھۇشەڭگە تەزىم ئىكرامغا تۇرۇشتى. پادىشاھ ھۇشەڭ ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ، ئۆز مەرتىۋىسىدە ئورۇن بەردى. ئاندىن سەرۋى خىرا-مان پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپ، تەييار-لىغان تارتۇقلىرىنى پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. قەمەررۇخ سەرۋى خىرامانىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

ئەلقىسسە: شۇ كۈنى پادىشاھ ھۇشەڭ پۈتۈن ھىندىستان ۋىلايىتىنى ئىلكىگە ئالدى. ناھايىتى كاتتا زىياپەت راسلاندى.

زىياپەتتىن كېيىن ھۆشەڭ شاھ ۋە يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھ-لىرى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشتى. پادىشاھ ھۆشەڭ:
— ئەي پادىشاھلار، مىرزىلار. يەتتە ئىقلىمغا نامە يې-زىڭلار، پادىشاھلار تىغلىرىنى غىلاپقا سالسۇن، پۇقراپەرۋەر بولسۇن، ئەدەپ، ئىنساپ، دىيانەت ۋە ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ جاھاننى گۈللەتسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى. شۇ چاغدا قەھرىمانىنىڭ دىلىدىن، پادىشاھ سەرۋى خىرامان ئىككىمىزنىڭ تويى ھەققىدە ئەمر بەرگەي، دېگەن خىياللار كېچەتتى، ئەمما بۇ ئىش پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالدى. يىغى-لىش تامام بولدى. ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ جاي - جايلىرىغا راۋان بولۇشتى. قەھرىمان كۆڭلى بىئارام بولۇپ، سەرۋى خىرا-مانىنىڭ ئىشقى بىلەن كۆپ شاراب ئىچىپ ئۇخلاپ قالدى.
گەردان كەشان سەرۋى خىرامانى ئىزدىشىم كېرەك، دەپ راي ھىندىنىڭ بارگاھىغا راۋان بولدى. ئۇ دەل سەرۋى خىرا-مان قەھرىمانىنىڭ شەۋقىدە بىتاقەت بولۇۋاتقان پەيتتە كىرىپ كەلدى. ئۇلار خۇشال شاراب ئىچىشىپ، گاھ پادىشاھ ھۆشەڭ-نىڭ سەلتەنەتىدىن سۆزلەشسە، گاھ گەردان كەشان ئۆز كە-چۈرمىشلىرىنى سۆزلىدى. سەرۋى خىرامان بەھرامنىڭ ھېكا-يىسىنى ئاڭلاپ:
— ئەي گەردان كەشان، ئاجايىپ جۇرئەتلىك ئىكەنسەن. ئەزرەقنىڭ ماكانىغا قانداق باردىڭ؟ — دېدى. گەردان كەشان قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ دېدى:
— ئەي نازىنىن، مەن ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم تۇتۇلدۇم. نەچچە يىللار مېھنەت - مۇشەققەت چېكىپ يەنە خالاس بول-دۇم. بىر قېتىم مېنى سېھىر بىلەن كور قىلدى. يەتتە يىل باياۋاندا كور يۈردۈم. كېيىن كۆزۈم ئېچىلدى. مەن ئۇنى ھالاك قىلسام دەپ ئويلىدىم. ئۇ جادۇگەر مېنىڭ نىيىتىمنى

سېزىۋېلىپ، مېنى يەتتە دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بىر جەزىرىگە ئا-
پىرىپ تاشلىدى. ئۇ جەزىرىنىڭ نامىنى جەزىرەن پەرياد دەي-
دۇ. ئەي نازىنىن، دۇنيادا ھەر خىل جانىۋارلار بار. ئاجايىپ
دەرەخلەرمۇ بار. بەزى دەرەخلەر كېچىسى مىسلى ئادەمدەك
كۈلسە، بەزى دەرەخلەر توختىماي يىغلايدۇ. كېچىسى ھەر رەڭ
جانىۋارلار گۆھەر چىراغ ئېلىپ چىقىپ دەرەخلەرنىڭ تېگىدە
تاڭ ئاتقۇچە سۆھبەتلەر قۇرۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتلەر قىلىدۇ.
مەن ھەيران بولۇپ كېتىمەن. مەن ئۇ جەزىرىدە بىر قورغانغا
بېرىپ قالدىم. بۇ قورغان قارا تاشتىن بەرپا بولغانىكەن. ئى-
چىدە ئاجايىپ قۇۋمنى كۆردۈم. ھەربىرىنىڭ بويى يۈز گەز.
ئۇلار قورغاندىن لاچىندەك، ئوقتەك چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قول-
لىرى يولۋاسنىڭ قوللىرىغا ئوخشايدۇ. تۆت قۇلىقى، ھەربىر
قۇلىقىنىڭ ئارىسىدا بىر كۆزى ھەم يۈزى بار. ھەربىرىنىڭ
تۆت خارتۇمى بار، بۇرنىدىن ئاۋاز چىقىرىدۇ. غەزەپلەنسە، ھې-
لىقى خارتۇملىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ ئالەمنى
يارىدۇ. بىر چاغدا قورغان ئىچىدىن ئەر ـ ئايال دېگۇدەك
ھەممىسى نەيزە ئېلىپ چىقىپ، چۇقان كۆتۈرۈپ دەريا تەرەپ-
كە قاراپ يۈگۈرۈشتى. مەن قورقۇپ بىر تاغنىڭ كاۋىكىدا
قاراپ تۇردۇم. تۇيۇقسىز دەريانىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ مەخ-
لۇقلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بويلىرى مۇناردەك ئېگىز،
قىرىق قولى بار، بېشى يوق، كۆكسىدە ئۈچ كۆزى بار ئىكەن.
ئۇلار قوللىرىغا بىردىن چۆپ ئېلىۋالغان بولۇپ، چۆپلەر
چىراغدەك يانىدىكەن. بۇ غارايىپ مەخلۇقلار ئاجايىپ جا-
نىۋارلارغا مىنىۋاپتۇ. ئۇ جانىۋارلار دەريا يۈزىگە پاتماي، قال-
تىس تەرتىپ بىلەن دەريا لېۋىگە كېلىشتى. قورغان خەلقى
ئۇلارغا روبىرو بولدى. ئارىدا شۇنچە دەھشەت جەڭ قىلىشتى-
كى، دەريانىڭ ئىچى ـ تېشى قانغا بويالدى. مۇشۇ تەرزدە يەت-

تە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ بولدى. ئاخىر ھېلىقى مەخلۇقلار
قورغاننى ۋەيران قىلىپ، ئالدىغىنىنى ئېلىپ، چاپىدىغىنىنى
چېپىپ چەيلەپ، يەنە دەرياغا راۋان بولۇشتى. بۇ كارامەتلەرنى
كۆرۈپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ
نۇرغۇن يەرلەردە سەرگەردان بولدۇم. يول ئۈستىدە دىۋىلەرگە
يولۇقتۇم. ئۇ يەرگە تامامىي جادۇگەرلەر، دىۋىلەر جەم بوپتۇ.
ئەزرەق جادۇنى شۇ يەردە كۆردۇم. ئۇ بىر تەخت ئۈستىدە ئول-
تۇرۇپتۇ. دىۋىلەر، جادۇگەرلەر ناھايىتى كۆپ. مەن ئەزرەق جا-
دۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدىم ۋە ئەرزىمنى مەلۇم قىل-
دىم. ئۇنىڭ رەھمى قوزغالمىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە
بىر جادۇگەر پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كەينىدە نۇرغۇن شاگىرتلىرى
بار ئىدى، بىرقانچىسى كېلىپ مېنى ئۇرۇپ ـ تالاشقا باشلى-
دى. مەن جېنىمنى ئېپقېچىپ، نالە قىلىپ ھەر تەرەپكە يۈ-
گۈردۇم. ئۇلار مېنى يەنە
تۇتۇۋالدى، ئاندىن بىر جا-
دۇگەرنىڭ قېشىغا ئاپاردى.
ئۇ جادۇنىڭ ئىسمى ئەتتار
جادۇگەر ئىكەن. ئۇ مېنى
كۆرۈپ:



— ئەي گەردان كە-
شان، ھالىڭ شۇنداق بولدى-
مۇ؟ ھەي بىچارە، دۇنيادا
شۇنچە كۆپ جېدەل تېرى-
دىڭ. ھېسابسىز بالا ـ
قازالارنى كەلتۈردۈڭ. —
دېدى. مېنىڭ جەزىرىدە جې-
نىم ھەلقۇمغا يەتتى. ئۇ

جادۇگەرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يالۋۇردۇم، ئىلتىماس قىلدىم. ئاندىن ئەتتار جادۇ:

— ئەي ھەييار، مەن سېنى بۇ يەردىن خالاس قىلالمايمەن. مەن ئەزرەق جادۇدىن قورقىمەن. يەنە سەۋر قىل، بۇ يەرگە شەيتان كېلىپ بىزگە ھىيلە-مىكىرلەردىن تەلىم بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن ئۇنىڭغا ئەرز قىل. بەلكى شەيتان سېنى غەمدىن خالاس قىلار، — دېدى.

ئاخىر شەيتان بىرقانچە شاگىرتلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. كېلىپلا مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ئولتۇردى. جادۇگەر ۋە پەرىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شەيتانغا ئىكراملار قىلىشتى. شەيتان مۇنبەر ئۈستىدە سۆز قىلدى. مەن شەيتاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. شەيتان مېنى كۆرۈپ سورىدى:

— بۇ كىم بولىدۇ؟

ئەتتار جادۇ ئېيتتى:

— بۇ بولسا گەردان كەشان ھەيياردۇر. يەتتە يىل بولدى، ئەزرەق جادۇ بۇنى سېھىرلىدى. بۇ بىچارە بۇ جەزىرىدە شۇنىڭدىن بېرى دەردىگە داۋا تاپالماي سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ.

شەيتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەزرەق جادۇغا ئېيتتى:

— ئەي لەئىن، كۆزۈڭ دۇنيادا شۇنى كۆردىمۇ؟ بۇنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق جاپانى سېلىپسەن، ماڭا ئادەمزاتنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىن دوستراق ھېچ كىشى يوق، تېخى ھېچبىرى بۇنىڭدەك كارامەت كۆرسىتىپ باققىنى يوق.

شەيتان مۇنبەردىن چۈشۈپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. شەيتان ئەپسۇن ئوقۇپ دەمىدە قىلىپ، قولى بىلەن مېنىڭ ئارقامنى قاقتى. تېزلا ھوشۇمدىن كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئەسلىمگە كەپتىمەن. شەيتانغا شۇنداق دەپ سالدىم:

— ئەي بۇزرۇكۋار، ماڭا نېمىشقا مۇنچىلىك ياخشىلىق قىلىسەن؟

ئۇ ئېيتتى:

— ئەي كەشان، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا بۇ دۇنياغا كەلـ ـدى. شۇ ۋاقىتتىن تا ھازىرغىچە ھېچ ئادەم نەسلى ماڭا سەنـ ـدەك ياردەم قىلغان ئەمەس. سەندىن كۆپ خۇرسەنمەن، چۈنكى سەن جىق ۋىلايەتلەرنى خاراب قىلدىڭ. بۇنى ھېچ كىشى قىلا- لىغان ئەمەس. سەن ئەمدى خالاس بولدۇڭ.

— ئەي نازىنىن، — دەپ بىر ئۇھ تارتتى گەردان كەشان، — جېنىم ئامان بولسا، قالغىنىنى خىزمەتلىرىدە بولغاندا ئېيتىپ بېرىمەن.

گەردان كەشان مەلىكىدىن ئىجازەت سوراپ ئۆز بارگاھىغا راۋان بولدى. ئەتىسى سەھەردە ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىشتى. پادىشاھ راي ئۆز ئەمىرلىرى بىلەن ھۇشەڭنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن ھىندىستان تەختىگە مۇشەررەپ بولسىلا قانداق؟ — دەپ ئىلـ ـتىماس قىلدى. پادىشاھ ھۇشەڭ قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئىران، تۇران لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە ھىندىستان تەرەپكە راۋان بولدى. راي ھىندى سەرۋى خىرامانى ئالدىدا يولغا سالدى.

مەلىكە ئالدىن يېتىپ بېرىپ مېھماندارچىلىق تەييارلىقـ ـلىرىنى تولۇق كۆرۈپ، پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئالدىغا چىقتى. راي ھىندى ھۇشەڭ پادىشاھنى چوڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىردى. ھۇشەڭ پادىشاھ كېلىپ كۆردىكى، بۇ شەھەر ناھايىتى مۇۋاپىق ئورۇنغا سېلىنىپتۇ، قورغانىنىڭ چەت - چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. پادىشاھ ھۇشەڭ ئۇلۇغ ئوردىدا

ئۆزىگە تەييارلانغان بارگاھقا ئورۇنلاشتى ۋە ئۇ كېچە ئۆتتى.
تاڭ ئېتىشى بىلەن پادىشاھ ھۇشەڭ قەھرىمان باشلىق ھەممە
سەركەردىلىرىنى باشلاپ شەھەر كوچىسىغا چىقتى. پۈتۈن شە-
ھەر خەلقى ئېھتىرام بىلدۈردى. پادىشاھ رەستىگە چىقىش-
نىڭ ئالدىدا، پادىشاھ رايىنىڭ ئەمرى بىلەن نەچچە يۈز ئادەمگە
رەستە يوللىرى تازىلىتىلىپ، ئىپار - ئەنبەر كۆيدۈرۈلۈپ،
كوچا - كوي مۇئەتتەر قىلىنغانىدى. سەپنىڭ ئالدىدا بەھرام
جەبىل، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىل قوشۇنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
بەھمەن كويى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن داۋۇد بۇلغارى، ئۇنىڭ ئار-
قىسىدىن قەھقەھ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەھرىمان ئالتە ئاياغ-
لىق جانىۋارنى مىنىپ ھەيۋەت بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن تۆت مىڭ ھەييار قوللىرىغا خەنجەر تۇتۇپ پىيادە كې-
لىشتى. ئاندىن پادىشاھ ھۇشەڭ نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن ئون ئىككى مىڭ غۇلام زەر رەڭلىك لىباسلارنى كى-
يىپ ماڭدى. ئاندىن ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىر، دانىشمەن، قى-
رىق تۆت پادىشاھ ۋە گەردان كەشان باشلىق يىگىرمە تۆت
ھەييار ماڭدى.

پادىشاھ ھۇشەڭ ئۇشبۇ تەرتىپ بىلەن شەھەرنى ئايلىنىپ
پادىشاھ سارىيىغا كىرىپ، راي ھىندىنىڭ تەكلىپى بىلەن
تەختكە بېرىپ ئولتۇردى. ھەممە پالۋان - سەركەردىلەر، ۋە-
زىرلەر ئولتۇرۇشتى. ئاندىن ھىندىستان فائىدىسىگە مۇۋاپىق
داستىخان سېلىندى، نازۇ نېمەتلەر تارتىلدى. نەقىش پىيالە -
ئاياقلاردا بادە هاي - هاي سۇنۇشتى. ئول كۈنى راي ھىندى
پادىشاھ ھۇشەڭنى شاھانە تەرتىپ بىلەن مېھمان قىلىپ ئۇ-
لۇغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەممە خەزىنىلىرىنى پادىشاھ ھۇشەڭ-
نىڭ تەسەررۇپىغا كەلتۈردى. پادىشاھ ھۇشەڭ بۇ ئارتۇق تە-
كەللۇپلارنى كۆرۈپ:

— ئەي پادشاھ راي، ھىندىستان مېنىڭكى ھەم سېنىڭ-
كى ! — دېدى.
بۇ كۈنى يىغىلىش، سۆھبەتلەر ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بول-
دى. پادىشاھلارغا، سەركەردە ـ قەھرىمانلارغا يەر، شەھەر ئىن-
ئام قىلىندى. لېكىن، قەھرىمان بىلەن سەرۋى خىرامانىنىڭ
ئىشى تىلغا ئېلىنمىدى.
ئەلقىسسە: ھىندىستان ۋىلايىتى ھۆشەڭنىڭ قولىغا ئۆت-
كەندە، ئۇنىڭ يېشى بىر مىڭ ئۈچ يۈزگە توشقانىدى. سەلتە-
نەتلىك پادىشاھ شۇ كەمگىچە مىڭلارچە جايدا جەڭ قىلدى.
ھەممە جەڭلەردە زەبەردەس تۇردى، مىڭلارچە پادىشاھنى تەختى-
دىن جۇدا قىلدى. مانا ئەمدى ئۇ، ھېچ يەردە دۈشمەن قالمىدى،
دۇنيا ئەمدى تىنچ بولسۇن، دەپ ئويلىدى. پادىشاھ دىۋانبېگىگە
ئەمر قىلدى:
— ھەر تەرەپكە نامە پۈتۈڭلار، ئەمدى جەڭ ۋە جېدەل
بېسىقتى. شەمشەرلەر غىلاپقا كىرسۇن. يۇقرالارنى ئەدلى بى-
لەن سوراڭلار. ھەممەيلەن تارقالسۇن. جۈملە ۋىلايەت، جۈملە
خەلقلەرگە بۇ خۇش خەۋەرنى جاكارلاڭلار !
دەل شۇ چاغدا يەتتە پەرى پادىشاھ ھۆشەڭگە باغى ئېرەم-
دىكى شەھبال يېرىدىن نامە ئەكەلدى. پادىشاھ ئۇ نامەنى كۆ-
رۈپ تونۇمىدى. ئۇ پەرىلەرنىڭ تىلىدا يېزىلغان خەت ئىدى.
گەردان كەشان:
— ماڭا بەرسىلە، مەن ئوقۇيالايمەن، — دەپ ئىلتىماس
قىلدى، چۈنكى بۇ ئىقلىمدا گەردان كەشان بىلمەيدىغان بىرەر
زەبان ياكى پۈتۈكلەر يوق ئىدى. گەردان كەشان پادشاھنىڭ
قولىدىن نامەنى ئالدى ۋە ئوقۇشقا باشلىدى: «ئەي پادىشاھ،
سىزگە ئەرز قىلىمەنكى، مەن باغى ئېرەم پادىشاھى شەھبال
پەرىدۇرمەن. دۆلەتلىرىڭىز زىيادە، ئىقبالىڭىز بەلەن بولغاي،

دادىمغا يەتكەيسىز. مېنىڭ يېگەن ئاش ـ نېنىم ئوغا بولماقتا. بۇرادەرلىرىم، ئايالىم، باللىرىم ئەكۋان لەئىنىنىڭ زۇلمىدا قالدى. بۇ جاينىڭ نامىنى سەھرايىھمات دەرلەر. بۇ يەر يەتتە دېۋىنىڭ ھۆكۈمىدە تۇرىدۇ. بۇ لەئىن مېنىڭ ھامىلىدار ئايالىمنىمۇ تۇتۇۋېلىپ ئەكەتكەن. ئايالىم ۋىلايەت قەمەردە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ھېلىقى مەلئۇن بالامنى ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ دەريايى قۇمغا تاشلىۋېتىپتۇ. بۇنى سەمەندۇن قۇتقۇزۇۋېلىپ پەرۋىش قىپتۇ. بالام بالاغەتكە يەتكەندە مەن پەرىلىرىمنى ئۇنى ئەكېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدۇم. ئۇلار بالامنى ئەكېلىۋاتقاندا ئارقىسىدىن دېۋە لەئىنلەر يېتىپ كېلىپ پەرىلىرىمنى نابۇت قىلىشتى، ئەمما بالام ئۇلارغا تەن بەرمەي تەنھا قاپتۇ. مەن بۇنى ئاڭلاپ بىتاقەت بولۇپ، چىن ۋىلايىتىگە لەشكەر تارتىپ باردىم. چىن پادىشاھى مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ ئىززەت بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن ئوغلۇمنىڭ خەۋىرىنى سورىدىم. چىن پادىشاھى بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەي پەرىلەر سۇلتانى، سېنىڭ بالاڭ بەھرام مېنىڭ قىزىم بىلەن تويلۇق بولدى، — دەپ يىغلاپ، ئەززەق جادۇنىڭ ئۇ ئىككىسىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بېرىپ تاشقا ئايلانغان بالامنى كۆردۈم، بۇ ھالنى كۆرۈپ ياقامنى چاك ـ چاك قىلىۋەتتىم. ئۇلارنىڭ زارلىرىنى ئاڭلاپ دەريا كەبى ياشلارنى تۆكتۇم، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردۇم، تۇرلۇك پىلانلارنى قىلىپ كۆردۈم، ئاخىر نائىلاج قايتىپ كەلدىم. ئاندىن يۈز مىڭدىن لەشكەر ئېلىپ قىرىق قېتىم ئەكۋان دېۋىنىڭ ئۈستىگە باردىم. ئەكۋان دېۋە بىزنى تەكرار يەڭدى. قانچە قېتىم جان تىكىپ ئېلىشقان بولساممۇ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم. بۇرادەرلىرىم ھالاك بولدى. ئاخىر مەن پەرزەنتىمنىڭ ئىشقىنى، بۇرادەرلىرىمنىڭ دەردىنى ئېلىپ ئۆلۈپ



كېتەيمۇ دەپ ئويلىدىم،
ئەمما بۇرادەرلىرىم كۆز
ياشلىرىنى تۆكۈپ مېنى
نىيىتىمدىن توستى، ئاندىن ئۇلار ماڭا:
— ئەي پادىشاھ، ئۇزىنى ئۆزى ھالاك قىلغان
كۇفرىدۇر. ئاڭلاڭ، ئادەمزات نەسلىدىن بىر پادىشاھ
بار، ئۇ تامامىي ۋىلايەتلەرنى ئىتائىتىگە
ئالغان. ئۇنىڭغا ئەرز
قىلساق، خۇدالىقتا رەھىم
ئوتىنى سالسا، زۇلۇمدىن
خالاس بولساق ئەجەب ئەمەس، — دېيىشتى. ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، زۇلۇم دەردلىرىمىزنى ئېيتىپ بولالمايمىز. ئادەم ئەلەيھىسسالام ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىنايەت قىلغايسىز، نامە تامام ۋەسسالام.»
گەردان كەشان نامەنى ئوقۇپ تامام قىلدى. ئاڭلىغانلار شەھبال پەرىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ياش تۆكتى. ھەممەيلەن بەھرام جەبىلگە قاراشتى. بەھرام جەبىل چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، كۆز يېشى قىلدى. پادىشاھ ھۇشەڭ بەھرامنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:
— ئەي بەھرام، سەۋر قىلغىن، مەن لەشكەر ئېلىپ بېرىپ دۈشمەنلەردىن دادىڭ شەھبال پەرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىمەن ياكى شۇ يولدا جان بېرۇرمەن، — دېدى. قەھرىمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا - ئاستا بېسىپ كەلدى - دە،

پادىشاھقا تەزىم بەجا قىلىپ، قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ ئەدەپ بىلەن تۇردى. پادىشاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي زىننەت تاجىم، مەندىن نېمە تىلەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي پادىشاھىم، مېنىڭ مۇرادىم شۇكى، ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ، مەن بېرىپ ئەكۋاننى ئۆجۈقتۇرسام، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ بەھرام، قەھتىران ئورنىدىن تۇرۇپ قەھرىماننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. گەردان كەشانمۇ سەپكە كەلدى. پادىشاھ ھۇشەڭ خۇشال بولۇپ:

— ئەي پالۋانلار، خۇدا سىلەرگە يۆلەك بولسۇن! بېرىڭلار، پالۋانلىقىڭلارغا ھەرگىز مەغرۇر بولماڭلار. ھوشيار بولۇڭلار، غاپىل بولماڭلار! ھەر قانداق مۈشكۈل كەلسە، گەردان كەشاننىڭ مەسلىھەتى بويىچە بېجىرىڭلار. چۈنكى گەردان كەشان كۆپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن. بولغان ۋەقەلەرنى ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭلار! — دەپ يارلىق بەردى ۋە ھېلىقى يەتتە پەرىدىن سورىدى، — ئەي پەرىلەر، سىلەر پالۋانلارنى قانداق ئېلىپ بارىسىلەر؟

پەرىلەر پادىشاھقا قاراپ:

— ئەي پادىشاھ، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز بۇ پالۋانلارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ بارىمىز، — دېيىشتى.

ئەلقىسسە: پەرىلەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مەدەت تىلەپ، بۇ تۆت پالۋاننى كۆتۈرۈپ پەرۋاز قىلىدى. پادىشاھ باشلىق ھەممەيلەن دۇئا بېرىپ ئۇزىتىپ قالدى. سەرۋى خىرامان سەرانديپ تېغىغا چىقىپ ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ يەرگە يىقىلدى.

قەھرىمان باشلىق پالۋان ۋە پەرىلەر كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ، سەككىزىنچى كۈنى دەريايى مۇھىتتىن ئۆتۈپ، كۆھى

مۇھىتقا يېتىشتى. بۇ يەر تېخى سەھرايى ھەيھاتنىڭ باش تە-رىپى ئىدى. بۇ كۆنى قەھرىماننى كۆتۈرگەن پەرى ئىنتايىن چارچاپ يىقىلىپ بىھوش بولدى. خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قەھرىمانغا قاراپ:

— ئەي پالۋان، ئەگەر تاغنى كۆتۈرگەن بولسامىمۇ بۇنچە چارچىماس ئىدىم. خۇدايىم ساڭا شۇنچە ئېغىرلىق ۋە كۈچ-قۇدرەت بېرىپتۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە: ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا بېرىپ چۈشۈپ، ئۇۋۇلانغان جانىۋارلارنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىردەم ئۇخلىۋالغۇسى كەلدى، ئەمما قەھرىماننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بۇ چاغدا پەرى:

— پالۋانلار، بۇ جاي خەتەرلىكتەك تۇرىدۇ. مۇبادا شەيتان دىۋە خەۋەردار بولۇپ قالسا، ئامان قالمايمىز، — دېدى. لې-كىن، بۇ گەپ گەپ يېتى قالدى. قەھرىمان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ناھايىتى چىرايـ-لىق بىر بوستانلىقنى، بوستانلىق ئىچىدە ئالتۇن رەڭلىك بىر قۇببىنى كۆردى. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرقانچە قېتىم ئايلاندى. قۇببىنىڭ دەرۋازىسى يوق ئىدى. قەھرىمان ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىرقانچە يېرىگە پۈتۈلگەن خەتلەرنى ئوقۇغان-دى، ئۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر مەلۇم بولدى: «ھەركىم بۇ يەرگە كەلسە بۇ خەتنى ئوقۇسۇن ۋە ئۆزىنى دەرھال بۇ يەردىن خالاس قىلسۇن. بۇ بىر خەتەرلىك تىلسىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادەمزات نەسلىدىن بىر پالۋان بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ خېيىم-خەتەرنى ۋەيران قىلغاي.» قەھرىمان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، قۇببىنىڭ بىر يېرىدىن ئىچىگە كىردى. قارىسا، قاناتلىرى ئالتۇندىن بىر دەرۋازا تۇرغۇدەك. ئۇنىڭغا ئادەم سۈرىتىدە ياسال-غان كۈمۈش قولۇپ سېلىنغان. ئادەمسىمان قۇلۇپ قەھرىماننى

كۆرۈپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇردى. قەھرىمان ھەيران بولۇپ يېقىن باردى. قولۇپ قولىنى ئاغزىغا تۇتۇپ قەھرىمانغا سەجدە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ناھايىتى جىق كۈمۈش چۈشتى. بۇ كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسى يىلان بولۇپ، قەھرىمانغا قەست قىلىشقا باشلىدى. قەھرىمان كەينىگىرەك داجىپ تۇردى. يىلانلار غايىب بولدى. قەھرىمان دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە قەدەم قويۇپ، بىر بوستانغا يەتتى. بۇ ھاۋاسى بەك ياخشى جاي ئىكەن. بۇ يەردە نۇرغۇن جىنى يوق پىل ۋە كەركىدانلار تۇراتتى. قەھرىمان يەنە بىر قورغانغا باردى. ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر پىل تۇراتتى. قەھرىماننىڭ قېشىغا باردى. پىل قەھرىماننى كۆرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قورغاننىڭ ئەتراپىغا قېزىلغان خەندەكتىكى سۇدىن غارايىپ جانىۋارلار چىقىپ، ئاجايىپ ئاۋازلارنى چىقىرىپ قەھرىماننى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن سۇ ئىچىدىن يەنە بىر دەھشەتلىك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. پىلنىڭ خارتۇمىدا مۇنداق خەت كۆرۈندى: «ھەركىم بۇ تىلسىمنى ئۇشتۇي دېسە، پىلنىڭ تېگىدىكى تاشنى ئېلىپ تاشلىسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر چىقىدۇ. قورقمىسۇن.» قەھرىمان تاشنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇ يەردە خىلمۇ خىل سۈرەتلىك مەخلۇقلارنى كۆردى. قەھرىمان ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ بىر سارايغا يەتتى. ساراي دەرۋازىسىغا قارايدىغان ئەجدىھا قەھرىمانغا قەست قىلىپ، ئاغزىدىن پارچە - پارچە ئوت چىقىرىپ كەلدى، ئەتراپ ئوتقا تولدى. قەھرىمان قولىغا تىغ ئېلىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بارغانىدى، ئەجدىھا توختاپ قالدى. ئەجدىھانىڭ پېشانىسىگە مۇنداق گەپ پۈتۈكلۈك ئىدى: «قەھرىمان قاتىلدىن ئۆزگە ھېچكىمنىڭ بۇ تىلسىماتقا كۈچى يەتمەس. ئەي قەھرىمان، ئەگەر قەدىمىڭ بۇ

تىلسىمغا يەتسە، ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا شەمشەرنى توغرا تۇتۇپ يېقىن بارغىن. ئۇ سېنى دەم تارتىدۇ ـ دە، ئۆزى ھالاك بولىدۇ.» قەھرىمان تىغ تۇتۇپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا ئېتىلىپ باردى. ئەجدىھا قەھرىماننى دەم تارتتى، ئۇنىڭ قىلىچى بىلەن ئۆزى ھالاك بولدى. دەرۋازا ئىچىدە بىر شەھىرى ئەزىم كۆرۈندى. رەستە ـ بازارلار، دۇكانلاردا كۈمۈش ئادەملەر يۈرەتتى. قەھرىمان بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ كېلىۋاتسا، بىر قورغان كۆرۈندى. قەھرىمان ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، بىر دىۋە پادىشاھ سۈرىتىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بېشىدا شاھلىق تاج، سول تەرىپىدە ئەمىرلەر تۇرۇشۇپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جېنى يوق ئىدى. قەھرىمان تەختكە يېقىن بېرىپ قارىسا، پادىشاھنىڭ بويىندا بىر تىللا لەۋھە تۇرغۇدەك. ئۇنىڭدا: «ئەي پالۋان، مەن قارۇن شاھدۇرمەن، لەشكەر تارتىپ سەھرايى ھەيھاتتىن تاكى كوھىقاپقىچە شىكار قىلدىم، توققۇز تىلسىمنى بۇزدۇم، يەتتە يۈز يىل ئۆمۈر كۆردۈم. بۇ جاينى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرۈپ بۇ قورغاننى سالدۇردۇم، ئۆزۈم بۇ جايدا ياتاي دېدىم. كىمدەكىم مېنى كۆرسە ئىبرەت ئالسا بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە ئىلاج يوق. دۇنيادىن ھەسرەتسىز كەتكەن كىشى يوق. شۇڭا، بۇ تىلسىمنى تەييار قىلدىم. قەھرىمان، مېنىڭ دانىشمەن ۋەزىرىم سەن ھەققىدە ماڭا بېشارەت بەرگەن. سەن شەئبان دىۋىنى ھالاك قىل، ماڭا دۇئا قىلغىن» دېيىلگەنىكەن.

ئەلقىسسە: قەھرىمان قارۇن شاھنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ئاندىن بىر يول بىلەن كەڭ مەيداندىن ئۆتۈپ، ناھايىتى ئالىي بىر قەسىرنى كۆردى. بۇ قەسىرنىڭ دەرۋازىسى جاۋاھىردىن بولۇپ، يالىلداپ تۇراتتى. قەھرىمان ئىچكىرى تەرەپكە قەدەم قويۇۋىدى، دەرۋازىدىن بىر ئاۋاز چىقىپ، مىسلى ئا-

لەم لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. قەھرىمان ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى. تاسادىپىي بىر پالۋان قولىغا گۈرزە ـ گىران ئېلىپ قەھرىمانغا قەست قىلدى. قەھرىمان دەھشەت بىلەن نەرە تارتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا گورزە ئۇرۇپ يىقىتتى. داراڭ ـ دۇرۇڭ قىلىپ يەنە بىر دەرۋازا ئېچىلدى. قەھرىمان دەرۋازىدىن كىردى. بۇ ئاجايىپ سەھنە ساراي بولۇپ، نۇلىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. ئىككى ئادەم ئالتۇن شوتىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. قەھرىمان كۆڭلىدە ئالتۇن شوتا بىلەن ئۈستىگە چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئالتۇن شوتىنى ساقلاپ تۇرغانلار دەرھال قوللىرىغا ئۇمۇت ئېلىپ قەھرىمانغا ئېتىلدى. قەھرىمان بۇ ئىككىسىگە بىردىن گورزە ئۇرغانىدى، ئۇلار جان بەردى. بۇنىڭ بىلەن تىلسىم ئۇشتۇلدى. قەھرىمان ئالتۇن شوتا بىلەن يۇقىرىسىغا چىققانىدى، يەنە بىر ئالىي قەسىر نامايان بولدى. قەسىرنىڭ ئۈستىدە بىر ئالتۇن تەخت، تەخت ئۈستىدە بىر تابۇت، تابۇتتا نەيزە ۋە قالقان تۇراتتى. تابۇتتىن تۇرلۇك ئاۋازلار، ئاجايىپ نەغمىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. قەھرىمان تابۇتنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ يەردە بىر كەمەر، بىر گۈرزە، بىر خەنجەر ۋە بىر لەۋھە تۇراتتى. قەھرىمان لەۋھەنى كۆرۈپ ئوقۇدى، ئۇنىڭدا: «ئەي قەھرىمان، بۇ كەمەر، بۇ گۈرزە، بۇ خەنجەر ساڭا بەخشەندە بولغاي، بۇ ياراغلاردا كۆپ خاسىيەت بار. بۇ كەمەرگە تۆت گۆھەر ئورنىتىلغان، دىۋە ـ پەرىلەر ئۇنى باغلىغان كىشىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، جەڭدە زەپەر قۇچماي قويمايدۇ، قانچە ئۇزۇن يول يۈرسىمۇ ھېرىپ قالمايدۇ. بۇ گۆھەرلەردىن بىرىنى ئاغزىغا سالسا قورسىقى تويىدۇ، ئۇسسۇزلۇقى قانىدۇ» دېيىلگەنىدى. قەھرىمان كەمەرنى يۈزىگە سۈرتۈپ، بېلىگە باغلىدى. ئاندىن گۈرزە بىلەن خەنجەرنى قولىغا ئالدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ گۆرزە ئىلىجان پادىشاھىنىڭ گۆرزىسى ئىدى. ئۇنى يەتتە پەرىگە ياساتقانىدى، ئۇنىڭ دەس-تىسىگە خەت پۈتكۈزگەن ۋە ئاتمىش يەتتە گۆھەرنى ئورناتقا-نىدى. بۇ گۆرزە قاراڭغۇ كېچىدە ئۇن ئىككى پەرسەڭ يەرنى روشەن قىلىدۇ ھەمدە يەرگە ئۇرسا ئاۋازى ئۈچ پەرسەڭ يەرگە يېتىدۇ. بۇ گۆرزىنى ئىلىجان پادىشاھتىن كېيىن راھىن شاھ ئالدى، ئاندىن قەھرىمان كۆتۈردى. ئاندىن سام. ئاندىن نۆرد-مان قولىغا ئالدى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان گۆرزىنى راسا كۆچەپ بېشىمدىن يەتتە ئايلاندۇرۇپ يەرگە نەچچىنى ئۇرغانىدى، يەرلەر تىترەپ، سەھرا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك مەلۇم بولدى. قەھرىمان ئەمدى خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ قارۇن شاھىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. قەھرىمان تۆيۇقسىز قۇببىنىڭ تېگىدە بىر قۇدۇقنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئى-دى. قەھرىمان گۆرزىسىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ شو-لىسىدا قۇدۇقنىڭ تېگىگە قارىغانىدى، تېگى نامايان بولمىدى. ئاندىن بىر تاشنى تاشلاپ قۇلاق سالدى، ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمى-دى. قەھرىمان بىر ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ، خۇداغا تەۋەك-كۈل قىلىپ ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىدى. شۇنچە ئۇزۇن ئارغامچا تۈگىگەن بولسىمۇ، قۇدۇقنىڭ تېگى كۆرۈنمىدى. قەھرىمان باشتا بىرئاز ئەندىشە قىلدى. ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، ئارغامچىنى بېلىدىن يېشىۋېتىپ ئۆزىنى قۇدۇققا قويۇۋەتتى. ئۇ خۇددى تاشتەك تېزلىك بىلەن قۇدۇقنىڭ تېگىگە غارقىراپ چۈشتى - دە، بىھوش ياتتى، ئۇزۇندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. قەھرىمان ئۆزىنى سالامەت كۆرۈپ، خۇداغا تۈمەن مىڭ شۈكۈر قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ گۆرزىسىنى چىقىرىپ ئەتراپنى يو-رۇتتى. بۇ يەردە بىر يول نامايان بولدى. قەھرىمان شۇ يول

بىلەن بىر قورغانغا يەتتى. قورغاننىڭ دەرۋازىسى پولات ئىدـ
كەن. قەھرىمان قورغاننىڭ تىلسىماتىنى تېپىپ، قولىغا ھالقا
قىلىپ ئۈچ تەرەپكە تولغىغۇدى، دەرۋازىدىن ئاجايىپ بىر
ئاۋاز چىقتى، ئالەم ـ مالەم بولغاندەك بولدى. ئاندىن چەپ
تەرەپكە تولغىغۇدى، دەرۋازا ئېچىلىپ، بىر ھەشەمەتلىك ساراي
نامايان بولدى. بۇ سارايغا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بېرى ئۆتـ
كەن پادىشاھلارنىڭ شەرھى پۈتۈلگەن، سۈرەتلەر سىزىلغانـ
كەن. سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بوستانغا چىرايلىق پالاسلار
سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تەخت قويۇلۇپتۇ، تەخت
ئۈستىدە بىر بەتبەشىرە دىۋە ئۇخلاپ يېتىپتۇ. قەھرىمان
تەخت قېشىغا باردى. دىۋىنىڭ بوينى توقسان تۆت گەز كېـ
لەتتى. ئۇنىڭ قېشىدا بىر مەلىكە باھار يامغۇرىدەك ياش تۆـ
كۈپ ئولتۇراتتى. قەھرىمان ئۇنى كۆرۈپ:
— ئەي مەھبۇبەم ! ... — دەپ يەرگە يىقىلدى، بىرنەچـ
چە سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. مەلىكە:
— ئەي قەھرىمان، — دەپ قەھرىماننىڭ ئايىغىغا ئۆزدـ
نى ئاتتى. مەلۇم بولسۇنكى، بۇ مەلىكە سەرۋى خىرامان ئىدـ
دى. قەھرىمان سەرۋى خىرامانىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ
قالغانلىقىنى سورىماقچى بولغانىدى، سەرۋى خىرامان سۆزلىدى:
— ئەي يىگىتىم، سۆزلىسەم گەپ تولا. ھازىر ۋاقىت غەـ
نىيمەت، ئۇ لەئىن ئۇخلاپ ياتىدۇ. ئۇ ئويغانماستا بۇ يەردىن
يانايلى. مۇبادا ئويغىنىپ قالسا، ساڭا زەرەر يېتىدۇ.
قەھرىمان سەرۋى خىرامانىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:
— ئەي مەلىكەم، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدا ھەيۋەت
چىقىرىپ ساھىبقىرانلىق قىلدىم. بۇ لەئىننى ھالاك قىلماي
ھېچ يەرگە بارمايمەن. سەن تاماشا كۆرگىن. — دېدى ۋە قوـ
لىغا تىغنى ئېلىپ دىۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ دەھشەتلىك نەرە

تارتتى. بۇ ئاۋازدىن ساراي لەرزىگە كېلىپ، قەسىرلەر يەكسان بولغاندەك زاھىر بولدى. لەئىن بۇ ئاجايىپ ئاۋازدىن ئويغىنىپ، قەھرىمانىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئادەمزات، سەن مەندىن ھالاكەت تىلەپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سەت ۋارقىرىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەھرىمان شۇنداق دەھشەت بىلەن نەرە تارتتىكى، يەرلەر ئۇزۇنغىچە تىترەپ، ئاسمان دوم چۈشۈپ، جاھان قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ كەتتى.

— ئەي لەئىن، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، مەن قەھرىمان قاتىل، — دېدى. دىۋە لەئىن ئاڭلاپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك ۋارقىراپ بېرىپ، قەھرىماننىڭ بېشىغا گۈرزە شىلتىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ سەرۋى خىرامان پەرياد كۆتۈردى. قەھرىمان ئۆز گۈرزىسىنى دىۋىنىڭ گۈرزىسىگە تۇتۇپ بەردى. دىۋە يەنە بىر گۈرزە ئۇرغانىدى، بىكارغا كەتتى. بۇ چاغدا قەھرىمان قولىغا شەمشەر ئېلىپ، ئۇنى ئاسمان بويى كۆتۈرۈپ، دىۋىنىڭ بېشىغا غەزەپ بىلەن ئۇردى. دىۋە بېشىغا گۈرزىسىنى تۇتۇۋالغانىدى، شەمشەر گۈرزىدىن ئۆتۈپ دىۋىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. دىۋىنىڭ جېنى جەھەننەمگە يەتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەئبان دىۋە سەرۋى خىرامانىنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغان. شۇ چاغدا خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن دىۋىنىڭ قاتتىق ئۇيقۇسى تۇتۇپ، پوكلا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالغانمىش.

قەھرىمان سارايىنىڭ ئەتراپىغا قارىدى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ھۆجرىلارنى كۆردى، بۇ ھۆجرىلاردىن نالە - پەرياد كېلىۋاتاتتى. قەھرىمان بىر ھۆجرىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ كۆردىكى، ھۆجرىنىڭ تېگى قۇدۇق ئىكەن. ئۇنىڭغا بىر شوتا قويۇلۇپتۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىدى. قەھرىمان شوتا

بىلەن قوْدوْقنىڭ تېگىگە كىردى. ئۇ يەردە مەھكەم ئېتىلگەن بىر ھۇجرىنى كۆردى. ئېچىپ كىرسە، ئىككى ئەر، بىر ئايال باغلاقتا ھوشسىز تۇرغۇدەك. سەرۋى خىرامان كۆردىكى. ئۇ ئۆز ئاتىسى راي ھىندى ئىدى. قەھرىمان ئۇلارنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ھوشىغا كەلدى.

— ئەي پادىشاھ، قانداق بولۇپ بۇ قىسمەتكە دۇچار بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى قەھرىمان.

— ئەي ساھىبقىران، ھىندىستاندا ئىسپەندىيارنى ھالاك قىلدىڭىز. ئۇنىڭ دادىسى بۇ يەردىكى شەئبان دىۋە بىلەن ئاغىنە ئىدى. ئىسپەندىيارنىڭ دادىسى شەئبانغا ئەرز قىپتۇ. سىز يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، شەئبان سىزنى قەستلەپ ھىندىستانغا كەپتۇ، سىزنى تاپالماي يۈرگەندە، سەرۋى خىرامانىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ: «بۇ كىمنىڭ مەھبۇبى؟» دەپ سورىسا، باشقىلار: «قەھرىمان قاتىلنىڭ مەشۇقى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەئبان دەسلەپ سەرۋى خىرامانىنى ئەكەتتى، كېيىن مېنى تۇتۇپ بۇ يەرگە ئەكەلدى، — دېدى راي ھىندى. قەھرىمان ھېلىقى ئەر بىلەن ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي پالۋان، مەن سۇلتان جەبىلدۇرمەن. بۇ مېنىڭ ئايالىم، پادشاھ ئەدەننىڭ قىزى، ئېتى گۇلرۇخ. بىز ئۇزۇن زامان بالا يۈزى كۆرمىدۇق. خۇداغا يىغلاپ، ئاخىر ئاران بىر قىز يۈزى كۆرگەندۇق، ئۇ تولىمۇ ساھىبجامال ئىدى. مۇنەججىملەردىن ئۇنىڭ تەلىيىنى سورىسام، ئۇلار: «ئەي پادىشاھ، كىتابتىن مەلۇم بولدىكى، بۇ قىزىڭىزنىڭ سەۋەبىدىن ھەر بالا كېلىدىغاندەك. ئەڭ ياخشىسى، بۇ قىزنى ھالاك قىلغايسەن. ئەي پادىشاھ، بىز كىتابلاردىن بايان قىلدۇق. باشقىسىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېيىشتى. مەن بۇ خەۋەرنى ئايا-

لىمغا يەتكۈزدۇم. ئايالىم ماڭا: «ئەي ئاتىسى، بۇنى شەمشەر بىلەن ھالاك قىلىسىڭىز خەلق سىزنى ئۆز قىزىنى ئۆزى ھالاك قىلدى، دەپ مالامەت قىلىدۇ. ياخشىسى، بۇ قىزغا سۈت ـ ئوزۇق بەرمىسە ئۆزى بىر نەرەپ بولىدۇ» دېدى. بۇ سۆز ماڭا ماقۇل كەلدى. لېكىن، ئانىسى ئۆز قىزىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيماي، ماڭا ئۆلدى دەپ قويۇپ، بىر يەردە مەخپىي چوڭ قىپتۇ. ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى، بىر ساھىبجامال غۇلام پەيدا بولۇپ قالدى. خۇدايىم گۇناھىم-دىن ئۆتكەي. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك بولدۇم. بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قالغان ئايالىم گۈلرۇخ يۇتلىرىمغا ئىـ-سىلىپ ئۇنىڭ ئۆز قىزىم قەمەررۇخ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئۆز قىزىمغا بىر قىسما خىياللاردا بولۇپ قالغىنىمغا مىڭ تـوۋا قىلىپ، ئۇنى ئاتىلىق مېھرىم بىلەن باغرىمغا باستىم. قىزىم بەك چىرايلىق چوڭ بولدى. يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىرى، شاھزادىلىرى ئۇنى سوراپ كېلىشتى، لېكىن ئۇ ھېچكىمنى قوبۇل كۆرمەيتتى، چۈنكى ئۇ دائىم: «كىم مېنى پالۋانلىق بىلەن زەبۇن قىلسا، ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتىمەن» دەپ سەۋەب كەلتۈرەتتى. پالۋانلىق دەۋالىرىنى قىلىپ كەلگەنلەر قىزىمدىن يېڭىلەتتى. ئاخىر پەرىلەر پادىشاھى شەئبان ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى نۇيۇپ كەتتى. مەلىكەم قەمەررۇخمۇ شەھبال پە-رىنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئارزۇلىرى بويىچە نىكاھلىق بولدى. ئۇلار بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بەھرام جەبىل قويدى. ئەي قەھرىمان، بۇ قىسسە ناھايىتى ئۇزۇن، گەپنى قىسقا قىلسام. مەن بىر كې-چىسى قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. دىۋىلەر مېنى تو-يۇقسىز تۇتۇپ بۇ يەرگە كەلتۈرۈشۈپ بەند قىلىشتى. شەئبان

دىۋە مېنى شۇنچە ئازابقا دۇچار قىلدى. مەن ئاخىر ئۇلاردىن: «بۇ نېمە ئىش؟ مېنى زادى نېمە ئۈچۈن مۇنچە قىينايسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «مەن ئەكۋان دىۋىنىڭ دادىسى بولىمەن. سېنىڭ قىزىڭ شۇنچە زاماندىن بېرى مېنىڭ ئوغلۇمغا رىزا-لىق بەرمىدى. مەن شۇ سەۋەبتىن سېنى تۇتۇپ كەلدىم. قىز-زىڭ قەمەررۇخ ئەھۋالىڭنى ئاڭلىسا، بەلكىم ئوغلۇمغا رىزالىق بېرىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا، سەن ئازاد بولىسەن» دېدى. شۇنىڭدىن بېرى ئاي، يىللارنى بىلمەي ئۆتتۇم، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

قەھرىمان پادىشاھ سۇلتان جەبىلگە ئېيتتى:

— مەن شەئبان دىۋىنى ھازىرلا ھالاك قىلدىم. نەۋرەڭ بەھرامنى گەردان كەشان ئەسلىگە كەلتۈردى. بەھرام ھازىر مەن بىلەن بىللە، ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم.

پادىشاھ جەبىل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ شۈكۈر قىلدى. قەھرىمان بۇ يەردە يەنە بىر قۇدۇقنى كۆردى. قەھرىمان ئۇ-نىڭ ئاغزىدىكى ناھايىتى زور تاشنى ئېلىپ تاشلىدى. شۇئان قۇدۇقتىن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ۋە ئاجايىپ سېسىق قارا بۇس ئېتىلىپ چىقتى. بىردەمدىن كېيىن سېسىقچىلىقلار يوقالدى. قەھرىمان شوتا قويۇپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. قەھرىمان گۈرزىسىنى ئېلىپ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلارغا بىر تۆمۈر دەرۋازا ۋە دەرۋازىغا نەڭ بىر ئۆكۈز يولۇقتى. باشقىلار، بۇ جانىۋاردىن قۇتۇلغىلى بولارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشتى. قەھرىمان كۈلۈپ قويۇپ، ھېلىقى جانىۋارغا يېقىن باردى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە مۇنداق خەت پۈتۈكلۈك ئىكەن: «بۇ تىلسىم كەيۇمەرسنى ھېچكىم ھالاك قىلالماس، ئەگەر قەھرىمان قاتىل كەلسە، قۇلۇپنى تولغاپ ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرسۇن.» قەھرىمان قۇلۇپنى

تولغىغانىدى، دەھشەت ئاۋاز چىقىپ بىسىقتى. قەھرىمان ئىچكىرىگە قەدەم قويىدى. بۇ بىر تىلسىمات بولۇپ، زەنجىرلەرگە ئون ئىككى دىۋىنى باغلاپ قويۇپتۇ. ئادەمدەك ئۇخلاپ ياتقان دىۋىلەر ئويغىنىپ ئۇلارنى كۆردى. دىۋىلەر ھەيران بولۇپ، بۇ كىملەردۇر؟ دېيىشتى. قەھرىمان:

— مەن قەھرىمان قاتىلدۇرمەن، — دېدى. دىۋىلەر قورقۇشۇپ:

— ئەي قەھرىمان، مەرھابا، ئۇ لەۋھەنى ئوقۇغىن، ئۇنىڭدا بىزنىڭ نام ـ ئەمەلىمىز مەلۇمدۇر، — دېيىشتى. ئۇ يەردە بىر لەۋھە ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدا: «مەنكى كەيۇمەرسدۇرمەن. ئەي قەھرىمان، بۇ يەرگە كېلىپ مېنىڭ روھىمغا دۇئا قىل. مەن زامان پادىشاھى بولۇپ، بۇ ئون ئىككى دىۋە بىلەن نەچچە يىل جەڭ قىلدىم. ئاخىر بۇلارنى بەند قىلىۋەتتىم، ئاندىن بۇ تىلسىماتنى ياسىدىم. بۇلارنىڭ ھەربىرى بىر دىيارغا پادىشاھ ئىدى. سەن بۇلارنى ھالاك قىلما، بۇلارنىڭ ساڭا كۆپ پايدىسى تېگىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەھمان ئادەمزات دەپ بىرى بار. ئۇنىڭ ئانىسى ئادەمزات، دادىسى دىۋە. ئۇ كۆپ ھۈنەرنى، يەتمىش تۆت خىل تىلنى بىلىدۇ، يەتمىش تۆت خىل ئۆزگىرەلەيدۇ، بىر شەھەرنى كۆتۈرۈپ باشقا جايغا يۆتكىيەلەيدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن.

قەھرىمان لەۋھەنى يۇزىگە سۈرتتى، ئاندىن دىۋىلەرنىمۇ زەنجىردىن خالاس قىلدى. ئازاد بولغان دىۋىلەر قەھرىماننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈشۈپ:

— ئەي مەرد، بىز ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا سېنىڭ ئەمرىڭنى تۇتىمىز، — دەپ قەسەم قىلىشتى. دىۋىلەر ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يەر يۇزىگە ئاچىقىشتى. ئۇلارنىڭ دىماغلىرىغا يورۇق دۇنيانىڭ ھاۋاسى كەلدى. دىۋىلەر قەھرىمانغا تەزىم قىلىپ،

خىزمەت كەمەرلىرىنى باغلاپ تۇرۇشتى. قەھرىمان سەھمانىنى گەردان كەشانلارنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە: سەھمان پەرۋاز قىلىپ كېلىۋېتىپ بىر ئادەمزاتنى كۆردى. ئۇ غايەت زور بىر جانىۋارنى شەمشەر بىلەن ئۇرۇپ ھەسسە - ھەسسە قىلىۋاتاتتى. ئۇ دەل گەردان كەشان ئىدى. سەھمان يىراقتا قاراپ تۇردى. گەردان كەشان چەشمەنىڭ قېشىغا بېرىپ تىغىنى يۇيۇپ پاكىزلىدى. شۇئان سەھمان ھاۋادىن چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى ئادەم سۈرىتىدە قىلىپ، گەردان كەشان تەرەپكە ماڭدى. گەردان كەشان سەھماننى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئەي ئادەم، سەن كىم؟

سەھمان گەردان كەشانغا:

— ئەي ھەييار شاھ، مەن ساڭا دوست، دۈشمەن ئەمەس، — دەپ قەھرىماننىڭ ئۇزۇكىنى كۆرسەتتى. گەردان كەشان ئۇ-



زوكنى كۆرۈپ قەھرىماننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سەھمان بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئەلقىسسە: سەھمان گەردان كەشان بىلەن يارەنلەرنىڭ قېشىغا كەلدى. بەھراملار ئەندىشىدىن ئازاد بولۇپ، قەھرىمان تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ئۇلار سەھمانغا ئەگىشىپ قەھرىمان تۇرغان جايغا باردى. ئۇلار قارىسا، قەھرىمان بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئون ئىككى دىۋە قەھرىماننىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. يارەنلەر راي ھىندى، قەھرىمان ۋە سەرۋى خىرامانلار بىلەن كۆرۈشۈپ چەكسىز خۇشال بولۇشتى. قەھرىمان بەھرامنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، سۇلتان جەبىلگە قاراپ دېدى:

— ئەي سۇلتان جەبىل، بۇ سىنىڭ نەۋرەڭ بەھرامدۇر.

سۇلتان جەبىل بەھرامنىڭ بوينىغا قولىنى سالغىنىچە:

— ۋاي جىگەر گۆشۈم بالام، ئاخىر دىدار كۆرۈشتۇق، — دەپ ئۇزاققىچە يىغلىدى. بەھرام بوۋا - مومىلىرىغا ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىدى.

ئەمدى گەپنى شەھبال پەرى تەرەپتىن ئاڭلايلى:

شەھبال شاھنىڭ ھوشەڭ شاھقا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى تېخى كەلمىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، مۇنداق قامىلىپ ياتقۇچە جەڭ قىلايلى، دەپ ئويلاپ:

— ئەي سەركەردىلەر، ئەمدى ساقلىمايلى، بىز يەنە بىر ھەپتە جەڭ قىلايلى، يەنىلا بولالمىساق، مېنى ئەكۋان دىۋىگە تۇتۇپ بېرىڭلار، ئۇ لەئىنىنىڭ دۈشمىنى پەقەت مەن، شۇنداق قىلساڭلار، ئامان قالىسىلەر، — دەپ ھەسرەت يېشىنى تۆكتى.

شەھبال شاھنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ پەرىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچ ئاغرىتتى، ئۇلار شەھبالدىن ئۆلگۈچە ئايرىلمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەكۋان دىۋە

شەھبال پەرىنى بىر يىل قورغانغا قاماپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، قورغاننى ئالالمىغانلىقىغا غەزەپلىنىپ:

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ بىر يىلدىن بېرى جەڭ قىلىپ بىر قورغاننى ئالالمىساق، بۇ خەۋەرنى يىراق - يېقىنلار ئاڭلىسا سەت ئەمەسمۇ؟ ئەي دىۋىلەر، يا باش بېرىڭلار، يا قورغاننى ئېلىڭلار، — دەپ دىۋىلەرنى جەڭگە چاقىردى. بىرقانچە پەرى مۇناپىقلىرى شەھبالنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇپ، ئەكۋاندىن مۇكاپات تەمە قىلىپ ئەكۋاننىڭ قېشىغا كەلگەندى، بېشىدىن ئايرىلدى. ئەكۋان دىۋە ئۇستىگە يەتتە قات كىيىم كىيىپ، غوۋغا كۆتۈرۈپ قورغان دەرۋازىسىغا كەلدى. قىرىق مىڭ دىۋە نەرە تارتىپ قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا گۇرزە ئۇردى. ناھايەت دەرۋازىدىن بىر تاختاي ئاجرىدى. قەلئە لەرزىگە كەلدى. پەرىلەر جان قايغۇسىدا تۇۋلاشتى. ئەكۋان يەنە بىر گۇرزە ئۇرۇپ دەرۋازىنى چاقتى. دىۋىلەر قەلئەنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىردى. دەل شۇ چاغدا بۇ چۇقان - سۈرەنلەر قەھرىماننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. قېشىدىكىلەر:

— ئەي قەھرىمان، سىزگە مەلۇم بولسۇن، ئەكۋان قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، — دېيىشتى. قەھرىمان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، سەھمانغا: «سەن بېرىپ خەۋەر ئەكەل !» دەپ بۇيرۇدى. سەھمان ئۇچ تېزلىكىدە بېرىپ كەلدى ۋە:

— پەرىلەرنىڭ ھالى ئىنتايىن خاراب، ئاياللارنىڭ نالە - زارىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ بەھرام جەبىلىنىڭ كۆزىدىن ياشلار تۆكۈلدى. قەھرىمان يارەنلىرىنى باشلاپ قەلئەنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆردىكى، قەلئەنىڭ ئىچىدە دىۋىلەر ئالدىغا كەلگەننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بويى يۈز يىگىرمە گەز كېلىدىغان دىۋە مىسلى دەريادەك شاۋقۇن سېلىپ، ئاغزىدىن پارچە - پارچە ئوت چاچاتتى. قەھرىمان: «ئۇ كىم؟» دەپ

سورىغانىدى. يەرىلەر: «ئەكۋان دېگەن مەلئۇن ئاشۇ» دېيىشتى. قەھرىمان كۆچ ـ قۇۋۋىتىنى يىغىپ، كەيۇمەرس ئادەمدىن قالغان ھېكمەتلىك گۇرزىسىنى ئېلىپ، ئالتە پۇتلۇق جانۋارغا مىنىپ، يارەنلىرىنى باشلاپ جەڭگە كىردى. قەھرىمان پۈتۈن جەھلى بىلەن يەنە بىر نەرە تارتقانىدى، يەر ئاسمان گۇمۇرۇلگەندەك مەلۇم بولدى. دىۋىلەر، پەرىلەر بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ گاھ ئاسمانغا، گاھ يەرگە قارىشىپ قالدى. قەھرىمان مەيدانغا بۆسۈپ كىردى. دىۋىلەرنىڭ ئەھۋالى يامان بولدى. دىۋىلەر مەلەخ ـ مەلەخ ھالاك بولۇشتى. ئۆلارنىڭ قېنى ئېرىق تارتىپ ئاقتى، ئۆلۈكلەر دەستىدىن يەر يۈزى كۆرۈنمىدى. قەھرىمان ئەكۋان دىۋىنى كۆرۈپ سەپنى بۇزۇپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى، ئاندىن ۋارقىرىدى:

— ئەي لەئىن، ھېزى بول، ئادەمزاتنىڭ مەردانىلىكىنى كۆر!

ئەكۋان قەھرىمانغا ئېتىلىپ كەلدى. قەھرىمان ئەكۋان دىۋىنىڭ ئۇرغان گۇرزىلىرىنى تىغ بىلەن ياندۇرۇپ، ئۇنىڭغا تىغ ئۇردى. قەھرىماننىڭ تىغى ئەكۋاننىڭ گۇرزىسىدىن ئۆتۈپ



ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئەكۋان ئۆزىنىڭ ھالاكىتىگە كۆزى يېتىپ، ئۆزىنى دەرھال يەرگە ئاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېتى ئىككى پارچە بولغانىدى. ئەكۋان شۇ پەرياد ئۇر-غانچە دىۋىلەر تەرىپىگە قاچتى. شۇ ئەسنادا بەھرام جەبىلنىڭ دادىسى شەھبال شاھ قەھرىماننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— ئەي پالۋان، ساھىبقىران، مۇبارەك قەدەملىرى بۇ قاراڭغۇ ئۆمرۈمنى روشەن قىلدى، — دەپ قەھرىماننىڭ ئا-يىغىغا باش قويدى. قەھرىمان:

— ئەي پادىشاھ، مانا بۇ پالۋان سىنىڭ ئوغلۇڭ بەھرام-دۇر، — دېدى. شەھبال شاھ ئوغلىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلى-دى. بەھرام دادىسىنىڭ باغرىدا ئۇزاققىچە يىغلاپ تۇردى. ئاتا-بالا، قان - قېرىنداشلار قەھرىمانغا رەھمەت - تەشەككۇر ئېيتىشتى. قەھرىمان سەھمانىنى پادىشاھ ھۇشەڭگە خەۋەر يەت-كۈزۈشكە ئەۋەتتى. بەھرام جەبىل ئانىسىنى ياد ئېتىپ داد-سىدىن ئۇنى سورىدى، شەھبال شاھ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ يەرگە قاراپ تۇردى. بۇ ھالنى كۆرۈپ قەھرىمان:

— مەن پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئالدىدا بەھرامنىڭ ئانىسىنى ئازاد قىلىپ، ئەكۋان لەئىننى ھالاك قىلماي قويمايمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدىم. ئەكۋاننىڭ قېچىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭلار! — دېدى، لېكىن ھېچكىم جاۋاب بې-رىشمىدى. شۇ چاغدا قەھرىمان ئازاد قىلغان دىۋىلەر ئەكۋاد-نىڭ ئوغلى ئەپرىيەتنى تۇتۇپ كەلدى. قەھرىمان ئۇنىڭدىن قەھر بىلەن سورىدى:

— ئەكۋان لەئىننىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟

ئەپرىيەت بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭ قەلئە قارارغا بارىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شەھ-بالنىڭ ئايالىمۇ، قىزىمۇ شۇ يەردە.

شەھبال قەھرىمانغا قاراپ يىغلاپ:

— ئەي مەرد، قىرىق يىلدىن بېرى ئايالىم ئۇ لەئىنىنىڭ قولىدا خورلاندى، بەلكىم قىساسىم قىيامەتكە قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى. قەھرىمان:

— ئەي شەھبال، نائۇمىد بولما، خۇدا مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلىدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى. شەھبال ئېيتتى:

— ئۇ دىۋە بارغان يەرگە يەتمەك تەس، ئۇ ئالتە يىللىق يولدۇر. يولدا كۈندۈزى كۈن قىزىپ ئوت كۆيىدۇ، كېچىسى تاشلارمۇ توڭلايدۇ. بۇ يولغا كىرگەنلەر يا كۆيۈپ، يا مۇزلاپ ھالاك بولىدۇ.

قەھرىمان دىۋىلەرگە قاراپ ئېيتتى:

— ئەي يارەنلەر، بۇنىڭغا ئىلاج بارمۇ؟

دىۋىلەرنىڭ بىرى دېدى:

— كۆھى بەلۇردىن ئۆتمەك بىزلەرگە ئاسان، ئەمما سەن-دەك بەھەيۋەت كىشىنى كۆتۈرۈپ ئۆتمەك ئاسان بولماسمە-كىن، سېنى كۆھى بەلۇردىن پەقەت مۇرغ پەرمان ئۆتكۈزەلە-شى مۇمكىن.

— مۇرغ پەرماننىڭ ماكانى نەدە؟ — سورىدى قەھرىمان. بىر پەرى مۇنداق بايان قىلدى:

— سەھرايى ھەيھاتنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر سەھرا بار. سەھرانىڭ تۇپراقلىرى مۇشك، سۇلىرى شەربەت. ئۇ سەھرا-نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاغ بار. تاغدا چوڭ بىر دەرەخ بار. ئۇ-نىڭ سايىسىدە ئون مىڭ ئاتلىق ئارام ئالالايدۇ. ئەنە شۇ دە-رەخنىڭ ئۈستىدە مۇرغ پەرمان ماكان تۇتقان. ئۇ مۇرغنىڭ پەيلىرى قىزىل، تۇمشۇقى ياقۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇ كۈندە بەش پىلنى ئوزۇق قىلىدۇ. بالىلىرى ئالتە يىلدا سۆرلەيدۇ. ئۇ جا-نىۋار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن.

قەھرىمان بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئاندىن يارەنلىرىگە:

— ئەي يارەنلەر، مەن دەرھال يولغا چىقاي. سىلەر ئۈچ ئاي يولۇمغا قاراڭلار، ئۈچ ئاي ئىچىدە كەلمىسەم، مەندىن ئۈمىد ئۈزۈڭلار، ئاندىن ئەھۋالنى پادىشاھ ھۇشەڭ ۋە يارەنلەرگە يەتكۈزۈڭلار، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ مەسلىھەت بېرىشتى. ئەمما قەھرىمان:

— ئەكۋان تېخى ھالاك بولمىدى. ئۇ تىرىك يۈرسە بولمايدۇ. پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ قېشىدىن ئەكۋاننىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ئەھدە قىلىپ كەلدىم، — دەپ چىڭ تۇردى ۋە يارەنلىرى بىلەن خەيرلەشتى.

بىر دىۋە قەھرىماننى ئۈچ كۈن كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ بىر مۇرغزارلىققا چۈشتى. قەھرىمان دىۋىگە:

— سەن بېرىپ پىل تۇتۇپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى. دىۋە بېرىپ بىر پىلنى تۇتۇپ كەلدى. قەھرىمان پىلنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىچىگە كىردى. دىۋە قەھرىماندىن ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. قەھرىمان پىلنىڭ قارنىدا بىر كېچە ياتتى. ئەتىسى مۇرغ پەرمان شىكار ئىزدەپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز ھېلىقى پىلغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قەھرىمان پىلنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. قەھرىمان مۇرغ پەرماننىڭ كەلگەنلىكىنى پەملىدى. بۇ غايەت زور قۇش قەھرىمان تۇرغان پىلنى قاماللاپ ئۇچۇپ ئۇۋىسىغا كەلدى ۋە ئۇنى شۇ يەرگە قويۇپ يەنە كەتتى. قەھرىمان پىلنىڭ قارنىدىن چىقىپ ئاجايىپ چوڭ بىر دەرەخنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇرغ پەرماننىڭ ئىككى بالىسى تۇراتتى.

ئەلقىسسە: كۈندۈزى ھاۋا بارغانچە قىزىشقا باشلىدى.

قەھرىمان چىدىيالماي بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ سۇغا چىلىنىپ ئۆلتۈردى. ئاخىر كەچ كىرىپ، قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. قەھرىمان مۈرغ پەرمانىنىڭ بالىلىرىنىڭ قېشىغا باردى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر ئەجدىھا ئالەمگە ئوت پۈركۈپ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، ئاغزى غاردەك، كۆزى گۈلخاندەك ئىدى. ئاغزىدىن توختىماي يالقۇن چېچىلاتتى. مۈرغ بالىلىرى ئەجدىھانى كۆرۈپ پىغان كۆتۈردى. قەھرىمان ئۇلارنىڭ نالىسىدىن بىتاقەت بولۇپ قاتتىق ۋارقىراپ نەرە تارتتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان مۈرغ بالىلىرى قەھرىماننى كۆردى ـ دە: «ئەي ئىلاھىم. بۇ ئادەمزات بىزنى دەپ ئۆزىنىڭ جېنىدىن كەچمەكتە. ئۇنىڭغا زەپەر بەر» دەپ ئىلتىجا قىلىشتى. ئەجدىھا قەھرىماننىڭ نەرىسىنى ئىشىتىپ، مىڭ



ھەسسە غەزەپ بىلەن ئاغزىدىن ئوت چاچتى، ئالەمگە ئوت كەتكەندەك بولدى.

قەھرىمان قولىغا كەركىدانىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان ئوقيانى ئېلىپ ئەجدىھاغا قاراپ ئېتىلدى. ئەجدىھا ئوت ئۈس-تىگە ئوت پۈركۈپ، قەھرىمانغا شىددەت بىلەن يېقىنلاپ كەل-دى. قەھرىمان تامام ئوت ئىچىدە قالدى. ئەييۇھەنناس، ئەمدى نېمە كارامەت، قانداق ئالامەتلەر يۈز بېرەركىن؟

ئەلقىسسە: ئەجدىھا ئاغزىدىن تۈرۈم - تۈرۈم ئوت پۈركۈپ قەھرىمانغا ئېتىلىپ كەلدى. قەھرىمان كەركىدانىنىڭ مۈڭگۈ-زىدىن ياسالغان كامانغا بىر ئوقنى سېلىپ، ئەجدىھانىڭ بې-شىنى كۆزلەپ ئاتتى. ئالماس ئوق ئەجدىھانىڭ بېشىدىن كى-رىپ كۆكرىكىدە توختىدى، لېكىن ئەجدىھاغا ھېچ تەسىرى بولمىدى. قەھرىمان ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. ئوقلار ئەجدىھانىڭ ئىككى كۆزىنى كاردىن چىقاردى. قەھرىمان پۈر-سەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنى پارچە - پارچە قىلدى، ئەجدى-ھانىڭ زەھەرلىرى ئېرىق بولۇپ ئاقتى، شۇنداقتىمۇ ئەجدىھا ئۈزۈنغىچە ئۆزىنى يەرگە ئۇرا - ئۇرا ناھايىتى تەستە جان بەردى. قەھرىمان قۇدۇققا كېلىپ يۆيۈندى. كېچە بولدى، قەھرىمان مۈرغ بالىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۈنىدى. مۈرغ بالىلىرى كېچىچە قەھرىماننى قاناتلىرى بىلەن پۈركەپ، ئۇ-نىڭغا تەشەككۈر بىلدۈردى.

ئەتىسى قەھرىمان سۇغا كىرمەكچى بولۇپ تۇراتتى. ناگاھ ئاسماندا مۈرغ پەرمان پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە: مۈرغ پەرمان ئۇۋىسىغا كېلىپ قونىدى. بالى-لىرى ئۇنىڭغا:

— ئانا، تۇۋەن تەرەپكە قارا، — دەپ ئىشارەت قىلدى. مۈرغ پەرمان قارىسا، ئەجدىھا غەرق قان بولۇپ يېتىپتۇ.

مۇرغ پەرمان بالىلىرىدىن:

— بۇ ئەجدىھانى كىم ھالاك قىلدى؟ — دەپ سورىدى. بالىلار:

— ئاۋۇ بۇلاق بويىدا تۇرغان پالۋان، — دەپ كۆرسەتتى. مۇرغ پەرمان دەرھال قەھرىماننىڭ ئالدىغا بىرىپ، قانىتى بىلەن قەھرىماننى يەلپۈپ، ئۇنىڭغا خەيرلىك ئىپادىلىدى ۋە:

— ئەي پالۋان، سىز كىم بولىسىز؟ بۇ مىھنەت ماكانىغا نىمە سەۋەب بىلەن كەلدىڭىز؟ بىز ھازىرغىچە بىر كىمدىن مۇنداق ياخشىلىقلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بىرەر ياردەمگە ھاجەت بولسىڭىز، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، — دىدى.

— ئەي شاھى مۇرغ، بىر ھاجىتىم بار. ئەكۋان لەئىن مەندىن قىچىپ كۇھى بەلۇردىن ئۆتۈپ كىتىپتۇ. ئۇ قەلئە جاھانىنەماغا بارغانمىش. مىنى كۇھى بەلۇردىن ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، ئۇل جادۇگەرنى ھالاك قىلىپ جاھاننى ئەمىن قىلساق، — دىدى. مۇرغ پەرمان قەھرىماننىڭ بۇ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ:

— بۇ خىيالىڭدىن يانغىن، بۇ بەك خەتەرلىك، سىنى ئادەمزات دۇنياسىغا ئىلىپ باراي، — دىدى. قەھرىمان:

— ئۇنداق دىمە، مەن كۇھى بەلۇردىن ئۆتۈپ، ئەكۋاننى ھالاك قىلماي تىنىم تاپمايمەن، مىنى ئۆتكۈزۈپ قويغىن، — دىدى. مۇرغ پەرمان قەھرىماننىڭ ئىرادىسىنى پەملەپ:

— ئەي قەھرىمان، مەن سەندىن تەسىرلەندىم، ھىممىتىڭ ئۇچۇن كۇھى بەلۇردىن سىنى ئۆتكۈزىمەن، — دەپ مۆھلەت ئىلىپ يول تەرەددۇتىنى قىلىشقا تۇتۇندى، ئاندىن يەنە ۋەدە بەردى.

ئەلقىسسە: ئۇلار يەتتە كۈن تەييارلىق قىلدى. مۇرغ پەرمان قەھرىماننى ئۆزىگە مەھكەم باغلاپ، بالىلىرى بىلەن خەيرلىشىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۇچۇپ تۆتىنچى كۇ-

نىگە كەلگەندە، مۇرغ پەرمان ئۇچۇشنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ قا-
ناتلىرىدىن چىققان ئاۋازلار پەلەكنى زىلزىلىگە سالاتتى. قەھ-
رىمان تۆۋەنگە قارىغاندى، تامامىي ئالەم ئوت ئېلىپ كېتىپ-
تۇ. مۇرغ پەرمان:

— ئەي قەھرىمان، ئاشۇ كۆرۈنگەن كۇھى بەلۇر ئەزىم-
دۇر، بۇ ئالتە يىللىق يول، تېز ئۇچمىسام، بۇ مۇئەللەقتە
كۆيۈپ ھالاك بولىمىز. قارا، كۇھى بەلۇرنىڭ ئۈستىگە كەل-
دۇق، يەنە بىر كېچە - كۈندۈز بەرداشلىق بەرسەڭ بۇ كۇھ-
تىن ئۆتۈپ كېتىمىز، — دېدى.

كېچىسى قاتتىق سوغۇق باشلاندى. مۇرغ پەرمان قەھرى-
ماننى قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ ئۇچتى. كۈن - تۈنلەر
ئۆتتى. ئۇلار سەككىزىنچى كۈنى سەھەردە بىر سەھراغا چۈش-
تى. مۇرغ پەرمان ئېيتتى:

— ئەي قەھرىمان، بۇ يەردە ئەكۋان دىۋىنىڭ بۇرادىرى
ئەتتار دىۋە بار، ئۇنىڭدىن پەخەس بولماق كېرەك، — دېدى.
قەھرىمان:

— ئەي مۇرغ پەرمان، سەن مەن ئۈچۈن جاپا - مۇشەق-
قەت تارتتىڭ. يەنە ئۈچ كۈن تەخىر قىل. ئەگەر مەن ھالاك
بولۇپ كەتسەم، يارەنلىرىم ۋە ھۇشەڭ شاھقا خەۋەر بېرىپ
قوي، — دەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئەكۋان دىۋىنىڭ
قەلئەسىگە قاراپ قەدەم قويدى. قەھرىمان ئالتۇن قەلئەگە يې-
قىنلاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئەكۋان، قەھرىمان كېلىپ قالمىسۇن
يەنە، دەپ بارلىق دىۋىلەرنى يىغدى. قەھرىمان قەلئەنىڭ سىر-
تىدىكى بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرغاندى. قەلئە
ئىچىدىن بىر تالاي دىۋە چىقىپ قەھرىماننىڭ ئالدىغا كېلىپ
تورۇشتى. قەھرىمان خۇن - جىگىرىدىن چىقىرىپ نەرە تارت-
تى. دىۋە قەھرىماننى بىر لوقما گۆش قىلىمىز، دەپ جەڭگە

كىرىشتى. ئەكۋان لەئىنىنىڭ چوڭ بۇرادىرى سەرخىۋاب دىۋە
تاغدەك ئومۇتنى كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلىپ قەھرىمان تەرەپكە
كېلىپ، قەھرىماننىڭ بېشىغا چەنلەپ گۇرزە ئۇرۇۋىدى، يەر ـ
جاھان لەرزىگە كەلگەندەك بولۇپ كەتتى. ئالەمنى چاڭ ـ
توزان باستى، قەھرىمان كۆرۈنمەي قالدى. بىر ھازادىن كې-
يىن قەھرىمان چاڭ ـ توزان ئىچىدىن چىقتى. سەرخىۋابنىڭ
گۇرزىلىرى كار قىلمىدى. قەھرىمان ھەممىسىنى رەت قى-
لىپ، دەھشەت كۈچ بىلەن نەرە تارتتىكى، ئالەمنىڭ ئومۇرت-
قىسى يېرىلغاندەك بولدى. دىۋىلەرنىڭ مىنگەن جانىۋارلىرى
ئۈركۈپ قاچتى. قەھرىمان ھەيۋىتى بىلەن سەرخىۋابنىڭ بې-
شىغا تىغ ئۇردى. سەرخىۋاب ئۆزىنى گۇرزە بىلەن مۇھاپىزەت
قىلغانىدى، قەھرىماننىڭ
تىغى ئۇنىڭ گۇرزىسىنى پارە
ـ پارە قىلىپ، ئۇنىڭ تېنى-
نى پارچە ـ پارچە قىلىۋەت-
تى. بۇنى كۆرۈپ دىۋىلەر
كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى. قەھ-
رىماننىڭ تىغىدا دىۋىلەر
بىر ـ بىرلەپ ھالاك بولدى،



قاچقانلىرى قېچىپ قۇتۇلدى. قەھرىمان ئېگىزدە قاراپ تۇرغان ئەكۋاننى كۆرۈپ: «ئەي لەئىن، مەرد بولساڭ قاچما» دەپ ۋارقىرىدى. غەزەپلەنگەن ئەكۋان قەھرىمانغا گۈرزە ئۇردى ۋە توڭگۈزدەك ئاچچىقلىنىپ، قالايمىقان تىغ ئۇرۇشقا باشلىدى. قەھرىمان بىر قولىدا قالقان تۇتۇپ، بىر قولىغا گۈرزىسىنى ئېلىپ لەئىننىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇردى. لەئىننىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشۈپ، كۆتەكتەك ئاۋاز چىقىرىپ، جېنى جەھەننەمگە ماڭدى. يەر يۈزى لەشكەرلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىگە تولۇپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى سەھماندىن ئاڭلايلى:

سەھمان ھىندىستانغا بېرىپ قەھرىماننىڭ سالىمىنى پادىشاھ ھۇشەڭگە يەتكۈزدى. پادىشاھ مەمنۇن بولۇپ جاۋابنامە يېزىپ سەھماننىڭ قولىغا بەردى. سەھمان نامەنى ئېلىپ جاھانىماغا كەتتى ۋە بۇ يەردە مۇرغ پەرمان بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇلار قەھرىماننىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. قارىسا، نۇرغۇن دىۋىلەر قەھرىماننى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈدەك بوپتۇ. سەھمان بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولۇپ دىۋىلەرنى قىر - چاپ قىلىۋەتتى. سەھماننىڭ قىرغىنلىرىغا دىۋىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قېيا - چىيا سېلىشتى. سەھماننى كۆرۈپ قەھرىمان بەكمۇ خۇش بولۇپ:

— ئەي سەھمان، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، مېنى تولا خۇشال قىلدىڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە: سەھمان بىلەن مۇرغ پەرمان دىۋىلەرگە تاشلاندى. قەھرىمان بىر دەرەخنىڭ تېگىگە بېرىپ ئولتۇردى. مۇرغ پەرمان گاھى بىر دىۋىنى، گاھى ئىككى دىۋىنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ ھاۋادىن تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. قەھرىمان مۇرغ پەرماننىڭ بۇ كارىغا ھەيران بولۇپ ئۇلۇغ تىندى. ئەتتار دىۋە

چىداپ بولالماي، قەلئە ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى.

ئەتتار دىۋىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، ئېتى مېھىن ئارا ئىدى. ھۆسن بابىدا يېگانە بۇ قىز دادىسىنى كۆرسە خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك يىرگىنەتتى. مېھىن ئارا بىر كېچە شوندۇق چۈش كۆردى، چۈشىدە دادىسى زەنجىرلەنگەن ھالدا ئوتتا تۇرغۇدەك، ئۇنى پەرىشتىلەر ھەر تەرەپكە سۆرەپ ئازابلاۋاتقۇدەك. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئوت زەنجىرى ئىچىدە تۇرغۇدەك، شوندۇق تۇرغاندا بىر نۇرانە پەرى ئۆزىگە قاراۋاتقۇدەك. مېھىن ئارا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېتەكلىرىنى تۇتۇپ شاپائەت تىلەۋاتقۇدەك. پەرى ئۇنىڭغا: «سەن قەھرىمانغا يار، ئاتاڭ ۋە جىمى دىۋىلەرگە دۈشمەن بولۇپ، دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، كەلاسە جادۇنى ھالاك قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتەرلىرىنى قەھرىمانغا ئېلىپ بەرسەڭ، قەھرىمان سېنى نىكاھىغا ئالسا، ساڭا شاپائەت قىلىمەن» دەۋاتقۇدەك. بۇ قىز چۆچۈپ ئويغىنىپ، قولىغا تىغ ئېلىپ دىۋىلەرگە قارشى جەڭگە چۈشتى. قەھرىمان بۇ پالۋان قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردى ۋە:

— ئەي جۇۋان، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. مېھىن ئارا كىملىكىنى، كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ بايانلىرىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئاتىسىنىڭ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. مېھىن ئارا شەھەرگە كىرىپ تۇرغۇن دىۋىلەرنى ئالدىغا سېلىپ، قەھرىماننىڭ قېشىغا كەلدى. قەھرىمان دىۋىلەردىن سورىدى:

— ئەي لەئىنلەر، ئەتتار نەگە كەتتى؟

دىۋىلەر جاۋاب بېرىشتى:

— شەھبال شاھنىڭ زەئىپىسىنى ئېلىپ كوھى قەمەرگە كەتتى.

قەھرىمان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇ چاغدا مېھىن ئارا ئېيتتى:

— ئەي قەھرىمان، بۇ يولدا بىر دەريا بار، ئۇنىڭغا ئاتـمىش دەريانىڭ سۈيى قوشۇلىدۇ. بەك مۇشكۇل يول. ھالاك قىلماق تەس، ھېچ نېمە كار قىلماس.

قەھرىمان ئېيتتى:

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى زادى نېمە؟

مېھىن ئارا:

— ئەي قەھرىمان، مەن ئالىملاردىن، ئەتتار دىۋىنى ھېچكىم ھالاك قىلالماس، دەپ ئاڭلىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇخـمەن راھىن شاھنى زەبۇن قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈش لازىم، ئەمما ئۇ ئەڭگۈشتەر ھازىر كەلاسە جادۇنىڭ قولىدا. كەلاسە جادۇ ئانامنىڭ بىر تۇغقىنى. ئۇ بىر زامان راھىن شاھقا خىزمەت قىلغان ۋە شۇ جەرياندا ئەپسۇن بىلەن ئۇ ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن. ئەي قەھرىمان، سىز راھىن شاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇ يەرلەرنى قولغا كەلـتۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى كەماننى ئېلىڭ. مەن كەلاسە جادۇنىڭ قولىدىن ئەڭگۈشتەرنى ئەكېلەي. — دېدى.

سەھمان قەھرىماننى كۆتۈرۈپ پەرۋاز قىلىپ چۆل ـ جەزىرىلەردىن ئۆتتى، بەش كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن راھىن شاھ جەزىرىسىگە يەتتى. بۇ شۇنداق ئېسىل باغ، خوپ ھاۋالىق جاي ئىكەن، ئۇلار شۇنداق تۇراتتى، ئەپرىيەت دىۋىنىڭ لەشـكەرلىرى قەھرىماننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ يوپۇرۇـلۇپ چىقتى. بۇلارنى كۆرۈپ قەھرىمان بىلەن سەھمان قولـلىرىغا تىغ ئېلىپ جەڭگە كىردى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نۇرـغۇن دىۋىلەر ھالاك بولۇشتى. ئۇرۇش ئىچىدە ئۇلار ئەپرىيەت دىۋىگە ئۇچرىشىپ قالدى. قەھرىمان بىلەن سەھمان جان ـ

جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، ئۇ مەلئۇنغا شەمشەر ئۇردى. ئەپرىدەت قولىغا ئۇمۇت ئالدى. قەھرىمان ئۇمۇتنى رەت قىلىپ، شەمشىرىنى ئاسمانغا ئۆرلىتىپ، زەرب بىلەن ئەپرىيەتنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، بېشى ئىككى پارە بولدى. باشقا دىۋىلەرمۇ بىر - بىرلەپ ھەسسە - ھەسسە قىلىندى، ئامان قالغانلىرى ھەر تەرەپكە جان ئېپقاچتى. بىردەمدىن كېيىن جاھان سۈزۈلگەندەك بولدى. قەھرىمان بىلەن سەھمان قوبىننىڭ قېشىغا باردى. بۇ بىر تىلسىم ئىدى.

ئەمدى گەپنى مېھىن ئارادىن ئاڭلايلى:

مېھىن ئارا ئەڭگۈشتەرنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن كۆھىئاتەشكە باردى. كەلاسە جادۇ ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالمىغۇدەك خۇشال بولدى. كەلاسە جادۇ مېھىن ئارانىڭ بويىنىغىچە قوللىرىنى سېلىپ ئىززەت - ئىكراملار قىلدى، ئاندىن ئېيتتى:

— ئەي جانىم، رەھمەت، مېنى ياد ئېتىپ بۇ تەرەپكە كەپسەن، مەن بەك ئەندىشىدە تۇراتتىم، ئەتتارنىڭ ھالى قانداق بولدى؟ سېنىمۇ كۆرمەككە بەك ئارزۇلۇق بولۇپ تۇراتتىم، — دەپ ھال - مۇڭ بولدى، ئاندىن ئۇ جادۇ مېھىن ئارانىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆز سارىيىغا ئەكىردى. ئۇلار باغلارنى ئارىلىدى، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆھبەتلەرنى قىلىشتى. ئاندىن كەلاسە جادۇ مېھىن ئاراغا:

— ئەي قىزىم، مەن چارچىغاندەك قىلىمەن، ئازراق ئارام ئالاي، — دېدى. مېھىن ئارا خاپا بولغان قىياپەتتە:

— ئەي ئانا، مەندىن زېرىكتىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدە شۇنچە يىراق يەردىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق تارتىپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەن ئۇچۇن بىر كېچە ئۇيقۇنى قويسىڭىز بولماسمۇ؟ بوپتۇ، مېنىڭ مۇرادىم سىزنى كۆرمەك ئىدى، ئەمدى ئەسلا كەلمەيمەن، — دەپ دەرھال ئورنىدىن

تۇردى. كەلاسە جادۇ مىھمىن ئارانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئەي نۇرى دىيدەم، نىمە ئۇچۇن مۇنچە سۆزلەيسەن؟ مەن سىنى ھىرىپ كەتتى. ئازراق ئۇخلىسۇن دىگەنىدىم. — دىدى ئەپۇ سورىغاندەك. جادۇگەر يەنە شاراب ئىچىشكە باشلىدى، مىھمىن ئارا پىيالىلەرنى لىقلاپ شاراب قۇيۇۋەردى. ئارىدا كۆپ شاراب ئىچىلدى، كەلاسە جادۇگەرنى بىر تەرەپتىن ئۇيقۇ، بىر تەرەپتىن شارابنىڭ كۈچى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مىھمىن ئاراغا:

— ئەي كۆز نۇرۇم، قاراپ تۇر، مەن بىر قۇببە پەيدا قىلاي، — دەپ سىھىر قىلىپ بىر قۇببە پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن غوۋغالار چىقىشقا باشلىدى، ئەتراپىدىن بوستان - گۈلىستانلار پەيدا بولدى. ئاندىن جادۇ ئېيتتى:

— ئەي كۆز نۇرۇم، كەلگىن، سەن ياش، قۇۋۋىتىڭ بار. شاراب ئىچىپ بۇ جانىۋارلارنى تاماشا قىل، مەن خانەمگە كىرىپ بىردەم ئارام ئالاي.

مىھمىن ئارا ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جادۇگەر مىھمىن ئارانى باشلاپ راھىمىن شاھتىن قالغان خىلۋەتخانىسىغا كىردى. كەلاسە جادۇ بىر سىھىر دەمىدە قىلىپ بىر ئەجدىھا پەيدا قىلدى. ئەجدىھا ھالقا بولۇپ ياتتى. كەلاسە جادۇ ئەڭگۈشتىرىنى ئەجدىھانىڭ ھالقىسىغا قويۇپ، يەنە سىھرى بىلەن ئىككى يولۋاس پەيدا قىلدى. بۇ يولۋاسلار ئىشىكنىڭ ئاغزىنى توسۇپ ياتتى. كەلاسە جادۇ مىھمىن ئارانى بېشىغا ياستۇق قىلىپ قۇچاقلاپ ياتتى. مىھمىن ئارا ھوشيار ئىدى. جادۇگەر ئاخىر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى. مىھمىن ئارا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ، جادۇگەرنى بېشىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن سىھرى بىلەن ئەجدىھا ۋە يولۋاسلارنى يوق قىلىپ، ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ

سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا بارلىق دېۋىلەر يېپىشىپ كېلىپ مېھىن ئارانىڭ ئاياغلىرىغا باشلىرىنى قويۇشتى. مېھىن ئارا ئۇلارغا:

— ئەي يارەنلەر، سىلەر بۇ تەختنى كۆتۈرۈپ يۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. تۆت مىڭ دېۋە كوھىئاتەشتىن تەختنى كۆتۈرۈپ راھىن شاھ تەرەپكە راۋان بولۇشتى.

قەھرىمان ئەپرىيەتنى ھالاك قىلىپ قاراپ تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئەتتار دېۋە ساراسىمىگە چۈشتى ۋە قېچىپ كەلگەن دېۋىلەرنى جەم قىلىپ ۋەز ئېيتتى:

— ئەي يارەنلەر، مۇشۇنداق ئۇيۇشساق، ئۇ ئادەمزات تەنھا ھالدا بىزگە تەڭ بولالماس. مېنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن قولىدا راھىن شاھنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولۇشى. راھىن شاھنىڭ ئۇقيالىرى بولۇشى لازىم. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ كىمنىڭ قولىدىن كەلسۇن، كىممۇ پەرى كەلاسەدەك راھىن ئەڭگۈشتىرىنى، ئۇقياسىنى ئالالايدۇ؟! ئەي تانۇس، سەن بېرىپ ئۇ ئادەمزات ئوغرىنى بۇ يەرگە تۇتۇپ كەل!

ئىككى يۈز مىڭ دېۋە تانۇس بىلەن قەھرىمان تەرەپكە راۋان بولدى.

قەھرىمان يارەنلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز پاتىراق ئاۋازلار كەلگەندەك بولدى. قەھرىمان بېشىنى كۆتۈرۈپ، يارەنلىرىگە:

— ئەي يارەنلەر، غاپىل بولماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ ئاۋازى مەلۇم بولدى، — دېدى. سەھمان ھاۋاغا پەرۋاز قىلىپ دېۋىلەردىن خەۋەر ئەكەلدى. قەھرىماننىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، تىغ سۇغۇرۇپ تەييار تۇردى. بىردەمدىن كېيىن دېۋە لەشكەرلىرى كۆرۈندى. بىر دېۋە ئۈزىگە تەمەننا قويۇپ قەھرىمانغا روبىرو بولغانىدى. دەرھال تېنى ئىككى پارچە بولدى. بۇنى كۆرۈپ دېۋىلەر چاك - چاك بولۇپ، كۆزلىرى كاماردەك ئېـ

چىلىپ قىلىشتى.

ئەلقىسسە: ئەھۋالنى كۆرۈپ تانۇس دىۋە ئۆز لەشكەرلىردگە ھەيۋە قىلىپ، ئۇلارنى جەڭگە قىستىدى. دىۋىلەر: «ئەي تانۇس، بىز ئۇنىڭغا باراۋەر بولالمايمىز، كۆرمىدىڭمۇ، بىر دىۋە بىر زەربىگە يارىمايدۇ» دېيىشىپ چۇرقىراشتى. تانۇس ۋارقىرىدى: «ئۇنىڭ بىلەن يەردە تەڭ بولالمىساڭلار، ئاسمانغا چىقىپ تاش ئېتىپ ئۇنى ھالاك قىلىڭلار!»

بۇ مەسلىھەت دىۋىلەرگە ماقۇل كەلدى. دىۋىلەر باياۋانغا بېرىپ تاش كۆتۈرۈپ كېلىپ قەھرىمانغا تاشلاشقا باشلىدى. قەھرىمان بېشىغا قالقان تۇتۇپ، ھەربىر تاشنى تۇتۇۋېلىپ ئاسمانغا ئېتىپ دىۋىلەرنى مىسالى كەپتەر سوققاندەك سوقۇپ يەرگە چۈشۈردى. دىۋىلەر ھاۋادىمۇ بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، قوللىرىغا ئومۇت ئېلىپ، يەكمۇ يەك بېرىپ قەھرىمانغا ئېتىلىشتى. قەھرىمان دىۋىلەرنىڭ بۇ جاھىللىقلىرىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى - دە، دىۋىلەرنى قومۇش - پاسار ئورغاندەك ئوروپ يىقىتىپ، تىرىپىرەن قىلىپ، ئۇلارنى قەلەمدەك توغرىۋەتتى. دىۋىلەر بۇ زەربىگە تاقەت قىلالماي، بۆرىدىن قاچقان قويدەك ۋارقىرىشىپ ھەريانغا قاچتى. ئەنە شۇ تەرزدە ئىككى كېچە - كۈندۈز جەڭلەر بولدى. يەر يۈزى ئۆلۈكلەر بىلەن كۆمۈلدى. ئۇلار شۇنداق تۇراتتى، ھاۋادىن دىۋىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي بىرقانچە دىۋە بىر تەختنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نەچچە مىڭ دىۋە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يەرگە چۈشۈشتى، تەخت بىر يەرگە قويۇلدى. ھەممە دىۋە - پەرىلەر ئۇنىڭغا يىقىنلىشىپ، ئېھتىرام بىلەن تۇرۇشتى. تەخت ئۈستىدە مېھىن ئارا كۆرۈندى. مېھىن ئارا قەھرىماننى كۆرۈپ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇ چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئەڭگۈشتەرنى قەھرىماننىڭ قولىغا تاپشۇردى.

قەھرىمان ئەڭگۈشتەرگە نەزەر سېلىپ، ئۇنى يۇزىگە سۈرتتى ۋە قولىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاندىن قەھرىمان مېھىن ئارادىن سورىدى:

— ئەي نازىنىن، بۇ ئەڭگۈشتەرنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈردۈڭ؟

مېھىن ئارا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بايان قىلىپ بەردى. قەھرىمان مېھىن ئارادىن بۇ دۈخمىنى قانداق ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى، مېھىن ئارا دۈخمىنى ئېلىشنى ھەممان زاھىد بىلىدىغانلىقى، ئۇ كىشى كۆھى شەئبانىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قەھرىمان دەرھال سەھمان بۇرادىرىگە:

— ئەي يار - ۋاپادار، بۇ ئىش سەندىن كەلسۇن، — دەپ ئۆتۈندى. سەھمان پەرمانبەردار بولۇپ، دەرھال پەر قېقىپ ئۇچۇپ، بىردەمدە ئول ۋىلايەتنىڭ ئىچىگە يەتتى.

ئۇ يەردىكى دىۋە - پەرىلەر سەھماننى كۆرۈپ قورقۇشۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا پېتىنالمىدى. ھەممان زاھىد تاشقىرىغا چىقتى. سەھمان ھەممان زاھىدنى كۆرۈپ تەزىم بەردى، ئۇنىڭ قوللىرىنى يۈزىگە سۈرتتى، ئاندىن قەھرىماندىن سالام يەتكۈزدى.

ھەممان زاھىد قىرىق مىڭ دىۋە - پەرىنى سەپلەپ، سەھمان بىلەن بىرگە قەھرىماننىڭ قېشىغا ماڭدى. قەھرىمان بۇ خەۋەرنى ئالدىن ئاڭلاپ، راھىدنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئېھتىرامدا تۇردى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان بېرىپ زاھىدنىڭ قوللىرىنى يۇزىگە سۈردى. زاھىد ھەم قەھرىماننىڭ شەنىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. قەھرىمان سورىدى:

— ئەي زاھىد، دۈخمىنى قانداق ئېلىش لازىم؟

زاھىد جاۋاب بەردى:

— ئەي قەھرىمان ساھىب، ئەتە كەچتە دۈخمىنىڭ سا-يىسى مەشرىق تەرەپتىن مەغرىب تەرەپكە چۈشسۈن، شۇ چاغ-دىن باشلاپ قۇبىننىڭ چەرخى قىرىق ئايلىنىپ سايىسى نەگە چۈشسە، شۇ جايىنى نىشان قىلىپ كولىساق، بىر دانە تاش چىقىدۇ. ئۇ تاشنى ئېلىۋەتسەك، دۈخمىنىڭ يولى مەلۇم بولىدۇ.

ئەلقىسسە: ئەتىسى قەھرىمان زاھىد دېگەن بويىچە تاشنى ئېلىۋەتكەندى، بىر ئىشىك پەيدا بولدى، بۇ يەردە بىر دانە شوتا بولۇپ، ئىچى ناھايەت قاراڭغۇ ئىدى. قەھرىمان كەيۇ-مەرس ئادەمنىڭ گۈرزىسىنى غىلاپتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ شو-لىسىدا ئەتراپنى كۆرۈپ مېڭىپ بىر دەرۋازىغا يېتىپ باردى. سەھمان بىلەن مېھمن ئارامۇ ئەگىشىپ كىرىشتى. ئۇلار دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىردى. كۆردىكى، بىر ئالىي ساراي، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تەخت، تەخت ئۈستىدە بىر چەرخ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئادەم تۇرىدۇ. ئۇ ئادەم سۈرەت-لىك جىن بولۇپ، قامچا بىلەن دەمبەدەم چەرخنى ئۇرۇپ تۇ-رىدۇ. بۇ چەرخ قۇبىننىڭ چەرخىنى ئايلاندۇرىدىغان چەرخ بو-لۇپ، ناھايىتى تېز ئايلىناتتى. قەھرىمان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— ئەي جىن، بىردەم توختا! — دەپ بۇيرۇدى. جىن بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەي قەھرىمان، ۋاقتى كەلگەندە سەۋر قىلۇرمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

قەھرىمان يەنە سورىدى:

— ئەي جىن، بۇ دۈخمىنى قانداق قولغا ئېلىشنى بىلەمسەن؟

— مانا بۇ چەرخنى ئۇشتۇساڭ ئالالايسەن. — دېدى جىن. قەھرىمان گۈرزىسىنى ئۇرغانىدى، چەرخ ئىككى پارە بولدى. ئۇ يەردە يەنە بىر يول كۆرۈندى. قەھرىمان شۇ يول

بىلەن بىر سائەت يۈرۈپ، بىر دەرۋازىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ناھايىتى مۇستەھكەم بىر قەلئەنى كۆردى. قەھرىمان دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىردى ۋە بىردەمدىن كېيىن بىر جايغا يەتتى. بۇ يەردە بىر تابۇت بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر كۇمۇش لەۋھە ئېسىلغانىدى. لەۋھەنىڭ بىر تەرىپىگە راھىن پادىشاھنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە نەچچە قۇر خەت يېزىلغانىكەن. خەتتە: «ئەي قەھرىمان قاتىل، ھەرگىز دۇنيا ۋە دۆلىتىڭگە مەغرۇر بولما، مەندىن ئىبرەت ئال. ساڭا بۇ كامان ھاجەتتۇر. ھاجىتىڭدىن كېيىن يەنە ئەكېلىپ ئۆز جايىغا قوي. چۈنكى بۇ كامان سەندەك يەنە نەچچە پالۋانغا لازىم بولۇر. ئىش تۈگىگەندە تىلسىمنى ئاۋۋالقىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قوي» دېيىلگەنىكەن. قەھرىمان خەتنى ئوقۇپ، راھىن شاھنىڭ ھەققىگە كۆپ دۇئا قىلدى. ئاندىن تىلسىم-نىڭ چەرخىنى ئۇشتۇغانىدى، پەرياد كۆتۈرۈلدى ۋە يەنە بىر دەرۋازا ئېچىلدى. ئۇلار ئىچكىرى كىرىپ كۆردىلەركى، ئاجا-يىپ ياخشى ئىمارەت، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ساندۇق تۇر-دۇ. زاھىد ساندۇقنى ئاچتى، ئوقيا ئەنە شۇ ساندۇق ئىچىدە ئىكەن. قەھرىمان ئوقيانى ئېلىپ دەرۋازىدىن چىقتى.

ئەلقىسسە: زاھىد بىلەن مېھىر ئارا تەخت ئۈستىگە چى-قىپ، قەھرىمان مۇرغ پەرمان بىلەن پەرۋاز قىلىپ، جىمى يارەنلەرنى باشلاپ كۇھى قەمەرگە راۋان بولدى. ئەتتار دىۋە قىرىق مىڭ دىۋىنى قەھرىمان بىلەن ئېلىشقىلى ئەۋەتىپ، ئۆزى بىغەم ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، تۇيۇق-سىز قەھرىمان دۈخمىنى تارتىۋېلىپ ئوقيانى قولىغا ئالدى، شۇ چاغدا ئەتتارغا ھەممان زاھىد، مېھىر ئارا نۇرغۇن ئا-دەمزات ۋە دىۋە ـ پەرىلەر بىلەن بېسىپ كەلدى. كەلاسە جا-دۇنى مېھىر ئارا ھالاك قىلىپ، ئەگگۇشتەرنى قەھرىماننىڭ

قولىغا بەردى دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەتتار ئىچىدە ئۆلۈغ تىندى، ئاندىن ھەممە لەشكەرلىرىنى تاشقىرى چىقىرىپ، جەڭگە تەييارلىنىشقا ئەمر قىلدى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان، مۇرغ پەرمان، مېھىن ئارالار ئەتتار دېۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەتتار دېۋە ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزىپى قايناپ تاشتى، تاشلارنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ھەيۋە قىلدى، ئاندىن ۋارقىراپ تۇرۇپ قوشۇنلىرىنى سەپراس قىلدى. قەھرىمان دېۋىگە: «ئەتتار دېۋە دەرھال تەسلىم بولسۇن. ئەسىرلەرنى قولۇمغا ئۆتكۈزسۇن، شۇنداق قىلسا شەھەر ئۆزىگە قالىدۇ» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەتتار بۇ سۆزنى قوبۇل قىلمىدى. قەھرىمان ئەتتارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قولىغا گۇرزىسىنى ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي ئەتتار، شەھبال پەرىنىڭ زەئىپىسىنى ۋە باشقا ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاپشۇر، ئۆزۈڭنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قال ! ... — دەپ ۋارقىرىدى. ئەتتارمۇ ھەم ۋارقىرىدى:

— ئەي خاك بەچچە ! ئەكۋان، سەرخىۋاب بۇرادەرلىرىم، ئەمىر - لەشكەرلىرىم سېنىڭ قولۇڭدا ھالاك بولدى. بۇ ئەسىرلەرنى ھەرگىزمۇ ساڭا بەرمەيمەن. يەنە ئۆزۈڭدەك يۈز مىڭ پالۋان ئەكەلسەڭمۇ بوزەك بولمايمەن !

ئەتتار قەھرىمانغا قاراپ ئېتىلدى. قەھرىمان بېشىغا قالقان تۇتتى. ئەتتار شۇنچە گۇرزە ئۇرغان بولسىمۇ، ھەممىسى رەت بولدى. ئەتتار ئۆز زەربىسىنىڭ قەھرىمانغا تەسىر قىلمىغانلىقىنى پەملەپ، ئۆزىنى بىر چەتكە ئالغاندەك قىلدى - دە، قەھرىمانغا يەنە گۇرزە ئۇردى، قەھرىمان گۇرزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالدى. ئەتتارنىڭ گۇرزىسى يەرگە تېگىپ چاڭ كۆتۈرۈلدى، قەھرىمان كۆرۈنمەي قالدى. ئەتتار. قەھرىمان يەرگە پېتىپ كەتتى بولغاي دەپ، مېھىن ئاراغا قەست

قىلدى. قەھرىمان بۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، نەرە تارتتى. ئەتتار دىۋە قەھرىماننىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، گۆرزىنى قەھ- رىمانغا ئۇرۇشقا باشلىدى. قەھرىمان ئەگگۈشتەرنى قولىغا سېلىپ، ئوقيانى قولىغا ئالدى ـ دە، ئەتتار دىۋىنىڭ كۆك- سىگە ئاتتى، ئەتتارنىڭ بەدەن ـ ئەزالىرى چېچىلىپ كەتتى. قەھرىمان ئەتتار دىۋىنى يولغا سېلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك مەلئۇنلىرىنى خۇددى پىچان ئورۇغاندەك يىقىتىپ تاشلىدى. جېنى ئامان قالغانلىرى توخگۈزدەك چىرقىرىشىپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى.

ئەلقىسسە: دىۋە لەشكەرلىرى تارمار بولغاندىن كېيىن، مېھىن ئارا شەھەر ئىچىگە كىرىپ شەھەردىكى دىۋىلەرنى سۇ- رۇپ يوقاتتى. ساق قالغانلىرى جانلىرىنى تىلىشىپ ئەسىر بولۇشتى. مېھىن ئارا قەھرىماندىن ئەسىر بولغان دىۋىلەرنىڭ گۇناھىنى تىلەپ قالدى، دىۋىلەر گۇناھىنى تىلەپ، قەھرىمان- نىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇشتى. ئاندىن قەھرىمان ئەتتار دىۋىنىڭ سارىيىغا قەدەم قويدى. دىۋىلەر قەھرىمانغا ئەتتار دىۋىنىڭ نۇرغۇن خەزىنىسى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. قەھرى- مان زىندانغا قەدەم قويدى. زىندانگۇيلار تەزىم قىلىپ قەھرى- ماننى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. بۇ يەردە سىماب بىلەن بىر ئۆي ساپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا گۆھەر چىرىغى ئېسىلىپتۇ. بىر تەرەپتە بىر گۈزەل نازىنىن باغلاقلىق، ئۇنىڭ رەڭگى زىندان جاپاسىدىن ساماندەك بولغانىدى. مېھىن ئارا ئۇنى قەھرىماننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە:

— ئەي گۈزەل نازىنىن. قەھرىمان سەن ئۈچۈن كۆپ مېھنەت ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن جەبىر ـ جاپادىن خالاس بولدۇڭ، — دېدى.

بۇ قەمەررۇخ ئايىم ئىدى. قەمەررۇخ ئايىم قەھرىمانغا تە-

زىم قىلدى. قەھرىمان ئېيت-
تى:

— ئەي گۈزەل نازىنىن، ئوغلۇڭ بەھرام مېنىڭ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق ئاغىنەم، سەن ئۇنىڭ ئانىسى. شۇنداقلا مېنىڭمۇ ئانامسەن.



قەمەررۇخ بەھرامنىڭ نامىنى ئىشىتىپ قاتتىق ئاھ تارتىپ:

— ئەي قەھرىمان، مېنىڭ ئوغلۇم چىن ۋىلايىتىدە تاش بولغان. ئۇ ھازىر نېمە قىسمەتتە؟ — دەپ سورىدى. قەھرىمان بەھرامنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلدى. قەمەررۇخ قەھرىماننىڭ قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى دېڭىزگە تەۋە بولغان بارلىق جاي ۋە ۋىلايەتلەر قەھرىمانغا بەيئەت قىلىشتى. تامامىي دىۋە - پەرىلەر، لەشكەرلەر، جانلىقلار ئۇنىڭ ئىتائىتىگە كىردى. قەھرىمان باشتىكى ۋەدىسى بويىچە دۈخمىگە كىرىپ ھېلىقى ئوقيانى جايىغا قويۇپ، تىلسىمنى مۇستەھكەم قىلدى. قەھرىمان ھەممەيلەنگە خەير - ئېھسان چاچتى، ئاندىن: «بۇ يەرگە مېنىڭ كەلگىنىمنى، قىلغان كار - بارىمنى، ئۆتكەن ئىشلارنى يېزىڭلار !» دەپ يازدۇردى.

ئۇلار يېنىپ كەتمەكچى بولۇشۇپ، كۆھى بەلۇردىن باشقا يول ئىزدەشنى مەسلىھەت قىلىشتى. بۇ چاغدا سەھمان:

— مەن باشقا بىر يولنى بىلىمەن، لېكىن بەك دىشۋار.

كۆھى بەلۆرنىڭ شىمالىدا، دەريايى مۆھىتىنىڭ كەنارىسىدا يەتتە كۈن زۇلمەت ئىچىدە يول يۈرىمىز، ئۇ جەزىرىدە ئاجايىپ زور مەخلۇقاتلار بار، — دېدى. قەھرىمان بۇنى ئاڭلاپ:

— يارەنلەر، ئوتقا قارىغاندا زۇلمەت بىلەن ماڭغان ياخشىراق، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن يول تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى. قەھرىمان:

— مېھىن ئارا بىلەن قەمەرروخ ئايىمنى تەختكە چىقىرىپ، ساندۇق - شىشىگە سېلىپ ئېلىپ مېڭىڭلار، ئەتتار دىۋىنىڭ خەزىنىلىرىنى كۆتۈرۈپ ساق - سالامەت ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپ تاپشۇردى. ئۇلار يولغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە: ئۇلار نۇرغۇن يول بېسىپ، ئاخىر زۇلمەتكە يېتىشتى. ئۇلار خۇش ھاۋالىق، ئارام ئېلىشقا مۇۋاپىق جايغا چۈشۈپ، ئەتتار دىۋىدىن غەنىيمەت ئالغان يەتتە يۈز تۇۋۇرۇكلۇك چېدىرنى تىكتى. ئۇلار بۇ يەردە ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، يول تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. دىۋە - پەرىلەر بۇ جەزىرىدىن ھېسابسىز دۇر - جاۋاھىرلارنى تېپىپ، ئۇنى قەھرىماننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. قەھرىمان، بۇ جاۋاھىرلاردا ئايىملار ئولتۇرغان تەختنىڭ ئەتراپىنى بېزەڭلار، دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار يەنە يولغا راۋان بولۇپ، زۇلمەتكە شۇڭغۇدى، ئالەم بارغانسېرى قاراڭغۇلاشتى، ئادەم ئادەمنى كۆرگىلى بولمىدى.

قەھرىمان كەيۇمەرس ئادەمنىڭ گورزىسى بىلەن ئەتراپىنى يورۇتۇپ ماڭدى. ئۇلار بىر دەرياغا يەتتى، دەريانىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلار كەلدى.

ئەلقىسسە: ئۇلار سەككىزىنچى كۈنى زۇلمەت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ، خۇش ھاۋالىق بىر جايغا يەتتى. ئۇلار ئۇزاققىچە ئارام ئېلىشتى. بۇ يەر گۈلىستانى باغى ئېرەمدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا ئىدى. قەھرىمان بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال

بولدى. قەھرىمان سەھمانغا: «سەن بۆرۆنراق بېرىپ، يارەنلەرگە خەۋىرىمىزنى مەلۇم قىلغىن» دەپ ئۆتۈندى. سەھمان دەرھال ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى.

سەھمان شەھبال شاھنىڭ قەلئەسىنىڭ قېشىغا يەتتىدە، ناگاھ گەردان كەشان بىلەن ئۇچراشتى. گەردان كەشان سەھماننى مەرھابا دەپ قوچاقلىدى. سەھمان قەھرىماننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى، ئاندىن گەردان كەشان بىلەن ئىچكىرىگە كىردى ۋە شەھبالغا سالام بەردى. شەھبال شاھ ۋە راي ھىندى قاتتىق خۇشال بولدى. قەھتىران ۋە بەھراملار سەھماننى قۇچاقلاشتى.

ئەلقىسسە: شەھبال شاھ سەھماندىن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى جاۋاھىرلارغا غەرق قىلىۋەتتى. ھەممەيلەن باھادىر پالۋان قەھرىمانغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئاندىن شەھبال شاھ ئېيتتى:

— ئەي سەھمان، سەن كۆپ مۇشەققەت تارتتىڭ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە غەيرەت قىلىپ بىزدىن قەھرىمانغا خەۋەر بەرگىن، قەھرىمان شۇ جايدا تۇرۇپ تۇرسۇن. بىز ئالدىغا بېرىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئەكېلەيلى!

سەھمان قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، قەھرىمان تەرەپكە راۋان بولدى.

شەھبال شاھنىڭ پەرمانى بىلەن يەتمىش مىڭ پەرى جەم بولدى. كېچە ئۆتتى. شەھبال شاھ راي ھىندىغا بىر تەخت، سەرۋى خىرامانغا بىر تەخت، جەبىل شاھقا بىر تەخت تەييارلاپ، ئۆزى بىر تەختكە چىقىپ، پەرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قەھرىمان تەرەپكە پەرۋاز قىلدى. ئۇلار ئاخىر قەھرىماننىڭ قېشىغا كېلىشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ دىدار كۆرۈشتى، خۇشاللىقتا چۇقان سېلىشتى، كۆز يېشى

قىلىشتى. قەھرىمان بەھرامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، بىر پەردىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى. بەھرام كۆردىكى، شۇنداق چىرايلىق پەردىلەر ئىچىدە بىر پەرىزات ئولتۇرۇپتۇ. قەمەرروخ پەردىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارنى كۆردى ـ دە:

— ئەي قەھرىمان، بۇ پالۋان بەگ مېنىڭ جىگەر گۆشۈم بەھرام بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دەپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. قەھرىمان ئېيتتى:

— ئەي نىگار ئايىم، ئوتتۇز يەتتە يىلدىن بېرى سىنى كۆيدۈرگەن جىگەر پارەڭ — بەھرام مانا شۇ.

بەھرام ئانىسىنى كۆرۈپ، يىغلىغان پېتى ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلىدى. قەھرىمان بەھرامنى، مېھىن ئارا قەمەررۇخنى يۆلىۋالدى، بولمىسا ئىككىسى يەرگە يىقىلاتتى. قەمەررۇخ:

— ئەي بەھرام جېنىم، ئاخىر يۈزۈڭنى كۆردۈم. بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ؟ ! — دەپ ئېسەدىدى.



— ئەي مېھرىبانىم، يۇرىكىم ئانا، مەن بىچارە يىگىرمە تۆت يىل نە قىش ۋە نە يازنى بىلمىدىم، — دەپ مۆڭلىرىنى بايان قىلدى بەھرام.

ئەلقىسسە: شۇ سائەتتە شەھبال شاھ. راي ھىندى شاھ. سەرۋى خىرامانلار قەھرىمانغا تەزىمگە كەلدى. شەھبال شاھ قەھرىمانغا باشقىچە ئىززەت - ئىكرام بىلدۈردى. مىڭلىغان دىۋە - پەرىلەر قەھرىماننىڭ باشلىرىغا دۇر - جاۋاھىرلارنى چېچىشقا باشلىدى. قەھرىمان ئىززەت - ھۆرمەت قايناملىرىدا لەئلى سارلاغا غەرق بولدى. قەھرىمان شەھبال شاھقا مەمنۇن-لۇق ئىپادىلىدى. سەرۋى خىرامان قەھرىماننىڭ ئىشتىياقىدا ئاران - ئاران تۇراتتى، قەھرىمان ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا بار-دى. قەھرىمان ئۇل نازىنىنغا قاراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

نىگار ھىجرى بالا، ھىجرى قىيامەت،
ئاجايىپ بىر باھادىر غۇنچە قامەت.
ئۇنىڭ ئاتى ئىرۇر سەرۋى خىرامان،
ئىشق ئەھلى كۆرۈپلا بەرگۈسى جان.
نەچچە كۈنلەر سىنىڭ ھىجرىڭدە يۇردۇم،
كۆزۈمدىن ياش بىلەن ئاقتى گويا قان.
غازات ئەيلەپ جاھان مەلئۇنلىرىغا،
زۇلۇملار بولدى گۇم، بەس، بولدى ئەفغان.
تولا كۆردۇم جاھاندا دىلرەبانى،
ماڭا سەنكىم ئۆزۈڭ نۇر ماھىتابان.

قەھرىمان غەزەلنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەرۋى خىرامان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قەھرىمان دەرھال ئوقۇشتىن توختاپ، ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. بىر ھازادىن كېيىن

سەرۋى خىرامان ھوشىغا كەلدى ۋە:

— ئەي قەھرىمان، مېنىڭ ئېتىقادىم سەندىن يۈز ھەسسە زىيادە، — دەپ قەھرىماننىڭ بېشىدىن دۇر - جاۋاھىرلارنى نىسار قىلدى.

ئەلقىسسە: ھەممەيلەن قارارگاھقا كىرىشتى، قەھرىمان ئەتىتار دىۋىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. قەھرىماننىڭ ئوڭ تەرىپىدە قەھتىران، چەپ تەرىپىدە بەھرام جەبىل ئولتۇردى. باھادىرلار، دىۋىلەر، پەرىلەر ئۆز لايىقلىرىدا جاي ئېلىشتى. ئاندىن قەھرىماننىڭ شەرىپى ئۈچۈن زىياپەت تارتىلدى. يارەنلەر خېلىدىن بىرى تۈزۈكرەك غىزالانمىغانىدى. ئۇلار غىزالىنىۋاتقاندا، گەردان كەشان تاشقىرىدىن كىرىپ:

— ئەي قەھرىمان، مۇرغ پەرمان كەلدى. ئۇنىڭ قانىتى تامامى لەشكەرلەرنى يېپىۋالدى، — دېدى. پالۋان ئاڭلاپ دەرھال تاشقىرىغا چىقتى. مۇرغ پەرمان ھاۋادىن يەر يۈزىگە چۈشتى ۋە قەھرىماننىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى:

— ئەي قەھرىمان پالۋىنىم، ماڭا ئىجازەت بەر، ئۆز ئاشىيانىمغا باراي. خالىغان ۋاقتىڭدا خىزمىتىڭگە كېلۇرمەن.

قەھرىماننىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇپ ئېيتتى:

— ئەي جاھاننىڭ قانىتى، ماڭا تۈگىمەس خىزمەتلەرنى قىلدىڭ، خۇدا ساڭا يار بولسۇن، بارغىن، مېنى ئۇنتۇپ قالمىغايسەن. مەن يەنە قېشىڭغا بارىمەن !

مۇرغ پەرمان قەھرىماننىڭ رىزالىقى بىلەن خوشلىشىپ پەرۋاز قىلدى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان ئادەمزات دۇنياسىغا قايتىش ئۈچۈن بۇ يەردىكى دىۋە - پەرى، يارەنلەردىن ئۆزرە سوراپ، مېھمانى ئېلىپ. تاڭ ئېتىشى بىلەن گۈلىستانى باغى ئېرەمگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار قەلئەگە يېقىنلاشتى، قەلئەنىڭ ئى-

چىدە تۇرۇۋاتقان ئون مىڭچە پەرى قەھرىماننىڭ ئالدىغا چىقىشتى. قەلئە خەلقى قەھرىماننىڭ سەلتەنەتلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى ۋە قەھرىماننىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى چاچتى.

ئۇلار بىر ئالىي سارايغا چۈشۈپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، قەھرىمان گەردان كەشانغا:

— ئەي ھەمراھىم، سەن پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ ئالدىغا بارساڭ، ئۇلارغا خەۋەر بەرسەڭ، — دېدى. گەردان كەشان قەھرىماننىڭ بۇيرۇقىغا رازى بولدى. قەھرىمان سەھمانغا قاراپ:

— ئەي يارۇ ۋاپادارىم، گەردان كەشانىمىزنى ھىندىستانغا سەن ئېلىپ بارساڭ، — دېدى. سەھمان رازىلىق بىرىپ ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، گەردان كەشاننى كۆتۈرۈپ ھىندىستان يولىغا راۋان بولدى.

ئۇلار پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشتى. گەردان كەشان:

— ئەي سەھمان، دەرھال ئادەم سۈرىتىگە كىرگىن، — دېگەندى، سەھمان دەرھال ناھايىتى خۇش پىچىم بىر يىگىت بولدى. ئۇلار ئاخىر پادىشاھ ھۆشەڭنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ھۆشەڭ شاھ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ تولا بەك شادىمان بولۇپ كەتتى. پادىشاھ خۇشاللىقىدا ئۇستىدىكى لىباسلىرىنى سۆيۈنچە قىلىپ بىرىۋەتتى. گەردان كەشان پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئەھلى دىۋانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇلارغا ئىنتىزارلىق بىلدۈردى. گەردان كەشان بىلەن سەھمان پادىشاھقا ئېگىلىپ سالام بەردى. پادىشاھ سەھمانغا نەزەر سالغاچ، گەردان كەشاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي تاج زىننىتىم، قەھرىماندىن نېمە خەۋەرلەرنى

ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. گەردان كەشان ئېيتتى:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھى دەۋرانى، قەھرىمان ساق - سالامەتتۇر. ھەر دائىم ئۆزلىرىنى ياد قىلىپ تۇردى. مەن ھەممە خەۋەرنى بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلىمەن، — دېدى. پادىشاھنىڭ دىلى يايراپ، بۇ ئىككىسىگە بىسيار ئىنئاملارنى بەردى. ئاندىن پادىشاھ گەردان كەشاندىن يەنە سورىدى:

— قەھرىمان قاچان كېلۇر؟

گەردان كەشان ئېيتتى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارىمەن، ئاندىن كېلۇر.

پادىشاھ كەشاندىن يەنە ئىتتىك سورىدى:

— ئەي ھەييار، بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟

— بۇ، — دېدى كەشان سەھماننى تونۇشتۇرۇپ، — كەيومەرس بەند قىلغان ئون ئىككى دېۋىنىڭ بىرى. قەھرىماننى كۆھى بەلۇر ئەزىمدىن مانا مۇشۇ ئەزىمەت سالامەت ئۆتكۈزگەن. بۇ ئىش بۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. سەھمان يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرەلەيدۇ، يەتمىش خىل زەباندا سۆزلىيەلەيدۇ. بۇلارنىڭ ماكانى تا ھازىرغىچە يەرنىڭ ئاستىدا ئىدى. قەھرىمان دۇخمەن شاھنى ھالاك قىلىپ، شەئبان دېۋنى يوقىتىپ، ئۇلارنى ئازاد قىلىپ يورۇق ئالەمگە ئېلىپ چىققان.

پادىشاھ بۇ خاسىيەتلەرنى ئاڭلاپ سەھمانغا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈردى ۋە دەرھال:

— سەھمانغا كۆرسى قويۇڭلار ! — دېدى. سەھمان پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام ئادا قىلدى. پادىشاھ باشلىق جىمى يارەنلەر قەھرىمانغا سالام يوللاپ، گەردان كەشاننى يولغا سالدى. سەھماننىڭ قەددى يەتمىش بەش گەز ھالەتكە

كىرىپ پەرۋاز قىلدى. سەھماننىڭ پەرۋاز قىلغان قاناتلىرى پادىشاھنى ھەيران قالدۇردى. پادىشاھ ئۇلار تاكى كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى.

ئەلقىسسە: سەھمان بىلەن گەردان كەشان ئۇچا، ئۇچا ئاخىر گۈلىستانى باغى ئىرەمگە يېتىپ كەلدى. قەھرىمان ئۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. گەردان كەشان پادىشاھ ھۇشەڭدىن ئەكەلگەن نامەنى قەھرىماننىڭ ئالدىغا قويدى. قەھرىمان نامەنى ئوقۇپ، شەھبال شاھتىن قايتىش توغرىسىدا ئىجازەت سورىدى. شەھبال شاھ رازىلىق بەردى.

ئەلقىسسە: دىۋە ــ پەرىلەر قەھرىمانغا، سەرۋى خىرامانغا، شەھبال شاھقا، راي ھىندىغا ئاتاپ تۆت تەخت ۋە چېدىر ــ بارگاھ تەييارلىدى. يەتمىش مىڭ دىۋە ــ پەرىلەر خەزىنە ماللىرىنى كۆتۈرمەككە تەيىن بولدى. شۇ ئەسنادا كۈھى بەلۇر ئەزىم تەرەپتىن بىرنەرسە پەرۋاز قىلىپ كېلىپ، بارگاھقا يېقىن كەلدى. ئۇ مۇرغ پەرمان ئىدى. مۇرغ پەرمان سەھماندىن سورىدى:

— ئەي سەھمان، مۇنچە دىۋىلەر نېمىشقا جەم بولدى؟

سەھمان ئېيتتى:

— ئەي مۇرغ پەرمان، قەھرىمان ھىندىستانغا بېرىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇنىڭ كۆزى سەندە قالدى.

مۇرغ پەرمان ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە دەرھال قەھرىماننىڭ قېشىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن تۇردى. قەھرىمان ئۇنىڭغا كۆپ دوستانىلىك بىلدۇردى، ئاندىن: «كۆچۈڭلار !» دەپ پەرمان بەردى.

ئەلقىسسە: گۈلىستانى باغى ئىرەم خەلقى قەھرىماننىڭ ئاياغلىرىنى ئۆپۈپ، ئايرىلغىنىغا ئىريان ۋە نالەن بولۇپ يىغلاشتى، ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن

مەدھىيە ئوقۇشتى. قەھرىمانمۇ ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىپ خوشلىشىپ، مۇرغ پەرمانغا مىندى. تەبىل ئۇرۇپ، ئون يەتتە مىڭ دىۋە ـ پەرىلەر بەھەيۋەت شان بىلەن كۆتۈرۈلۈپ پەرۋاز قىلدى. گوياكى ئالەم كېچە ـ زۇلمەت بولدى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۈچ كۈندە دەريايى مۇھىتنىڭ ئۈستىگە كېلىشتى. قەھرىمان دەريايى مۇھىتقا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا قەھرىماننىڭ قۇلىقىغا بىر ئاجايىپ ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قەھرىمان مۇرغ پەرماندىن:

— بۇ نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سورىدى. مۇرغ پەرمان:

— بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىدىن چىققان شامالدۇر، — دېدى ۋە يەنىمۇ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ كۆھى ھاۋاغا يېقىنلىدى. قەھرىمان ئاسماندا ئاينىڭ تۇۋۇرۇكسىز تۇرغانلىقىنى كۆردى. قەھرىمان مۇرغ پەرماندىن يەنە سورىدى:

— ئەي مۇرغ پەرمان، بۇ دائىرە ئاسمان تاناپسىزكەنغۇ؟

— ئەي قەھرىمان، بۇ ئۆزى كۆھىقاپتۇر. مۇندىن باشقا يەنە ئالتىسى بار، ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا بىر دەريا بار، بۇ كۆھلارنىڭ ئارىسىدا مەخلۇقاتلار ناھايىتى كۆپ، — دېدى مۇرغ پەرمان. قەھرىمان:

— سەن بۇنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. مۇرغ پەرمان ئېيتتىكى:

— ئەي ساھىبقىران، مەنمۇ ئاڭلىغان، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى شامال ئۇچۇرۇپ ئالەمنى سەككىز مىڭ رەت ئايلاندۇرغان. ئۇ ئاللانىڭ قۇدرىتىنى كۆرگەن ۋە كۆھىقاپنى سەيلە قىلغان.

ئەلقىسسە: قەھرىمان تىلسىم دۇنيانى ئەنە شۇنداق سەيلە قىلىپ، روئى مەسكۈنغا يېتىپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاستا ـ ئاستا خۇش ھاۋالىق بىر يەرگە چۈشۈپ

توپلىشىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى بەرپا قىلىشتى.

بۇ خەۋەر پادىشاھ ھۇشەڭگە يەتتى. پادىشاھ ھۇشەڭ جىمى تەرەپلەرگە خەۋەر قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئالاھىدە چېدىر ـ بارگاھ تىكىپ تەييارلىدى. ھۇشەڭ شاھنىڭ كۆزى قەھرىماننىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولدى. شۇ چاغدا گەردان كەشان ھۇشەڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

ــ ئەي پادىشاھىم، پالۋانىڭ ئەركانى دۆلەت بىلەن ساق ـ سالامەت كەلدى. ماڭا سۆيۈنچە بەر، ــ دېدى. پادىشاھ تولا شادىمان بولۇپ، گەردان كەشانغا نەچچە شەھەرنى ئىنئام قىلدى. پادىشاھ:

ــ پادىشاھلار ئۈچۈن ئوتتۇز تۆت تەخت، شاھزادىلەر ئۈچۈن تۆت مىڭ تەختىراۋان، پالۋانلارغا، ئۇمرالارغا، ھەييارلارغا مىنىدىغان ئۇلاغ ـ ياراغ تەييارلاڭلار. ئۇلار قەھرىماننىڭ ئالدىغا چىقسۇن! ــ دەپ ئەمر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ۋە يەنە نەچچە ئون مىڭ ھىندىستان قىز ـ ئاياللىرى جاۋاھىرلارغا پۈركىنىپ قەھرىماننىڭ ئالدىغا چىقىشتى.

قەھرىمان ئالتە ئاياغلىق ئاجايىپقا مىنىپ كېلىۋاتاتتى، قەھتىران ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بەھرام سول تەرىپىدە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا شەھبال شاھ ئۆز يارەنلىرى بىلەن، راي ھىندى پادىشاھ ۋە سەرۋى خىرامان، ئۇنىڭ كەينىدە بىقىياس دىۋە ـ پەرىلەر كېلىۋاتاتتى. گەردان كەشان قەھرىماننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلاپ ماڭدى.

ئەلقىسسە: قەھرىمان پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئوردىسىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە سۆيۈنۈش ئىپادىلىدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئالىي ئېھ-

تىرام بىلەن پادىشاھقا سالام بەجا قىلدى. پادىشاھ ھۇشەڭ قەھرىماننى كۆرۈپ تەختتىن چۈشۈپ، پىيادە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قەھرىمان پادىشاھقا ئەڭ ئالىي ئېتىقاد ۋە ساداقەتتى بىلەن تەزىم قىلدى. پادىشاھ قەھرىماننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەشەككۇر بىلدۈردى، ئاندىن قالغانلارنىڭ ھەربىرىگە لايىق ئىززەت بىلدۈرۈپ ئۆتتى. شەھبال شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇشەڭ شاھنىڭ ھىممىتىگە بارىكاللا بىلدۈرۈپ، گۈلىستانى باغى ئېرەمدىن ئەكەلگەن جۈملە تارتۇق، خەزىنە ۋە سوۋغاتلارنى شاھنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى ۋە:

— ئۇلۇغ پادىشاھىمىز ئالەم، بىز غۇلاملىرى بالاغا مۇپتىلا ئىدۇق، تىرىكلىكتىن ئۈمىد يوق ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ ھىممىتى ۋە قەھرىماننىڭ شاپائىتى بىلەن غەمدىن خالاس بولدۇق، — دەپ يەنە بىر رەت رەھمەت ئېيتتى.

ئارىدا كاتتا داستىخان سېلىنىپ، تائام تارتىلدى. ھەممە شاد – خۇراملىققا غەرق بولدى. بۇ ئەسنادا قەھرىمان گەردانى كەشاننى چاقىرىپ: «مۇرغ پەرمانغا ياخشى قارا» دەپ تاپىلاپ تۇراتتى، مۇرغ نامايان بولدى. ھەممەيلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپ: «مەرھابا !» دېيىشتى. قەھرىمان مۇرغ پەرمانغا خۇش ئىلتىپات كۆرسەتتى. مۇرغ پەرمان پادىشاھقا يېقىن كېلىپ:

— سالام، ئەي پادىشاھى جاھان، شارابەت ساھىبقىران، ئۆزلىرىدەك پادىشاھى بۈيۈكنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. تۆھپەمنىڭ ئازلىقى ئۈچۈن ئالدىلىرىدا خىجىلمەن، — دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران بولدى ۋە ئېيتتى:

— ئەي شاھى مۇرغ، مېنىڭ قەھرىمانىمغا ئۇنتۇلماس ياردەم بەردىڭ، بۇنىڭدىن ئارتۇق تۆھپە بولماس.

مۇرغ پەرمان پادىشاھنىڭ ھەممىتى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى، ئاندىن جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. تىللا تاۋاقلاردا غىزايى ئالىي كەلتۈرۈلدى. ھەممەيلەن يەنە خۇشاللىققا چۆمدى، ئەمما شۇ چاغدا پادىشاھ ھۇشەڭ كۆڭلىدە، ئەمدى ھېچ يەردە دۈشمەن قالمىدى، دۆلەت قىيامىغا يەتتى، ئەمما ئۆمرۈم زاۋالغا ھەم يېقىنلاشتى، دەپ ئويلىدى.

ئەلقىسسە: ئەتىسى پادىشاھ ھۇشەڭ سەرۋى خىرامانىنى قەھرىمانغا تويلاپ قويۇش ھەققىدە پەرمان بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان قائىدىسىچە سەرۋى خىرامان بىلەن قەھرىمانىنىڭ ئەھدە نىكاھى باغلاندى. ئاندىن پادىشاھ شەھبال تەزىمدە تۇرۇپ ئىجازەت تىلىدى، پادىشاھ ھۇشەڭ شەھبال بىلەن قەمەررۇخقا ئىجازەت بەردى. ئۇلار ئۆز ۋىلايەتلىرىگە يول ئالدى. ئاندىن مۇرغ پەرمان ھەمدە باشقا شاھلارمۇ پادىشاھ ھۇشەڭنىڭ ئەمرى بىلەن ئىنئام ـ تارتۇقلار ئېلىپ، ئۆز شەھەر ـ ۋىلايەتلىرىگە قايتماقچى بولدى. بۇ چاغدا ھۇشەڭ ئېيتتى:

— ئەي پادىشاھلار، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراڭلار. ئاللانىڭ قەھرىدىن ھەر ۋاقىت ئاگاھ، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇڭلار، — پادىشاھ قەھرىمانغا قاراپ ئېيتتى، — كۆڭلۈمدە ھېچ دۈشمەن قالمىدى. يەتمىش ئىككى يىلدىن بېرى يارەنلەر مەن ئۈچۈن مىسلىسىز جاپالارنى تارتتى. ئەمدى ئىجازەتكى، خالىغانلار ئۆز جاي، ئۆز ۋەتەنلىرىگە بېرىپ ئارام ئالسۇن. مەن ئەمدى ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەپ، ياخشى ـ يامان كارلىرىمنى تەرتىپلەپ، سەۋەنلىرىمنى تونۇپ، ئۆزۈمگە ئىنساپ ۋە دىيانەت تىلەيمەن. قالغان ئۆمرۈمنى ئاتا ـ ئانام، بالا ـ ئەھلىلىرىم ئۈچۈن ئۆتكۈزىمەن. ماڭا ئاخىرەت تەييارلىقى كېرەك. ئەمدى پادىشاھلىق باقىيسى ساڭا بولسۇن!

ئەلقىسسە: پادىشاھ ھۇشەڭ قەھرىمانىنى ئۆزىنىڭ تەختىگە



ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھلىقى-
نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى ۋە جۇملە جانلىقلارغا
ۋىدالىشىش ئىشى بەردى. پادىشاھ ھۆشەڭ كۈنلەردىن بىر كۈ-
نى ئىنتايىن خالىس ھالدا يۇرتى تۇرانغا راۋان بولدى. ھۆ-
شەڭ شاھ ھىندىستاندىن تۇرانغا قاراپ ماڭغان چاغدا، مۇتى-
ۋەججىھ خانلىق تەمەسى بىلەن تۇرانغا كەلدى. ھۆشەڭ شاھ-
نىڭ ئاتىسى تەماران شەھىرىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ،
مىسلى بوراندەك جەڭ ئېلىپ باردى. تەماران جەڭدە شىكەستە
يېدى. بۇ خەۋەر ھۆشەڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، لەشكەر ئۇيۇش-
تۇرۇپ مۇتىۋەججىھ خاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى. شۇ
قەدەر ھېسابسىز جەڭ بولدى. ئاخىر شۇ جەڭ بىلەن ھۆشەڭ
شاھنىڭ ئۆمرى تامام بولدى، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMTU4MzAuemlw",
  "filename_decoded": "40315830.zip",
  "filesize": 43722878,
  "md5": "99da747f02652a602a0eb92ab0fdd65a",
  "header_md5": "56ed696747c5e45da81d25e5d6b12c2a",
  "sha1": "df4e31cbc10daa64d71560a1d39cf4506e6c9573",
  "sha256": "046d3f535bb6d029b3aeda6c03df484fcb97981284f0fb6d1ec96057e4b3f500",
  "crc32": 3830183726,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 46661672,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2563\u2569\u2569\u252c 1 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40315830",
  "pdg_main_pages_found": 361,
  "pdg_main_pages_max": 361,
  "total_pages": 367,
  "total_pixels": 1459028942,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}